مۇھەممەتئېلى ھېلىم

# قانلىق ئىز

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئاپتوردىن

ئىنسانىيەت تارىخىنى ئاختۇرساق ئازادلىق، باراۋەرلىك ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاچچىق ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان جەڭگاھلارغا ئېتىپ قانغا بويالغان ۋە ئاداققى تىنىقلىرىدا پۈتۈن قۇدرىتىنى يىغىپ، «ھۆررا» توۋلاپ دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتقان تالاي شىر يۈرەك قەھرىمانلارنى ئۇچرىتالايمىز. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق قىسسىلىرى تارىختىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ھەر بىر ئىنساننىڭ روھىي مەدەتكارى بولۇپ كەلمەكتە.

ئازادلىق ئۈچۈن ئۆلۈمنى مەنسىتمەي، ئادالەت قىلىچلىرىدا سايرام بويلىرىنى قانغا بويىغان يۇرتۇم تۇپرىقىدىن كۆكلەپ چىققان باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ ھېكايىلىرى كۆپتىن بېرى قەلبىمدە گاھ مۇسىبەت يىغىسىنى قاينىتىپ، گاھ مۇھەببەت تاشقىنلىتىپ كەلدى ھەم باغرىمنى خۇن قىلغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر مېنى بىرەر چوڭراق ئەسەر يېزىشقا قىستىدى. شۇ سەۋەبتىن پاك روھىم بىلەن بۇ نازۇك، زىل تېمىنى يورۇتۇشقا نىيەت قىلدىم.

جىددىي زىيارەت قىلىش — ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن قاترىغانلىرىمدا ئاشۇ قارا يىللاردا ئەرك بايرىقىنى لەپىلدەتكەن پېشقەدەم جەڭچىلەر خاتىرىلىرىنى ئاختۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ياش، ياق، قان تۆكۈپ ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىرىدە بەدەنلىرىم توخۇ ئەت بولۇپ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىم ئاچچىق ئېچىشتى، ئېيتىپ بولماس ئازابلىق



图书在版编目(CIP)数据

血迹/买买提力·依力木著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.1
ISBN 7-228-09323-2

Ⅰ.血… Ⅱ.买… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 010720 号

责任编辑：艾则孜·吐尔迪
责任校对：阿依古丽·沙比提

血迹(维吾尔文)
买买提力·依力木 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
安萨尔排版中心排版
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.75 印张 6 插页
2005 年 1 月第 1 版 2005 年 1 月第 1 次印刷
印数:1—4000

ISBN7-228-09323-2 定价：21.00 元

سۇكۇتلەرگە بۆلىنىدىم. . .

تارىخ قان بىلەن يارىتىلىپ، قان بىلەن يېزىلىدۇ. ئۆز تارىخىنى قانداق يېزىش ھەربىر مىللەتنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىرادىسىگە باغلىق. تارىختىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنى تونۇش ھەربىر ياشنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى. شۇڭا، مەن ئىبرەت ھەقىقەتلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش، باتۇرلار شەجەرىسىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتمەسلىك ۋە ۋەتەن، مىللەت ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلماسلىق ئۈچۈن، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەگەر قەلەم ئىگىسى تۇرۇپ، بۇنى يېزىشتىن بويۇن تولغىسام ئازادلىق ئۈچۈن قان تۆككەن ئەرك سۆيەر جەڭچىلەرنىڭ روھى قورۇنۇپ، گۆرىدە تىك ئولتۇرىدىغاندەك ۋەھىمىلىك خىياللار مېنى ئۆزىگە يەم قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. . . دەرھەقىقەت، ئۇلارنىڭ باسقان قانلىق ئىزلىرى شۇنداقلا كۆمۈلۈپ كەتمەيدۇ! ئۇلارنى خەلق ھامان ئەسلەپ تۇرىدۇ.

مەزكۇر رومانىنى «قانغا بويالغان سايرام» ناملىق رومانىدىكى بەزىبىر ئىگىدارچىلىق داۋاسى بولغان ماتېرىياللار چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى قېپقالغان ماتېرىياللىرىم، يېڭىدىن توپلىغان تارىخي قىممىتى يۇقىرى، مەزمۇنى مول تارىخي ماتېرىياللار ۋە شامالخان ھەققىدىكى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «ئەۋلىيا» ناملىق ھېكايەمنى ئاساسي مەنبە قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى تارىخي رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا يېزىپ چىقتىم. ئەسەرگە «ئەۋلىيا» ناملىق ھېكايىنى كىرگۈزۈشىمدىكى سەۋەب: شامالخان ئوبرازىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كىچىكىمدىن تارتىپ شامالخان ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭ ئوبرازى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا



سىڭىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يۈرىكىمدە ھەر زامان مۇھەببەت تاشقىنلايدۇ، ئۇ ھەقتە قانچە كۆپ قەلەم تەۋرەتكەنسېرىم قەلبىم شۇنچە نۇرلىنىدۇ، روھىم شۇنچە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ چېكىسىگە گۈل قىسىپ، توپىلىق يولدا ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغان كۆرۈنۈشى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. . .

مەزكۇر رومانىمنى روياپقا چىقىرىشتا مېنى يازما ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئەخمەت تۇردىيوف، نۇرمۇھەممەت توختى ئاكىلارغا، ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن مۇھەممەت قارى ھاجىم، مۇھەممەت، ياسىن سابىر، ئابدۇقادىر، ئەبەيدۇللا، ئىسمائىل، ئابدۇرېھىم مۇجاڭ، ئىمامھەسەن، سادىق. . . ئاكىلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى مەن ئەسلىمىلىرىدىن پايدىلانغان مۇئەللىپلەرگىمۇ كۆپتىن - كۆپ رەھمىتىمنى ئىزھار قىلىمەن. چۈنكى بۇلار ۋ. گ. ياننىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بويىچە ئىش تۇتتى: «ئەگەر كىشى ۋولقان ئېتىلىپ ئۆز يېزىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى، مەزلۇم خەلقنىڭ زوراۋان ھاكىمغا قارشى قوزغىلىڭىنى ياكى نامەلۇم ۋە باشباشتاق خەلقنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كىرىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى كۆرسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەردە ئۇ ھېكايە سۆزلەرنى قەلەم ئۇچى بىلەن تىزىش سەنئىتىدىن خەۋەرسىز بولسا، ئۆز ئەستىلىكلىرىنى تەجرىبىلىك بىر قەلەمكەشكە سۆزلەپ بېرىشى كېرەك، قەلەمكەش بۇنى ياخشى قەغەزگە يېزىپ، نەۋرە - چەۋرىلىرىگە قالدۇرسۇن.» ۋ. گ. ياننىڭ بۇنىڭغا ئۇلاپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىگە يات:

«ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۆرۈقلۇق بۇ ھەقتە سىر ساقلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشى، ئۆلۈمنىڭ سوغ قوللىرى بېشىغا تېگىپ تۇرغان ھالىتىدە خۇددى قىممەتلىك بۇيۇمنى چاپانغا ئوراپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بېخىل ئادەمگە ئوخشايدۇ.»

بۇ ئەسىرىم خەلقىمنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا بىر تامچە سۇنىڭ رولىنى ئوينالىسا، تارتقان مۇشەققەتلىرىم ئارماندا ئۆكسۈپ قالماس، قەلبىم بەختتىن نۇر ئىمەر دەيمەن...

مەزكۇر رومانىمنى خاتالىقلاردىن مۇستەسنا دېيەلمەيمەن. ئۆتكۈر ئەپەندى ئېيتقاندەك: «كەم يېرىنى كېيىنكىلەر تولدۇرار، خاتاسىنى كۆپچىلىك تۈزىتەر.»

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1
بىرىنچى باب ئۇيقۇدىكى زېمىن ........ 5
ئىككىنچى باب قانسىرىغان تۇپراق ........ 32
ئۈچىنچى باب ئاي تۇتۇلدى ........ 57
تۆتىنچى باب خەيرلىك كېچە ........ 71
بەشىنچى باب ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك ........ 83
ئالتىنچى باب ئېتىقاد ئۈچۈن ........ 112
يەتتىنچى باب قېنىشمىغان يۈرەكلەر ........ 138
سەككىزىنچى باب بەخت چاقىرىدۇ ........ 162
توققۇزىنچى باب قاغىنىڭ كۆڭلىمۇ قارا ........ 174
ئونىنچى باب يورۇغان ئەقىل ........ 195
ئون بىرىنچى باب قايدىسەن باھار ........ 205
ئون ئىككىنچى باب ئىبلىس تىپىرلايدۇ ........ 222
ئون ئۈچىنچى باب تاڭ ئالدىرىتىدۇ ........ 246
ئون تۆتىنچى باب ئېغىر تىنىقلار ........ 258
ئون بەشىنچى باب ھايات سىنىقى ........ 289
ئون ئالتىنچى باب غەشلىك ۋە غېرىبلىق ........ 302
ئون يەتتىنچى باب تەشنا قەلب ........ 339
ئون سەككىزىنچى باب جەڭگاھتىكى قىيامەت ........ 353
ئون توققۇزىنچى باب ىندالىق ئارمانلار ........ 392
خاتىمە ........................ 397

# مۇقەددىمە

*سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك دەردىڭ تولا،*
*داۋالغۇيسەن، ساھىللاردىن تاشالمايسەن.*
*ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار،*
*ئۇمتۇلىسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.*

*— مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى*

بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا يورۇق بىر تاڭ ئۈچۈن قان تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىغانلارمۇ، ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغانلارمۇ بولغان، تارىخ بۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. ئانا زېمىننىڭ ھەر سىقىم تۇپراقلىرىدا ئۇلارنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى ۋە يارقىن ئىزلىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى ئەسىرلەر قوينىدا مەڭگۈ تاشلاردەك ئەبەدىي يالتىراپ تۇرىدۇ.

قەدىمىي ئىزلارنىڭ جانلىق شاھىتى بولغان بۇ ئانا زېمىن ئۆزى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن، ئۆزى ئۈچۈن قان تۆككەن باھادىر ئوغلانلىرىنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ.

تارىخ ئادالەت ۋە ھۆرلۈكنىڭ قۇربانى بولغانلارنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە مەڭگۈ يالتىرىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرىدىن، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن، شېرىن سۆزلۈك ياردىن. . . ئايرىلىپ ۋەتەن خەلق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلغۇچىلار ئەمەسمۇ؟! . . . بۇلارنى

ئۇنتۇشنى تارىخ خائىنلىق دەپ بىلىدۇ. نى - نى مەرد ئەزىمەتلىرىمىز، شىر يۈرەك ئوغلانلىرىمىز قەبرىسىز كەتكەن بولسىمۇ، تارىخ ئۇلارغا ئالتۇندىن يوپۇق يېپىپ، ئۆز قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويلىماي، خەلق ئازادلىقى، يورۇق تاڭ، يېڭى ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا، دۈشمەنلەرنىڭ پوتەي، ئاكوپلىرىغا ئاتقانلار ئىدى.

بۇلارنىڭ زەپەر ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ كېلىشلىرىنى ھەر نامىزىدا تىلەپ، كۈتۈپ تۇرغان قەدىردان ئاتا - ئانىلىرى، بالىلىرى، سۆيۈملۈك يارى، قوۋم - قېرىنداشلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇلارنىڭ يوللىرىغا زارىقىش ئىلكىدە قاراپ، كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولاتتى. ئۇلارغا خۇدادىن ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.

ئۇ نېمىدېگەن ۋەسۋەسىلىك قارا كۈنلەر، تاڭ ئاتماس تۈنلەر ئىدى - ھە. ئاھ، باھارغا چاڭقىغان يۈرەكلەر!

تاڭ تېخى ئاتمايۋاتاتتى. زىمىستان قىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، زېمىننى مۇزلاتقانىدى. مۇز قاتقان بىر دەريا ئاستىدا، شىلدىرلاپ ئاققان سۇلار مۇڭلۇق بىر كۈيدە باھارنى چىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈيىدىن زېمىندىكى ھەممە قايغۇ - ئازابلار تېمىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېكىلگەن يۈرىكى ئاخىر ناخشىسىنى ئۆزگەرتتى... مۇزلار غاراسلاپ يېرىلدى. ئانا دەريا شىددەت بىلەن مۇزلارنى قاياقلارغىدۇر ئېلىپ قاچتى. لەرزان شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتۈپ، باھاردىن شەپە بەردى. لېكىن، باھار كەلمەيۋاتاتتى. باھار ئۈچۈن قان - قان بولغان يۈرەكلەر تەشنالىقتا قاغجىرايتتى.

قاراڭغۇلۇق بارا - بارا تارىيىپ، سۈبھى ئۆز جامالىنى



كۆرسەتتى. لېكىن، قۇياش چىقمايۋاتاتتى. سۈبھىگە تەلمۈرگەن كۆزلەرنىڭ قۇياشنىڭ چىقىشىغا نىسبەتەن ئۈمىدى بار ئىدى. شۇ ئۈمىد ئۇلارغا قايتا جان ئاتا قىلىپ، سولغان، زەئىپ ۋۇجۇدىنى يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن ياشارتماقتا ئىدى.

زېمىن سىلكىندى! قارا بۇلۇتلار باسقان ئاسماننىڭ بىر تەرىپى سۇزۇلۇشكە باشلىدى.

مۇزلىغان تەنلەر، مۇزلىغان زېمىن، چېكىلگەن تاغلار، ئېغىر ھەسرەتلەردە ئېغىر ئاققان دەريا ئەمدى سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تونۇۋاتاتتى.

باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ھەممە يەرلەردە توپا توزۇتۇپ ئۆتۈۋاتاتتى.

چاقماق دەھشەتلىك چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى. زېمىن لەرزىگە كەلدى. مۈگدىگەن كۆزلەر چۆچۈپ ئويغىنىشتى. زېمىن مۈگدەك باسقان كۆزىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى.

شىر يۈرەك باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ئازادلىق يولىدا ئويناتقان قىلىچلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققانىيەت تايىقى نىل دەرياسىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەندەك دۈشمەن توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى سايرام كۆلىنى لەيلىنىڭ پاك قول ياغلىقى مەجنۇننىڭ چىن مۇھەببەت سۈيىدە سۇغىرىلغان قېنىدا بويالغاندەك بويىلىپ ئالتۇندەك يالتىراپ، ئۆلمەس بىر ھەقىقەتنى چاقنىتاتتى. جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئەمدىلەتىن ھېس قىلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان تاشقىنلاپ، كۆزلىرىنى بەختىيار بىر تۇرمۇش چاقنىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە رازى.

ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزلىرى ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى ئىدى.

خورلۇققا تولغان مۇدھىش بىر ھايات ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇلار ئەۋلادلارنىڭ بويۇن قىسىپ يۈرۈشلىرىنى، يېتىملىك ئاسارىتىدە زار - زار يىغلاشلىرىنى، ئۆزلىرى تارتقان كۈلپەتلەرنى تارتىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتىغا كىرگەن تىكەن يۈرىكىگە سانجىلغان تىكەن بىلەن باراۋەر. ئۇلار ئۈچۈن بۇلار جانلىرىنى ئالقانغا ئېلىپ، باشلىرىنى قولتۇقىغا قىسىشىپ، سايرامنى قانغا بويىماقتا. . . قۇياش، ئاھ قۇياش نۇرانە مېھرىڭ سايرام كۆلىگە ئالتۇن رەڭ بەرمەكتە. ئۆچمەس بىر ھەقىقەتنى ئۆتكۈر نۇرلىرىدا جۇلالاندۇرماقتا، ئاھ قان. . .

## بىرىنچى باب

# ئويغۇدىكى زېمىن

*ئويغۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر.*

*—— ئابدۇقادىر داموللا*

### 1

تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بۇ يېشىللىققا تولغان دىيارنى قېلىن توقايلىقلار، ئىپتىدائىي ئورمانلىقلار قاپلىغان بولۇپ، ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭدا ئەركىن يايرىشىپ يۈرىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، تولغىنىپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلار ۋە تەنگە شىپا ساپ ھاۋا ئادەمگە چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. شىمال تەرەپتە جۇڭغار ئالا تېغى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئېبىنۇر كۆلى بىلەن سايرام كۆلى ئارىسىدىكى بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە تولغان ماكاننى ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق ئۆيىگە ئايلاندۇرغانىدى. . . ئۇلار ئاساسەن تارقاق ھالدا چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار تەبىئەت بىلەن تەڭ نەپەسلىنەتتى. قۇشلارغا جور بولۇپ، ناخشا ئېيتاتتى. سۇلار ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان بىلەن بىللە ئاقاتتى. بىر تال گىياھنىڭ سولىشى ياكى دەرەخلەرگە ئۇرۇلغان بىر پالتا ئۇلارغا يەتكۈسىز ئازابلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار كۆكنى شۇنچىلىك ئۇلۇغ بىلىشەتتى

ئۈرخۇن ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق بىر مەھەل «بېشى بارلارنى باش ئەگدۇرۇپ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ»، «ئۈستىدىكى تەڭرى، ئاستىدىكى يەر - زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن» تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن شانلىق تارىخنى مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈپ قويدى.

ئۇلار جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۈيۈك خاندانلىقى پارچىلىنىپ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنلا، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ سەنئەتلىك شەجەرىسىنى، بىپايان گۈزەل زېمىنلىرىنى، باياشادلىق ئىچىدە ئۆتكەن، نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدىغان پەخىرلىنەرلىك كۈنلىرىنى مۇڭلىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى ھەم ئىچكى قىسمىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى...

شۇنداق، دۇنيا كۈچلۈكلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ياراتقان تارىخى كىمنىڭمۇ قەلبىدە چەكسىز سۆيۈنۈش قوزغىمىسۇن، ئەپسۇسكى قۇياشنىڭمۇ پاتىدىغان ۋاقتى بولغىنىغا ئوخشاش گۈللەنگەن خاندانلىقنىڭمۇ خارابلىشىدىغان چاغلىرى بولىدۇ.

ئات تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ سايرام بويلىرىغا كەلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى مەغرۇر تارتىشقان ھالدا بۇ گۈزەل زېمىنغا تويماي قاراشتى. ئۇلارنىڭ قەلبى يورۇپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىغا قېتىلىپ كەتتى ۋە پولات شەھەر بەرپا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار بۇ يەرنى «قوش سۇ» (ئىككى ئۆكۈز)[1] دەپ ئاتىشاتتى.

ئۇلار قان - تەر بەدىلىگە كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك پولات شەھىرىنى بەرپا قىلىپلا

① ئىككى ئۆكۈز — «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بورتالا شۇنداق ئاتالغان

قالماستىن، دىڭبالىق،[1] ئېبىنۇر كۆلى، قىزىل يار، ئارال توقاي كۆك دالا، باقىكۆك، توقماق... قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇچقۇر ئاتلىرىنى تىنىمسىز چاپتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى باسقان ئىزلىرىغا چېچىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنچىلىك پاراۋان ھەم قايناق ئىدى... ئەپسۇس، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قارا قۇيۇن شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ قارا قۇيۇن جۇڭغار ئىستېلاچىلىرى ئىدى. ئۇيغۇرلار «يۇرت قوغدىمىغان ئۆلەر» دېگەن ئەقىدە بىلەن ئارغىماقلىرى ئۈستىدە قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، قالقانلىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن زور قوشۇن ئالدىدا شىمالغا چېكىنمەكتىن بۆلەك ئامال تاپالمىدى.

قان - تەر بىلەن تىكلەنگەن پولات شەھىرى[2] قانغا بويىلىپ، جەسەتلەر بىلەن تولدى. قارا ئىس - تۈتەك ئىچىدە خارابىلىككە ئايلانغان ئۆي - ئىمارەتلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر پاجىئەلىك مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى. «قوش ئۆكۈز» نىڭ بىر مەھەل نۇرلانغان مەدەنىيىتى خارابلىشىپ، ئاۋاتلاشقان كوچىلىرىنى غېرىبلىق باستى. پولات شەھىرىدە ئىسلاشقان تاملاردىن بۆلەك نەرسىلەر كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇ يۈرەكنى لەختە قان قىلىدىغان ئېچىنىشلىق پاجىئە ئاۋامنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ھېسلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئىستېلاچىلارغا بولغان نەپرىتىنى ئۇرغۇتتى.

جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. خەلقى ھەر تەرەپكە توزۇپ كەتكەن «قوش ئۆكۈز» ئادىمىزاتسىز جايغا ئايلىنىپ،

① دىڭبالىق — جىڭ
② پولات شەھىرى — بورتالانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نامى

غېرىبلىق ئىچىدە قالدى. گۈزەل شەھەرنى ياۋا ئوتلار باستى. چەكسىز كەتكەن يايلاقلارغا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى قايتىدىن چۈشتى. سۇلار ئۆز ئەركى بويىچە ئاقتى.

تەبىئىي ئورمانلىق، رىۋايەتتىكىدەك بىر دۇنيا يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. بۇ يەر ئادەمگە قويۇق ئەپسانىۋى تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ، دىللاردا ئېيتقۇسىز بىر خىل سۆيگۈ ئويغاتتى...

كېيىن قېلىن توقايلىقلارنىڭ ئارىسىدىن كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئۇچۇپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى...

## 2

بىر ئەسىرگە يېقىن ئادىمىزاتسىز قالغان پولات شەھىرىنىڭ زېمىنىغا 1840 - يىلى ياز پەسلىدە ئادەملەرنىڭ ئىزى قايتىدىن چۈشتى. ئۇلار رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەندەك بۇ گۈزەل زېمىننى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ قالدى ھەم بۇ يەرنى ئەبەدىيلىك ماكان ئېتىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكتى. ئاق يەرلەر چىغلىق بولۇپ، شۇنچىلىك مۇنبەت ئىدى.

— قاسماخۇن، بىز چۆچەككە بېرىشنى قويۇپ، مۇشۇ يەرنى ماكان ئېتەيلى.

— ئەقلىم ھەيران، ئېلىۋاي، بۇ بىر جەننەتكەن، بۇنى تاشلاپ كېتەمدىغان، قارا ئاۋۇ سۇلارغا... ھەي مۇسا ئاغزىڭنى ئېچىپلا تۇرسەنغۇ؟ بىز ۋاقتىنچە ئاۋۇ سۆكسۆك ئاستىنى ئۆي قىلساقمۇ بولغۇدەك...

— نېمىدېگەن يوغان سۆكسۆك... نېمىدېگەن گۈزەل جاي، — دېدى باياتىندىن بېرى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالغان مۇسا زۇۋانغا كېلىپ.



— بىز بۇ يەرنى كۈچ ۋە ئەقلىمىزگە تايىنىپ ھەممە تاڭ قالغۇدەك تېخىمۇ گۈزەل بىر ماكانغا ئايلاندۇرايلى، — دېدى قاسماخۇن چوڭقۇر تىنىپ.

— توغرا دېدىڭ، ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن سۆيۈنگىدەك بىر ئىشنى قىلايلى، — دېدى ئېلىۋاي ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي.

— بىز ئىلىدا قالغان بۇرادەرلىرىمىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەيلى، — دېدى مۇسا خوتۇنى ھەمىدىخانغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

بۇلار ئاتا - بوۋىلىرى قان - تەر بەدىلىگە بەرپا قىلغان پولات شەھىرىنىڭ ئىزنالىرىنى تېخى كۆرمىگەنىدى.

كېيىنچە ئائىلىلىكلەر بارغانچە كۆپەيدى. يارتۇغان ئۆستىڭى چېپىلىپ، دېھقانچىلىق تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. قۇرغۇچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان تۈگمەنلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. تەبىئىيلا شەكىللەنگەن بازارنىڭ ئۇزۇن كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سودا دۇكانلىرىدىن چىققان خېرىدار چاقىرغاندىكى ئاۋازلار ئاجايىپ قايناق ھەم بەختىيار ھاياتنى نامايان قىلاتتى. شەھەرگە ئۆزگىچە رەڭ بېرىپ تۇرغان بوستان مەھەللە، سۇرۇن مەھەللە، ئاياغ مەھەللە، كۆنچى مەھەللىلەر پاكىز ۋە ئازادە ئىدى. بۇ يەرلەردىن دائىم كىشىلەرنىڭ كۈلكىلىرى، بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باغلاردىكى مېۋىلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى، قاياقلاردىندۇر قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئۇچۇپ كېلەتتى. سۇلار كۇجۇم مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئېقىپ بېرىپ، غول ئۆستەڭلەرگە قۇيۇلاتتى.

بۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان تاش بۇلاق، تاپتىم بۇلاق، ئەۋلىيا بۇلاق، پەتتا موللام بۇلىقى، جىگدە بۇلاق، قومۇش بۇلاق... دېگەندەك بۇلاقلار ئۆزلىرىنىڭ ئابىھايات سۇلىرىنى چاچراتتى. غول ئېقىن بولغان قاراسۇ ئېتىزلارنىڭ

ئۆزگە ھاياتلىق تاپىدىغان بىردىنبىر مەنبەسىگە ئايلاندى.

كۆجۈم مەھەللىلەردىن ياڭرىغان كۆلكە ئاۋازلىرىغا ئېرىقلاردا تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلار جور بولسا، شامالخاننىڭ ناخشىلىرى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

يىراقتىن بۇ يۇرتقا كۆز تاشلىغان ھەربىر كىشى مۇنبەت زېمىندا يەلپۈنۈپ تۇرغان زىرائەتلەرگە ۋە بەخت نۇرىغا چۆمۈلگەن ئاۋامغا قاراپ ھەۋىسى قوزغالماي، كۆزىنى قىزارتماي قالمايتتى. بۇ شۇنداق ئاللانىڭ ساخاۋىتى ياغقان زېمىن ئىدى. شامالخان بۇ يۇرتنى مەدھىيىلەپ مۇنداق ناخشا ئوقۇيتتى:

يۇرتى يوقنىڭ يوقتۇر جېنى،
يۇرت گۈللىگەچ كۈلدى بەختىم.
كۈلسە بەختتىن ئەل، زېمىن،
دۇنيادا بولسۇن نە غېمىم.

ئۇنىڭ شادىمان ناخشىلىرى يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، قىزغىن بىر كەيپىياتنى ھاسىل قىلاتتى. ئورما مەزگىللىرىدە ئۇ ئېتىزنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىپ، قىز - چوكانلارغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ چاي تۇتۇپ كېتەتتى. گاھىدا بالىلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، ئايىغى چىقماس جەڭنامىلەرنى شاپاق دوپپىسىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ مۇڭلىنىپ ئېيتاتتى. شۇڭا، بالىلار ئۇنى كۆرسە، قىيا - چىيا قىلىشىپ، ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. ئاندا - ساندا مەھەللىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان يۇرت ئايرىشىپ چىققان ماجىرالار ئۇنى تېگى يوق ئازابلارغا مۇپتىلا قىلاتتى، ھەتتا ئۇ بىرنەچچە كۈنلەپ يوقاپ كېتەتتى. كېيىن ئاچچىقى يانغاندا

چوڭلىرىمۇ شامالخاننىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى ھەم شامالخاننىڭ بۇ يۇرتتىن ئايرىلماسلىقىنى ئاللادىن تىلەيتتى. شامالخان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك مۇقەددەس. . . قانداقلا بولمىسۇن، يۇرت ئەھلى يەنىلا ئۆم، ئىتتىپاق ئىدى. ئالاھىدە ئىشلارنى شەرىئەت مەھكىمىسى[1]، يۇرت ئاقساقىلى بىر تەرەپ قىلاتتى. خەلق يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىرىنى ئىختىيارىچە بېرىشەتتى. پاراۋان تۇرمۇش بۇ يۇرت خەلقىنى بىغەملەشتۈرۈپ «ھايات دېگەن مۇشۇنداقلا ئوڭچە بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن يەرگە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە موللا توختى ئىمام روزى ھاجىم سالدۇرغان مەسچىتتە ئىماملىق قىلغاچ ئۇنىڭ يېنىدا بىر سىنىپلىق دىنىي مەكتەپ ئاچتى. ئۇ سايرام ۋادىسىدا تۇنجى يانغان مەرىپەت ئوچىقى ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئورمانلىق ئارىسىغا سېلىنغان توپا تاملىق ئۆيدە ئاچچىق يىغىسى بىلەن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى تۆمۈر كۆسەي ئۇنىڭغا سوزۇپ ئەزان توۋلاپ «بارات» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنىڭ ئاۋازى كۆكتە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

تۇركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن سىدىق ئەپەندى موللا توختى ئىمامدىن مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى «تەلىمىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاپ، بىر مەھەل مەكتەپنى جانلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سىدىق ئەپەندى بىر كېچىدىلا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. مەكتەپ يەنىلا موللا توختى ئىمامغا قېلىپ، دىنىي دەرسلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى[2]. مەكتەپكە كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى بېرىش قىزغىنلىقى تولىمۇ سۇس ئىدى. مەكتەپ ئۇلارغا يات،

سوغۇق كۆرۈنەتتى...

يۇرت خەلقىنىڭ بېشىغا ئۇچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ مۆلدۈر ياغدۇرغاندەك، دەھشەتلىك بىر جۇت، بوران - چاپقۇندىن شەپە بېرىۋاتاتتى. لېكىن، خەلق ھەممىگە پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن بېقىپ، ئۆزلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرمەيتتى...

ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى ئەۋەتكەن جاڭ دارىنىنىڭ قانداقلارچە يۇرتنى ئىدارە قىلىۋالغانلىقىنى خەلق تۇيماي قالدى. دېھقانلارنىڭ ئېتىزىدىن ئالغان ئاشلىقلىرى ئۆيىدىكى ساڭلارغا ئەمەس، بەلكى دارىن ئورۇنلاشتۇرغان ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئاپىرىلىدىغان ۋە باج - سېلىقلار سېلىنىدىغان بولدى. باشتا ھەيران بولغان خەلق كېيىنچە بۇلارغا بۇ دۇنيانىڭ ئادىتىدەك كۆنۈپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن دەككىسىنى يېگەن ئاق ئورۇسلار بورتالانىڭ بوستان، قارىياغاچ مەھەللىلىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. سودىدا روناق تاپقان بايلار ئۇلارنى بېقىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. ئاق ئورۇسلار يەپ - ئىچىپ مەڭزىگە قان تەپكەندىن كېيىن، مال - چارۋىلارنى بۇلايدىغان، ھەتتا ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياڭ زىڭشىننىڭ بۇ ماكاننى ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللانغان يول قويۇش تەدبىرلىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئاق ئورۇسلارنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ۋەزىيەتكە چوڭ سىياسىي پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.①

شامالخاننىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، ناخشىلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت تامدۇردى:

---

① «بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن



تۇيماي قالدۇق ئالغاندا دارىن
ئاق ساقالنىڭ ئورۇن - ئىلكىنى.
ئاق ئورۇسلار بۇلىدى كېلىپ،
ئەل - ئاۋامنىڭ قولىدىكى ناننى.
كاككۇك، كاككۇك...

ئۇنىڭ ناخشىسى بىردىنلا تېخىمۇ ھەسرەتكە تولاتتى.

يامان كۆزدىن خالىي دەپتىمەن،
غەپلەت ئۇيقۇ ئەجەب يامانكەن.
تۇمار پۈتۈپ قويسامچۇ يۇرتقا،
كۆز تەگكەنگە نېمە داۋاكەن؟...
كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك؟...

ئاق ئورۇسلار بىر مەزگىل بۇ يەردە قۇتراپ يايراشقاندىن كېيىن، بۇ يەرمۇ ئۇلارغا دالدا بولالماي قالدى - دە، نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشتى. ئەمدى دارىن بۇ يۇرتقا زوقلىنىپ قاراۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق بۇ يەرگە نەزەر سالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى ھەم قويدەك ياۋاش خەلقتىن دىلى سۆيۈنۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى. كۆڭلىگە ئۆزىنى غەملەشنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشاشنىڭ پىلانىنى پۈكەتتى. «نادانىنى باشقۇرماق چىۋىن قورۇماقتىن ئاسان...» دەپ ئويلايتتى ئۇ يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈگەچ. ئۇنىڭ «شېرىن» خىياللىرىنىڭ ھېچ بىر چېكى يوق ئىدى...

«تەلىمىيە مەكتىپى» مەتمىنباي ھاجىمدەك بايلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بارا - بارا كېڭىيىۋاتقان ۋە يېڭىلىنىۋاتقان

بولسىمۇ، خەلق پەرۋانە بولۇپ ئۆزىنى ئۇرالمايتتى. بۇ مەكتەپ بىلەن تەڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان بارات بۇ مەكتەپنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى ئىلىم نۇرلىرىنى ئېمىشتىن مەھرۇم قېلىۋاتاتتى.

## 3

چەكسىز كەتكەن سالا - سالا ئېتىزلاردا تاختا بولغان بۇغدايلار يەلپۈنۈپ تۇراتتى. مېۋىلىك باغلاردىن تارىلىۋاتقان خۇش پۇراقلار ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. تولغىنىپ ئېقىۋاتقان سۇلار ئادەمنىڭ روھىنى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈپ قوياتتى.

ئېتىزلىقنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆستەڭ بويىدا بولۇق ئۆسكەن ئوتقا قوي، كالا، ئۆچكىلىرىنى قويۇۋېتىپ چېلىشىۋاتقان بالىلار ئارىسىدا بارات ھەممىنى يېڭىپ چىقىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بالىلاردىن بىرى:

— شامالخان كەلدى. . . — دەپ ۋارقىرىدى.

شامالخان بالىلار تەرەپكە ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى.

لەختە بولغان يۈرەكىمنى،
چۈشىنەرگە كىشى بارمۇ؟
ئۆز يۇرتۇمدا غېرىب بولدۇم،
قان گۆشۈمنى ئۆزۈم يەيمۇ؟
كاككۇك، كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك؟ . . .

شامالخاننىڭ روھى بۆلەكچىلا سولغۇن ئىدى. يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن بالىلار ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

— ماۋۇ بالىلارنى كۆرۈڭ. . . نىمە بولدى سىلەرگە. . . — شامالخان شۇنداق دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ قويىدى.



بۇ ئۇنىڭ بالىلارغا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

— بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە. . . يۈرۈڭ ئاۋۇ ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەت ئاستىغا بارايلى، بىز دەل - دەرەخلەرگە، گۈللەرگە تەگمەيمىز. . . — دېدى بارات شامالخاننىڭ پېشىنى تارتىپ.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭلار بولىدۇ. ياخشى ئادەم دېگەن دەل - دەرەخلەرگە، گۈل - گىياھلارغا، ئۇچار - جانىۋارلارغا ئازار بەرمەيدۇ. تەبىئەت بىلەن بىز تەڭ تىنىمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز تارىختىن بېرى تەبىئەتنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئاڭلىدۇق؟! — بالىلار تەڭلا سەكرىشىپ ۋارقىراشتى.

شامالخان ھەممە تەرەپكە يېيىلىپ ئۆسكەن ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەت ئاستىغا بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ باردى - دە، بىردەم سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قىسسىسىنى مۇڭلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۆستەڭدىن سالقىن ھاۋا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سۇلار دەردلىك كۈيلەپ لۆمشىپ ئاقاتتى. نېرىدىن قوي، كالىلارنىڭ مەرەش، مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى بۇ كۈي[illegible]ە ئاجايىپ بىر تەبىئىيلىك ئېلىپ كېلەتتى. بالىلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ كەتكەنىدى. بارات ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ باراتتى. شامالخان ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا قادىغىنىچە گويا ئاشۇ جەڭلەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقاندەك بىئارامliق ئىچىدە ھېكايىسىنى داۋام ئېتىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى شاپاق دوپپىسىنى تىنىمسىز مىجىقلايتتى.

— ھېلىقى باتۇر يىگىت نېمشقا يۇرتىنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويىدىكەن؟ — دەپ سورىدى بارات تاقەتسىزلىنىپ.

— گەپ باتۇردا ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىدا، دادىسى ياۋلارنىڭ ھىيلە - مىكرىگە ئالدىنىپ كەتكەن گەپ، شۇڭا

ئوغلىنى ئۇرۇشتىن توسقان... بىلمۇاتامسەن؟! سەن گەپكە قوشۇق سالماي ئاخىرىنى ئىيتقۇچە شۇك ئولتۇرمامسەن...

ئەلقىسسە، ياۋلارنىڭ پادىشاھى شۇنداق قىلىپ باتۇرنىڭ يۇرتىدىكىلەر بىلەن دوست بولۇشۇپتۇ. ئىناق ئۆتۇش ئۇچۇن تۇگمەس قەسەملەرنى بېرىشىپتۇ - دە، ئۇ يەرگە كۆپلەپ كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. ئۇ شۇنداق گۇزەل، بايلىقلىرى تۇگمەس بىر يۇرت ئىكەن، كېيىنچە ئۇلار كۇچىيىۋېلىپ، باتۇرنىڭ يۇرتىدىكى ئەل - قوۋمنى تۇرلۇك ئۇسۇللاردا ئېزىشكە باشلاپتۇ. ئەلنىڭ ئاھۇ زارى زېمىننى قاپلاپتۇ. كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ ئېقىپتۇ. يۇرەكلىرى زەرداب - قان بولۇپتۇ. باتۇر يىگىتنىڭ جېنى ئىچىگە پاتماي، ئەلنى قوزغىتىپ يېغىلىق قىلىشقا ئاتلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ساتقىن چىقىپ، ياۋلارغا خەۋەر يەتكۇزۇپتۇ. ياۋلار سەزگۇرلىشىپ، لەشكەرلەرنى تۇمەن - تۇمەنلەپ كۆپەيتىپتۇ... ئەلقىسسە، خوش، ئەمدى گەپنى باتۇرنىڭ دادىسىدىن ئاڭلايلى... ياۋلار باتۇرنىڭ دادىسىنى ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇش ئۇچۇن ئوردىغا ئەكېلىۋاپتۇ. شۇ ئارقىلىق باتۇرغا ھەيۋە ئىشلەتمەكچى ھەم تۇزاق قۇرماقچى بولۇشۇپتۇ...

كۇن تاغ كەينىگە قىيسايغان بولۇپ، زېمىن قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا بەكمۇ گۇزەللىشىپ كەتكەنىدى. سالقىن شامال يۇزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭ سۇيى يەنىلا غەمكىن مۇزىكىسىنى چېلىۋاتاتتى.

— باتۇر تۇزاققا چۇشۇپتىمۇ؟ — دېدى بارات.

— خوش باللار، نادان بولۇپ قالماڭلار. ئاخىرىنى كېيىن داۋام قىلايلى... — شامالخان شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. باللار ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدا غەمكىن ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆزىگە كېلىپ ئەتراپقا قارىغىنىدا، شامالخاننىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. بارات ئاچچىقى بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:



— ساتقىن دېگەنگە رەھىم قىلمايمەن، ئۇلارنى ئۆلتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى.

باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قويلىرى تەرەپكە مېڭىشتى.

— بارات، كەچتە مۆكۇ - مۆكۇلەڭ ئوينامدۇق؟ — دېدى تۇردىئاخۇن دېگەن بىر بالا.

— ياق، مېنىڭ پەقەت ئوينىغۇم يوق، ئەتە دەريا بويىغا قوي باققىلى چىقساقمىكىن دەيمەن.

— بولىدۇ، ھەممىمىز چىقايلى، — دېيىشتى باللار بىردەك ئاۋازدا. ئاندىن كۆزلىرىدىكى ياش يۇقۇندىلىرىنى ئېرتىشىپ، قوي، كاللىرىنى ئۆيلىرى تەرەپكە ھەيدەشتى.

يىراقتىن شامالخاننىڭ ناخشىسى ئۇچۇپ كەلدى.

يۇرەك بولدى قان - زەرداب،
كەل نىگارىم باغاش ئەت.
كەڭ دۇنيايىم بولدى تار،
بۇ غېرىبنىڭ ھالىغا يەت.
كاككۇك...

شامالخاننى كۆرگەن ئىت، مۇشۇكلەرمۇ قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ، ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئېسىلاتتى. بەزى ئاياللار شامالخاندىن: «نېمىشقا، ھەممە نېمە سىزگە ئامراق؟» دەپ سورىشاتتى. شامالخان: «ئىنساننىڭ روھى پاك بولسا شۇنداق بولىدۇ» دەپ قوياتتى. ئاندىن:

گۇل سۇناي دەيمەن ساڭا،
بىر بېقىپ قويساڭ ماڭا.

دەپ ناخشا ئېيتىپ، چېكىسىگە قىستۇرۇۋالغان گۈلنى ئېلىپ ئۇلاردىن بىرىگە تۇتقۇزۇپ قوياتتى - دە، يولىغا راۋان بولاتتى. ئاياللار: «شامالخان ئاشىقىڭىز كىم؟ دەپ بېرىڭە» دېيىشىپ، چۇرقىرىشىپ قالاتتى.

شامالخان قوشنا - قولۇملار بىلەن جېدەل تېرىغۇچىلارنى كۆرسە چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى قەھرلىك چەكچىيەتتى - دە:

— بىلىپ قويۇش، ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ، بىر ئانىنىڭ باللىرى، بىز بۇنداق جېدەل قىلساق، خۇدانىڭ بىزگە غەزىپى كېلىدۇ. شەيتاننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئويۇن كۆرىدۇ. يۇرتقا بالايىئاپەت ياغىدۇ! — دەپلا كۆزدىن غايىب بولاتتى. ئۇ شۇ يوقالغىنىچە بىرنەچچە ھەپتە مەھەللە - كوي، بازارلارغا كىرمەيتتى. بۇ چاغلاردا يۇرتنى شۇنچىلىك بىر غېرىبلىق باساتتىكى، چوڭلارنىڭ روھى چۈشۈپ، باللارنىڭ ئويۇنى ئويۇن بولماي قالاتتى. يۇرت ئاقساقاللىرى كوچىغا چىقىشىپ چېچىلىپ سۆزلەيتتى.

— ھېلىقى جېدەلخورلارغا شامالخان نېمە قىلغان، شامالخان ئەۋلىيادەك ئادەم، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ گۈلى تۇرسا، شۇنچە يۇرتنى بىنا قىلىپ، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى شۇ تۇرسا. . . ئۇ يۇرتىمىزنى باغۇ بوستان قىلدى. گۈللەر بىلەن پۈركىدى. يېتىشەلمىگەن يېرىمىزگە ھەقسىز ياردەم قىلدى. ھارغىنىمىزدا ئۇنىڭ سېھىرلىك ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھاردۇقىمىز چىقتى. ئۇ بار، يۇرتىمىزدا قۇش - جانىۋارلار سايراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ يوقالسا قۇشلارمۇ، ئىت - مۈشۈكلەرمۇ بۇ يۇرتتىن توزۇپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار قۇرۇپ، يۇرتىمىزنى بالايىئاپەت باسىدۇ. قارا، بۇلارنىڭ شامالخاننى رەنجىتىپ. . .

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بىر قىسىم چوڭلار، سالپىيىپ قېلىشقان باللار شامالخاننى ئىزدەپ كۆرەتتىيۇ،



لېكىن ھېچ يەردىن تاپالمايتتى. ئۇۋ ئوۋلاپ قايتقان كىملەردۇر شامالخاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەتتى:

— ئوۋ ئوۋلاپ قايتىۋاتساق ئاتا تاغدا بىر ئادەم كۆرۈندى. يېقىنلاپ بارساق شامالخان ئىكەن، ئۇ بىزگە قاراپمۇ قوياي دېمەي، تەڭرى تېغىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا «نېمە بولدىڭىز؟» دېسەك، «ئاۋۇ تاغنى كۆردۈڭمۇ، ئۇ مېنىڭ يۇرتۇم» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئېسەدەپ يىغلاپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىمىزگە ياش كەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان مەھەللىدىكىلەر تېخىمۇ مۇڭلۇق سۈكۈتكە چۆمۈشەتتى ۋە ئارقىدىنلا غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— ئۇنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك. ئۇ بولمىسا مەھەللىمىز چۆلدەرەپ قالىدىكەن. ئۇ كېلەرمۇ؟

— چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ كەلمىسە بىزگە چوقۇم ئاللانىڭ غەزىپى كېلىدۇ.

— بىچارە شامالخان نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئاچ قالغاندىمۇ؟ ئەجەب سېغىندۇق ئۇنى.

— ئۇنىڭ ئۆيىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ قويدۇڭلارمۇ؟

— سۇ قۇيۇپ قويايلى دەپ كىرسەك، سۇ قۇيۇقلۇق تۇرىدۇ.

— تۇۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئۇ قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟

— ھەقىقىي ئەۋلىيا، ئۇ ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچتى - دە. . .

— ھېلىقى ھارام تاماق مۇناپىقلار جېدەل قىلمىغان بولسا بۇ ئىش يوقتى. شامالخاننىڭ بۇنداق ئىشنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇرۇشمىسىغۇ بولىدۇ

مۇشۇ خەق!

— شامالخانمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم كايىدى مۇشۇ خەقلەرگە. نېمىدېگەن ئۆزىنى سورىمىغان. . .

ئايالLARنىڭ چىرايلىرىدىنمۇ بىر خىل غەمكىنلىك ياغاتتى. شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ گۈل تۇتۇشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاھىدە خۇش قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشاتتى. ئايدىڭدا ئوما ئورىغانلىرىدا، شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ، كۆز قىسىپ چاقچاق قىلىشلىرى، چۆگۈننى كۆتۈرۈۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ چاي تەڭلەشلىرى. . . ئۇلارنىڭ ئېسىدىن ئەسلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيتتى. باللار ئۇرۇشۇپ قالسا ياكى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ماجىرالار بولسا شامالخان ئۈنچىلىك يامانلىمايتتى. . .

شامالخان ئاچچىقى يانغان هامان:

ئاتاسى يوق يېتىم دەيسەن،
مىنەرگە ئېتىم دەمسەن؟

دېگەندەك ناخشىلىرىنى ئېيتقىنىچە تۈن كېچىدە مەھەللىگە كىرىپ كېلەتتى. بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى، يوپۇرماقلارنىڭ يېنىك شامالدا لەرزان شىلدىرلاشلىرى، پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى، سۇلارنىڭ يېنىك شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى. . . شامالخاننىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنغان سازدەك ئاجايىپ بىر يېقىملىق كۈي پەيدا قىلاتتى. كىمدۇر بىرى كوچىغا چىقىپ قاتتىق ۋارقىرايتتى.

— شامالخان قايتىپ كەلدى!

كىشىلەر چۆچۈشۈپ ئويغىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشەتتى. شامالخاننىڭ دەردلىك ناخشىلىرى يەنە ياڭراپ، جەڭنامىلىرى يەنە داۋام قىلاتتى. يۇرت يەنە ئاۋاتلىشاتتى.



شامالخان يۇرتتا ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

## 4

داڭقىر دەرۋازىنى ئاچچىقى بىلەن ئېچىپ، قاپاقلىرى ئىششىغان ئوغلىنى يېتىلىگەن بىر ئايال قاق سەھەردە باراتنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى.

— تۆمۈركا، ھوي تۆمۈركا! — زەردە بىلەن بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى ئايال.

— ھە، مانا مەن، — تۆمۈر ئۆيدىن ئالدىراپ چىقتى، — ھوي توختىخان ئۆيگە كىرسىلە، مۇسۇلمانغا ئۆيگە كىرمەي ۋارقىراپ يۈرۈش راۋا ئەمەس.

— ئۇنداقتا ئادەم ئۇرسا راۋاكەندە. . .

— زادى نېمە ئىش بوپتۇ، قېنى ئۆيگە كىرىپ دېسىلە، — تۆمۈر كۆسەي بالىنىڭ يۈز - كۆزىدىكى ئىششىققا قاراپ، ئۇ ئايالنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى پەملەپ بولدى.

شۇ ئارىدا تۆمۈرنىڭ ئايالى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە:

— توختىخان تىنچلىقمۇ؟ قېنى ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى.

— بولدى مۇشۇ يەردىلا دەي، قارىسىلا بۇ بالىغا، بالاڭلار بارات ئۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىپ قويۇپتۇ. بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، كۆز قارىچۇقى تۇرسا. . .

— خەپ بارات، — تۆمۈر ئۆيگە قاراپ تۇرۇلۇپ ماڭدى. سەلدىن كېيىن ئۆي ئىچىدە ۋارقىرىغان، جارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— دادا مەن بىكاردىن ئۇرمىدىم. ئۇ مېنى تىللىغان.

— تىللىغانغا شۇنداق ئۇرامسەن؟ تىل دېگەن ئۇچۇپ كېتىدۇ. بىر بالا دەپ كۆزۈڭگە قارىغانسېرى شۇنداقمۇ ھەددىڭدىن ئاشامسەن؟ سېنىمۇ جېنىڭدىن ئۆتكۈدەك ئۇراي.

— دادا، بولدى قىلىڭ.

باراتنىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ نالىسىغا چىدىمىدى - دە، ئۆيگە قاراپ ئېتىلدى. توختىخان بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ، قورۇدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

— دادىسى بولدى قىلسىلا، بالا ئەمەسمۇ؟

— ئون بەشكە كىردى، قاچانغىچە بالا بولىدۇ. ھېلى بىرى بارات توخۇيۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن، ھېلى بىرى كىرىپ، ئېتىزلىقىمغا قويۇۋەتتى دېگەن. . . نېمانداق تۈگىمەس ماجىرا بۇ؟!

— كېيىنچە ئاستا - ئاستا تۈزۈلۈپ قالار، مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئاستا - ئاستا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا دادىسى.

بارات كۆزىدىن ياشمۇ چىقارماي باتناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە دادىسىنىڭ بارماق ئىزلىرى قالغانىدى.

— قارا جاھىللىقىنى، ھەي، يەنە مۇشۇنداق قىلامسەن؟ بارات گەپ قىلماي تۇردى.

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، يەنە مەھەللىدە ماجىرا تېرامسەن؟

— ياق.

— ھەر قېتىم مۇشۇنداق دەيسەن، يەنە قىلغۇلۇقۇڭنى قىلىسەن، ئەمدى جېدەل تېرىساڭ، پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن. يا بۇنىڭغا تاياق ئۆتمىگەن. . .

— بولدى قىلسىلا دادىسى، چاي ئىچسىلە. شەيتانغا ھاي بەرسىلە، — تۆمۈرنى ئايالى تارتىشتۇرۇپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.



بارات تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئورنىدا بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، قاپىقىدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى - دە، چايغا ئولتۇرغان دادىسى بىلەن ئاپىسىغىمۇ قارىماستىن، ئۇدۇل ئېغىل تەرەپكە ماڭدى.

— ئىت پوق يېمەستە نەگە بارىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى تۆمۈر.

— ئات باققىلى.

— بالام چېيىڭنى ئىچىپ ماڭ.

بارات ئاپىسىنىڭ گېپىگە جاۋابمۇ قايتۇرماي، ئېغىلغا بېرىپ ئاتنى يالاڭ مىنىپلا سىرتقا چاپتۇردى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا توختىخاننىڭ بالىسى يەنە ئۆيگە ماڭقىسىنى ئېقىتىپ، يۈز - كۆزى قان كىردى. بۇ قېتىم ئۇ ئاپىسىغا يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. توختىخان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئوغلىدىن قايتا - قايتىلاپ سورىغان بولسىمۇ، «يىقىلىپ كەتتىم» دېگەندىن بۆلەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى.

بارات كىم ئۆيگە ئەرز - ھال ئېيتىپ كىرسە، ئۇنىڭ بىلەن جاھىللىق بىلەن قېرىشىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى. تۆمۈر كۆسەي باراتنى ئۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، نەسىھەت قىلىپمۇ تۈزەلمىدى - دە، «بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ قالار، بۇ ياشتىكى بالىلار شۇنداق بولىدۇ. ھېلىمۇ بالام بىچارە كۆپ تاياق يەپ كەتتى، ئۇنىڭ يېگەن تايىقىنى مۇنداقراق بالا يېگەن بولسا. . . ھەي تۈزۈلۈپ قالار» دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنى باراتنىڭ جاھىل مىجەزى خاتىرجەمسىزلەندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ ئوغلىنى زادى قانداق تۈزەشنى بىلەلمەي قىيىلىۋاتاتتى.

قايسى بىر كۈنى بىر قوغۇنچى: «بالاڭلار قوغۇنلۇقۇمغا ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. چىرايلىق سورىسا مەن بەرمەمتىم، قوغۇنلىرىمنى مەن يا ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتمىسەم، ئۇنى يەپمۇ،

سېتىپمۇ تۇگىتەلمەيمەن» دەپ ئۆيگە كىرگەنىدى. تۆمۈر كۆسەي بەندە: «هاۋۇتاخۇن قوغۇن - تاۋۇز دېگەننى ئوغرىلاپ يېسە تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بارات تېخى كىچىك، ھەممە ئادەم شۇ ياشتا شۇنداق بولىدۇ. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بالامغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ قوياي، زىيانلىرى بولسا مەن تۆلەي...» دەپ هاۋۇتاخۇننى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى. ئەپسۇسكى، هاۋۇتاخۇن ئەتىسى كەپىسىدىن ئويغىنىپ شۇنى كۆردىكى، كەپىسى ئەتراپىدىكى قوغۇنلار پۇتۇنلەي پېتىقلانغان... ئۇ پېشانىسىگە بىر ئۇرۇپ، زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. سەلدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، تۆمۈرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەردىنى تۆكتى. تۆمۈر كۆسەي بەندە باراتنى شۇنچە ئۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن «مەن قىلدىم» دېگەن جاۋابنى ئالالمىدى. هاۋۇتاخۇن باراتنىڭ ئۆزىگە ئادەم ئۆلتۈرىدىغاندەك ئەلپازدا قادىلىپ تۇرغان هالىتىدىن تېنى شۈركەندى - دە، تۆمۈردىن ئەپۇ سوراپ ئۆيىگە ماڭدى. بۇنىڭدىن تۆمۈر ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

شامالخان بۇنى ئاڭلاپ، باراتقا خېلى قاتتىق كايىدى. بارات شامالخانغا سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

باراتنىڭ ئۆيگە هال ئېيتىپ كىرگۈچىلەر بارا - بارا بېسىقتى.

## 5

بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان بارات شەھەر كوچىسىدا تۇردىئاخۇن، ناسىراخۇن، قارا قوۋان قاتارلىق دوستلىرى بىلەن چېلىش مەيدانىغا قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى.

— بارات ئاۋۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — دېدى تۇردىئاخۇن ئادەملەر ئولىشىۋالغان، ۋاڭ - چۇڭ



كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— يۈرۈڭلار بېرىپ باقايلى، — دېدى بارات.

ئۇلار ماجىرا بولۇۋاتقان يەرگە يېتىپ بارغاندا، بىر ئەسكەر ئۆزىگە ئېسىلىۋالغان بوۋاينى ئىتتىرىۋېتىپ مېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ سول قولتۇقىدا يوغان بىر تاۋۇز تۇراتتى. بوۋاي قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا تىل سېلىۋاتاتتى.

— ھەي چوشقا، تاۋۇزنى ئېلىپ پۇل بەرمەيدىغانغا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ مەندە؟ يا سەن مېنىڭ تۇغقىنىم بولمىساڭ، يا ماڭا تاۋۇز تېرىشىپ بەرمىسەڭ.

بارات توپنى يېرىپ كىرىپ، ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇشىغا، ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسكەرنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ خارتىلدىدى. بارات ئۇنى بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈۋېلىپ، ئادەملەر ئۇستىدىن هالقىتىپ يول بويىدىكى ئېرىققا چۆرۈۋەتتى. توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارقىغا داجىشتى. ئۇستۋېشى سۇ، لاي بولغان ئەسكەر ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، باراتقا ئېتىلدى. بارات ئۇنىڭ سۇ چاشقىنىدەك ئەپتىدىن يىرگەندى - دە، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. ئۇ بۇ قېتىم ئورنىدىن تۇرالمىدى. بۇنىڭغا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى باراتنىڭ هاياتىدىن ئەنسىرەشسە، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى شۇ ھامان دالدىغا ئېلىشتى.

بارات بەخىرامان هالدا دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەر - ھەر يەردىن چېلىشچىلار كېلىپ بەسلىشىدىغان دەريا بويى تەرەپتىكى سۆرۈن مەھەللىگە قاراپ مەزمۇت قەدەم بىلەن يول ئالدى. ئۇ ماتا كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، قارا بەلۋېغىنى چىڭ باغلىۋالغانىدى.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، پۇشتەكلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئەسكەرلەر كوچىلارغا يېغىپ كەتتى.

— بارات ئەھۋال چاتاق، تېز ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، —

دېدى ناسىراخۇن جىددىي تەلەپپۇزدا.

— نېمىدىن قورقاتتىم، كەلمىسۇنمۇ قېنى؟

— كەلسە ئېلىشىمىز، — دېدى قارا قوۋان.

— نېمە بىلەن ئېلىشىسەن كالا، ئۇلاردا قورال بار، يۈرۈڭلار قاچايلى، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— قېچىش ئوغۇل بالا ئۈچۈن نومۇس، — دېدى بارات قەددىنى تىكلەپ.

— نومۇس - پومۇس دېگەن گەپنى قوي، يۈرە ئەخمەقلىق قىلماي، ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز، — ناسىراخۇن شۇنداق دەپ باراتنى تارتىپ، ئارقا كوچىلار بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئاياغ مەھەللىدىكى توقايلىق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولۇشتى. بۇلارنى ئەسكەرلەرنىڭ ئىزدەپ تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ نەپ ئېلىشقا ئىنتىلگۈچىلەر ۋە باراتقا كەك ساقلاپ يۈرگەنلەر ئۇنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى ئېيتىپ قويۇپ ئاۋارە قىلدى. باراتنىڭمۇ قېچىپ يۈرۈشتىن ئىچى سىقىلدى. ئاخىر دادىسىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۇرپاندىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە سەپەر قىلدى. ئۇ ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئالمىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەممۇ چىقمىدى.

بارات قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بايلار ئۇنىڭغا كۈچۈكلىنىپ، بىرىچكىلىرىنى ھەيدەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆيىگە كېلىشتى. تەڭقىسلىقتا قالغان بارات دادىسىنىڭ گېپى بىلەن ئاخىر ئىسرائىل باينىڭ بىرىچكىلىرىنى ھەيدەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىسرائىل باي باراتقا يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىشكە ۋەدە بەردى.

بارات دوستلىرى بىلەن ئون، يىگىرمە بىرىچكىدا ئىلغا تېرە، يۇڭ ئاپىرىپ، تاختا چاي، قەنت، ماتا، گۈڭگۈرتلەرگە ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. ھارۋىكەشلەر باراتنىڭ كارۋىنى كېلىۋېتىپتۇ دېسە، بىرىچكىلىرىنى توختىتىپ يول بوشىتىپ تۇراتتى. كىمنىڭ بىرىچكىسى باراتنىڭ بىرىچكىسىگە سوقۇلۇپ كەتسە، بارات ئۇنىڭ بىرىچكىسىنى ئۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ھارۋىكەشنىڭ بۇرنىدىن قان ئالاتتى.

بارات بۇ ئىشنى بىر مەزگىل قىلغاندىن كېيىن: «مەن خەقنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان مالايمىتتىم» دەپ ئىسرائىل باينىڭ يېلىنىشىغىمۇ قارىماي تاشلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى بىر تالاي دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گاھ ئاتلىرىنى ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ يۈرسە، گاھ نامى تارالغان نوچىلارنى ئىزدەپ يۇرتتىن تۇيۇقسىز غايىب بولاتتى. ئۇ بايلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر داڭدار ئات پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنى بىر ئامال بىلەن قولغا چۈشۈرەتتى. بۇلارنى تونۇمايدىغان يوچۇن كىشىلەر بۇلارنى كۆرسە: «قاراقچىلار ئوخشايدۇ» دەپمۇ قالاتتى. چېلىش مەيدانلىرىدا باراتقا تەڭ كەلگۈچىلەر ئاساسەن چىقمايتتى. بارات قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، پەخىرلىنىپ، چىلان تورۇق ئېتىنى ئوينىتىپ گىدىيىپ مېڭىپ كېتەتتى. ئۇ يۇرتقا كىملەر باش بولۇپ، كىملەر قوينىنى تولدۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ، خەلق نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، مەكتەپكە كىملەر كېلىپ قانداق پائالىيەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا پەرۋايى پەلەك ئىدى.

تۆمۈر كۆسەي ئوغلىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ، ئۇنى تىزگىنلەپ ئوڭشۇۋېلىشنىڭ غېمىدىلا قالغانىدى، ئەپسۇس باراتنىڭ كۆڭلى كېپىنەكتەك گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ، بىر ئىزىدا توختىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان قىزلارنىڭ قان يىغلاشلىرىغا باراتنىڭ قەلبى ئېرىپمۇ قويمايتتى. ئۇ يەنە جورا ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە دېرىزە ماراپ يۈرۈۋېرەتتى ھەم كۆزى

چۈشكەن قىزنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرۈۋالاتتى.

ئۇنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىر گۈزەلگە چۈشتى - دە، ئۇنى ئۆزىگە قاراتماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بىر كۈنى بارات دوستلىرى بىلەن قويتاشقا ئوۋغا چىققانىدى. بارات تاغدىن ئوۋ ئوۋلاپ چۈشۈۋېتىپ، پەرىزاتتەك بىر قازاق قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇ يەردىلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇ قىزغا ئاشىق - بىقارار بولدى. ئۇ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ھاياجانلىق ھېسلىرىنى قىزغا قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي، قويتاشتا يوقلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ قالدى. باراتنىڭ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھەممىنى چۈشەنگەن ناسىراخۇن باراتقا ئۇدۇللا ئېغىز ئاچتى.

— ئۇ تاغ پەرىسىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، لېكىن سۆزۈمنى قانداق دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن، بۇرۇن بۇنداق بولۇپ باقمىغانتىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى بارات ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ. ئۇ ئۆزىدىكى غەيرەت - جاسارەتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— سەن ئېغىز ئاچالمىساڭ، مەن ئامالىنى قىلىپ باقاي، لېكىن سەن ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىككە ۋەدە بەر، — دېدى ناسىراخۇن باراتنىڭ كۆزىگە شۈبھىلىنىپ قاراپ.

— بولىدۇ، مەن ۋەدە بېرەي، — دېدى بارات ئىتتىكلا.

ناسىراخۇن قىز بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈپ، ئۇنى تەسلىكتە «ماقۇل»غا كەلتۈردى. بارات شۇ كېچىسىلا قىزنى ئاتقا مىندۈرۈپ، شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى ھەم ھايالشمايلا قىزنىڭ ئاۋۇلىغا ئادەم چىقاردى. خىلۋەتتە ئۆسكەن تاغ گۈلىگىلا ئوخشايدىغان بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىسمى ئەجەرقان ئىدى. ئۇ بارات بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى شېرىن كۈنلەرنى يالغۇزلۇقتا ئۆتكۈزدى. بارات بولسا يۇرت كېزىپ نوچىلىق



تالىشىش ھەلەكچىلىكىدە يۈردى. ئۇ بارغانلا يېرىدە نى - نى نوچىلارنى باش ئەگكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ پېشىنى توپا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا «پالۋان» دېگەن نامنى بەردى. ئۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ كېرىلىپ، كوچىلارغا پاتماي مېڭىپ كېتەتتى. ئۆزىگە كۆز ئالايتقانلارنى ماكچايتىپ قوياتتى. بارات پالۋان بىلەن ھەمداستىخان بولغانلار پەخىرلىنىپ، باراتنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئاۋامغا بىرنى ئىككى قىلىپ ياياتتى.

بىر كۈنى يۇرت ئاتلاپ كەلگەن يوغان بىرى: «بۇ يۇرتنىڭ نوچىسى بولسا چىقسۇن!» دەپ چېلىش مەيدانىنى بېشىغا كىيدى، ئىككى - ئۈچ چېلىشچىنى يەرگە چاپلىۋېتىپ. دەل شۇ ئەسنادا بارات پالۋان دوستلىرى بىلەن توپا - چاڭ توزۇتۇپ ئاتلىق كېلىپ قالدى. ئۇ چېلىش مەيدانىدا ياۋا كالىدەك يەر تىلغاپ ئەتراپتىكىلەرگە ھۆركىرەپ سۈر بېغىشلاۋاتقان يوچۇن كىشىنى كۆرۈپ:

— ھەي... نېمىدەپ ئالىجوقا ۋارقىرايسەن؟ — دېدى سىم ئۇرالغان قامچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

— ئات ئۈستىدە قونداققا قونۇۋالغان مېكىياندەك قاقىلدىماي نوچى بولساڭ كەلمەمسەن؟ تۇتۇشۇپ كۆرەيلى.

بارات پالۋان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مەيدىسىنى كېرىگەن ھالدا ئىرغاڭلاپ باردى.

— قېنى كېلە، — دېدى بارات پالۋان سەل ئاچچىقلىنىپ.

ھېلىقى يوغان كىشى ئېتىلىپ كېلىپ، بارات پالۋاننىڭ بەلۋېغىنى «كاپپىدە» تۇتۇپ يۆگەشكە باشلىدى. بارات پالۋان ئېچىگە تىنىپ تۇردى. ھېلىقى يوغان كىشىنىڭ ئاخىرقى يۆگەشكە كۈچى يەتمەي ئىنجىقلىشىغا بارات پالۋان شۇنداقلا بىر كۆچىگەنىدى، قارا بەلۋاغ پاراسلاپ يىرتىلىپ، يوغان كىشىنىڭ قولىدا پۇلاڭلاپ قالدى.

— بولدى ئاغىنە، مەن يېڭىلدىم، دوست بولۇپ

قالايلى، — دېدى يوغان كىشى كەينىگە داجىپ.

— يۈر سېنى توقايغا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلەي، سەن بۇ يۇرتقا مېھمان، — دېدى بارات پالۋان. ئاندىن ئۇنى باشلاپ توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى.

قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى مۆجىزە كۆرگەندەك ئالىچەكمەن بولۇپ، بىر ھازادىن كېيىن ئۆزلىرىگە كېلىشىپ: «بارات پالۋان چۆرگىلەۋاتقان تۈگمەن تېشىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ توختىتىۋاپتىكەن...» دېگەن سۆزلەرگە ئەمدى ئىشەنگەندەك بولۇشۇۋاتاتتى.

كىمدۇر بىرى بارات پالۋان ھەققىدە مۇنداق بىر ئىشنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

— بارات جىگدە بۇلاققا تويغا چىقىپتىكەن، بىر قازاق كىشى: «بارات پالۋان دېگەن سەنما؟ سېنى بەك نوچى دەيدۇ، ھۈنىرىڭنى بىر كۆرسىتىپ باقمامسەن؟» دەپتۇ. بارات پالۋان: «ئاۋۇ جىرەن ئېتىڭنى ئاۋۇ جىگدىدىن ئاۋۇ جىگدىگە يۈدۈپ ئاپارسام ماڭا بېرەمسەن؟» دەپتۇ. قازاق كىشى ماقۇل كەپتۇ. ئىككى جىگدىنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇز مېتىر كېلىدىكەن. بارات پالۋان ئاتنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنى دولىسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. خەقلەر چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى قازاق كىشى: «راست پالۋانكەنسەن، ئات سېنىڭ بولدى، يارايسەن» دەپتۇ. ئاندىن بارات پالۋاننى بىر كېچە - كۈندۈز مېھمان قىلىپ، قوي، ئات، كالىلارنى سوۋغا قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— يا ھەزرەت، نېمىدېگەن تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت!

— خۇدا ئادەمگىمۇ شۇنداق كۈچنى بېرىدىكەن.

— بارات پالۋاننىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كارامەت ئىشلىرى بار دەيدۇ.

كىشىلەر بارات پالۋان ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى



خىلىغىچە ئېيتىشىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنكى ئىشنى ئۆيىدىكىلەرگە سۆزلەش ئۈچۈن ئالدىراپ مېڭىشتى. دوپپىدەك بۇ شەھەردە بۇ ئىش ئەتىسىلا ھەممىنىڭ ئاغزىغا چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

تۆمۈر كۆسەي بىلەن ئايالى ئوغلىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپمۇ، ئۆي ئايرىپ شەھەر يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇلار: «قەرزىمىزنى ئادا قىلدۇق، ياخشى - يامان بولسا ئۆزىگە، ئەمدى بولغۇلۇقى بولار، بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ قالار، قانداق قىلىمىز؟ دېمىگىنىمىز، قىلمىغىنىمىز قالمىدى. ئۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، ئاتا بولدى...» دېيىشەتتىيۇ، لېكىن يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى يەنە ئۇنىڭغا چىدىمايتتى. بارات پالۋان ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن بەكمۇ ئوبدان خەۋەر ئالاتتى. بۇ تەرىپى تۆمۈر كۆسەي بەندىنى رازى قىلاتتى، ئەپسۇسكى...

بارات پالۋان ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە شۇ كوچىدا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھۆركىرەپ يۈردى. شامالخان ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ، مەنىلىك ناخشىلارنى ئېيتسا، ئۇ مۇڭى بىلەن بولۇپلا ناخشىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدى. شامالخان نېمىگىدۇر ئېچىنىپ، ناخشىلىرىغا تېخىمۇ بەكرەك ھەسرەتلىك تۈس بېرەتتى. بارات پالۋاننىڭ بالىلىقىدا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ جەڭ قىسسىلىرىنى تىڭشىغان، دۈشمەنلەرگە نەپرەتلىنىپ ئاچچىقلانغان چاغلىرىنى ئەسلەيتتى.

نېمىشقىدۇر بارات پالۋان يېقىندىن بېرى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ شامالخاننىڭ ناخشىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلى تىنىپ، ئۆز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولدى.

## ئىككىنچى باب

# قانسىرىغان تۇپراق

*ئادالەت تۇگىگەن جايدا كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھېچنېمە بولمايدۇ.*

*— ئى. كانت*

1

1943 - يىلى قىش، تەڭرىتاغ ئۈستىگە ئاق لىباستىن كىمخاب كىيىگەن بولۇپ، ئېغىر غەم - قايغۇلارغا ئەسىر بولغاندەك، ئازابلىق سۈكەتكە چۆككەنىدى. تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام - تارام ياشلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ نېمىگىدۇر ھەسرەتلىنىپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭرايتتى. شۇنداق! ئۇ تالاي - تالاي كەچمىشلەرنىڭ جانلىق شاھىتى. ئۇ ئۆز قوينىدا ياشاپ كەلگەن مۆمىن، ئاق كۆڭۈل خەلقىنىڭ رەزىللەرنىڭ قارا قوللىرىدا دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى، ئۆز باغرىنىڭ تىلغانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر ئۇھ تارتاتتى، ئەلەملىك ئۆكۈنەتتى.

ئۇ ئېغىر ھەسرەتتىن پارتلاي دەۋاتاتتى. ئۇ بۇ ھەسرەتلەرگە، زېمىندىكىلەرنىڭ ئاھ - پەريادلىرىغا، قانلىق ياشلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ھەممىنى بىلەتتى... ئۇ



زېمىندىكىلەرگە ھەممە تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇلارنى ئۆزىنى تونۇشقا ئۈندىگەن.

ئۇنىڭ ئېتىكىدە بىپايان سوزۇلۇپ ياتقان، خورلانغان زېمىن تەڭرىتاغ ئاتىغا يىغلامسىراپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ھېس قىلاتتى. رەزىللەرنىڭ شۇم نىيەت بىلەن ئۆز باغرىغا رەھىمسىزلەرچە دەسسەشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. دالىلاردىكى قوي، كالا، ئاتلارمۇ، يېشىل ئوتلاقلارمۇ، بۈك - باراقسان توقايلىقلارمۇ مۇڭلۇق سۈكۈتلەردە مۆزلاپ، تىترەپ ياتاتتى.

بۇ زېمىندىكى كىشىلەر تەئەججۇپ ئىلكىدە ياقىلىرىنى چىشلەشتى، گاڭگىراشتى. «زامان بۇزۇلۇپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟» دېيىشىپ، ئۆز ئارىسىغا قاچانلاردىدۇر قارا تىكەندەك ئۈنگەن گومىنداڭ جاللاتلىرىغا ھاڭۋېقىپ قارىشاتتى. يەنە ئامالسىزلارچە لېۋىنى چىشلەپ، ئۈن - تىنسىز ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشاتتى. ئۇلار بۇ گومىنداڭچىلارنى بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. بولمىسا ئۇلارغا مىلتىق تەڭلىنەتتى، ئۈستىدە سىم قامچا، كالتەك ئوينايتتى. «خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكرى، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ قولىمىزدا يا...» بەزىلەر شۇنداق دېيىشىپ ئېغىر خورسىنىشاتتى. ئاللادىن مەدەت تىلەپ، ھەر نامىزىدا ئاللاغا ئاھ - پەريادلىرىنى تۆكەتتى. يەنە بەزىلەر ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللارغا چۆمەتتى. شۇنداقتىمۇ، زۇلۇم ئۇلارنى قارشىلىق قىلىشقا بارغانچە قىستاۋاتاتتى.

2

بارات پالۋان تال باراڭنىڭ ئاستىدا ياغاچچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا ئەسىر

بولۇپ، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تۇردىئاخۇن، ناسىراخۇن، قارا قۇۋان، ئابلىز قارى، ياسىن دوختۇرلارنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۆزىدىن بىرنەچچە ياشلا كىچىك بولسىمۇ، گاھىدا ئاكا - ئۇكىلاردەك، گاھىدا يېقىن ئاغىنىلەردەك ئۆتىشىدىغان ياسىنجان، قاسىم، مۇھەممەت، قۇربانلارمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى بولمايتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى بۇلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان، كۆڭلىدە مەلۇم پىلانلارنى تۈزۈپ باقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ خەلقنىڭ ئاھ - پەرياد بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان جاپالىق كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئۇ ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تىپىرلايتتى. ئۆزىگە بىر نىجاتلىق يۇلتۇزىنىڭ يول باشلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، دوستلىرى بىلەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سىردىشىپمۇ كېتەتتى. ئۆز ئارا دەردلىرىنى قانغۇچە تۆكۈشەتتى. كېيىنچە ئۇ ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، تەۋرىنىپ بىرەر ئىش قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. مۇشۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، تۇرسىمۇ، ياتسىمۇ ئارام بەرمەيتتى.

سىرتتىن ئۆڭسۈلى ئۈچكەن ھالدا يۈگۈرۈپ كىرگەن ئوتتۇرا بوي، ئىنچىكە بۇرۇت، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن قۇربان بارات پالۋاننىڭ ئالدىغا باردى - دە، دېمى سىقىلغىنىدىن تىلى گەپكە كەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر چوڭ ۋەقە بولدىمۇ نېمە؟ — دېدى بارات پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە.

— ئۇرايىم[1] پالۋاننى... بۈگۈنكى ھۆكۈمەت تەرەپ... ئۆتكۈزگەن... چېلىشىشتا... ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ... بىر ئادىمى... يىقىتىۋەتتى...

① ئىبراھىم دېگەن ئىسمىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.



— تىلىڭنى چاينىماي، ئوغۇل بالىدەك گاچ - گاچ سۆزلىمەمسەن؟ چوڭ بىر بالا - قازا بولغاندەك... ئوغۇل بالا دېگەن بالا ئىشتىمۇ ھودۇقمايدىغان.

— ھۆكۈمەت تەرەپ بۈگۈن چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ بىر ئادىمى ئۇرايىم پالۋاننى يىقىتىۋەتتى. ئۇرايىم پالۋان يىغلىغۇدەك بولۇپ، يەنە چېلىشىمەن دېسە، ئۇلار: بىر چېلىشقاندىكىن بولدى، دەپ ئۇنىمىدى. ئۇلار چىدىماسلىق قىلدى... — ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەيلا، كۈپ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، نوگايدا سۇ ئېلىپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىپ، «ئۇھ» دېدى.

بارات پالۋاننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، قولىدىكى رەندىنى قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ توغرىسىغا يوغىنىغان گەۋدىسى، بىلەكلىرىدىكى بۈلجۈڭ گۆشلىرى چىڭقالدى. ئۇ گەۋدىسىنى كېرىپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان، مەزمۇت بەستى يېنىك تەۋرەندى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى چېلىشىش مۇسابىقىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن، ئىشنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىققانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.

— ئۇرايىمنى يىقىتقان بولسا، ئۇ خېلى يامان نېمە ئوخشايدۇ.

— ئۆزى يوغان، ئۆكۈزدەك نېمىكەن، «نوچى بولساڭ، قېنى چىقمامسەن؟» دەپ ھەيۋە قىلىپلا قالدى.

— يۈر شۇ ئۆكۈزدەك نېمىنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى، — بارات پالۋان مېڭىشقا تەمشەلدى، — قانداقراق نېمىكەن ئۇ؟

— شۇنداق قارىسا ئادەم يەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەلپازى يامان.

— دادا، مەنمۇ بارىمەن... — دېدى بارات پالۋاننىڭ ئوغلى خىۋىر.

— مەنمۇ بارىمەن... — دېدى خىۋىرنىڭ بىر ئادىشى.

— ئۇ يەرگە كىچىك بالىلار بارسا بولمايدۇ. مەن سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن - ھە. سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار.

— نەگە بارىسىز؟ — سورىدى بارات پالۋاننىڭ ئايالى ئەجەرقان ئۆيدىن چىقىپ قۇربانغا سالام بەرگەندىن كېيىن.

— بازارغا بېرىپ كېلەي، ئازراق ئىش چىقىپ قالدى. ماۋۇ بالىلارنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەت. ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن، — ئۇ شۇنداق دەپ كۆڭلىكىنى سىقىمدىغىنىچە قۇربان بىلەن چىقىپ كەتتى. ئەجەرقان ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە گەپ قىلماي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۇرت كېزىپ يۈرگەن خېلى - خېلى نوچىلارمۇ بارات پالۋان بىلەن كۈچ سىنىشىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قول بەرگەنىدى، بارات پالۋان ئۆزىمۇ يۇرت كېزىپ داڭدار چېلىشچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ چېلىشىپ، ھېچقايسىسىغا بويۇن ئەگمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى يۇرت - يۇرتلارغا تارقىلىپ «پالۋان» ئاتالغان. كېيىنچە ئۇنى يۇرت ئاتلاپ ئىزدەپ كېلىدىغان نوچىلارنىڭ قەدىمىمۇ بىر ئاز تىنچىپ قالغانىدى.

بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئالتايدىن يوغان، بەستلىك بىرى بارات پالۋاننى ئىزدەپ كەلدى.

— سىنىڭ نامىڭنى، — دېدى ئۇ بارات پالۋان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، — قەشقەر، ئىلى، ئاتۇش، ئاقسۇلاردا يۈرۈپ ئاڭلاپ كېلىشىم، قېنى بىر تۇتۇشۇپ باقمامدۇق؟

— سەن بىزگە مېھمان، چاي ئىچىپ بولۇپ قالغان پاراڭنى قىلىشمامدۇق...

— چاي ئىچىشكەندىن كېيىن دوستلىشىپ قالىدىغان گەپ، — دېدى ئۇ بارات پالۋاننىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — ھازىرلا تۇتۇشايلى.

— بىز ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ نېمە پايدا ئالىمىز، بۇنداق قازانغان شۆھرەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەنمۇ



ساڭا ئوخشاش نام چىقىرىشنى ئويلاپ، ئىزدىمىگەن نوچىلار قالمىغان، ئاخىرىدا مەن نېمىگە ئېرىشتىم. نېمە ئىشلار ھەل بولۇپ كەتتى؟

ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار: «بارات پالۋانغا نېمە بولغاندۇ ياكى ئۇ ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتامدۇ يا؟...» دېيىشىپ ھەيران بولغىنىچە پىچىرلاشتى.

— مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم ھىجىيىپ قويۇپ.

— ئۇنداق دېمە، سەن يۇرت ئاتلاپ كەپسەن، سەن بىزگە مېھمان، ئەڭ ياخشىسى چېلىشمايلى.

— قورقۇپسەن - دە.

— بىرلا ئاللادىن قورقىمەن.

— ئۇنداق بولسا چېلىشىپ كۆرمەمدۇق! — دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي.

— ياق، چېلىشمايمەن، سەن مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس.

— ياغلىق ئارتىۋالساڭ بولغۇدەك، سېنىڭ نەرىڭ پالۋان، قۇيرۇقۇڭنى ئىچىڭگە تىقىپلا تۇرىسەن، — ئۇ قەستەن بارات پالۋاننىڭ زىتىغا تېگىپ، ئۇنى چېلىشىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.

توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— بارات پالۋانغا نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب ئېغىر - بېسىق بولۇپ قاپتۇ.

— قورقۇۋاتامدۇ يا...

— ياق، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ. ئۇ بۇ كۈنلەردە چېلىش مەيدانلىرىغىمۇ بارماس بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدا بىر گەپ بار.

— بەلكىم.

— بوپتۇ، — دېدى بارات پالۋان چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، — تەلپىڭ يەردە قالمىسۇن، ئاخىر بىز باشقىلارغا

ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان بولدۇق.

— ئويۇن قويىمىز دەپ چېلىشمىساق، نېمە قىلىمىز خۇدا بەرگەن بۇ كۈچ - قۇۋۋەتنى.

— شۇ كۈچنى دەل جايىغا ئىشلىتەلىسەك، نېمە ئارمىنىمىز قالاتتى؟

— ئىشلىتىمىز، مەيدانغا چۈشكەندە بىلىسەن.

بارات پالۋان بۇ نادان نوچىغا گەپ يېگۈزەلمەي، تېرىكىپ، دەرغەزەپكە كەلدى.

سورۇن تۈزۈلدى. كىشىلەر چەمبەر شەكلىدە دائىرە پەيدا قىلىپ قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ھېلىقى كىشى بارات پالۋاننى تۇتۇپ تارتىپ باقتى. يانپاشقا ئالماقچى بولۇپ، پۇتلىرىغا تېپىپ، سىلكىپمۇ باقتى. لېكىن، بارات پالۋاننى قىمىرلىتالمىدى. ئۇ بەدىنىگە كۈچ يىغىپ جىم تۇراتتى.

— ھۈنىرىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى بارات پالۋان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ھېلى كۆرىسەن، — دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ.

— مانا ئەمدى كۆر! — بارات پالۋان شۇنداق دەپ قولىنى چاققانلىق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن قاماللاپ تۇتتى - دە، چۆرگىلىتىپ - چۆرگىلىتىپ، «يا ھەزرىتى ئەلى» دەپلا ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەزەپ بىلەن نېرىغا تاشلىۋەتتى.

ھېلىقى كىشى بوش خىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرۈپ بارات پالۋاننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى قولىغا ئالدى.

— تۇداخۇن سۇ ئەكەل، — دېدى ئۇ ئەنسىز ۋاقىراپ.

ئۇنىڭغا سۇ پۈركۈپ، ئاران ھوشىغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارىدى - دە، قاتتىق خىجىل بولغان ھالدا:

— سەن قالتىس پالۋانكەنسەن، خەق دېسە ئىشەنمەپتىكەن.



مەن، بۈگۈن كۆردۈم. سەندەك پالۋاننى مەن كۆرمىگەن. . . — دېدى كۆزلىرىنى بارات پالۋاننىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قېچىپ.

— ئۇنداق دېمە، ھازىر ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز چېلىشىپ كۈچ سىنىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. . . — ئۇ ئۆز مۇددىئايىنى ئېنىق دېيەلمىدى.

— بىز دوست بولۇپ قالايلى، — دېدى ھېلىقى كىشى ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ.

— بولىدۇ ئەكەل قولۇڭنى، — ئۇلار قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

بارات پالۋان ئۇنى بىرنەچچە كۈن ئويناتقاچ يولغا سېلىپ قويدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان چېلىشىش مەيدانلىرىغا بارماس بولۇۋالدى. بارسا چېلىشۋاتقانلارنى كۆرۈپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى بارا - بارا ئۆزگىرىپ، خىيالچان، كەمسۆز بولۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە كىشى ئۆزلىرىنى ئالداپ، ئامالسىز ھالدا ياشاۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. يۈرىكى نېمىدىندۇر ئېزىلىپ، دېمىقىپ ھەسرەت چېكەتتى. خەلقنىڭ نالە - پەريادلىق تۇرمۇشى، بىغەم چېلىشىپ يۈرگەن «پالۋان»لار ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجايتتى.

بۈگۈن قۇرباننىڭ «ھۆكۈمەت تەرەپ ئادىمى. . .» دېگەن سۆزى ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، چېلىشىش مەيدانىغا بېرىشقا ئالدىراتقانىدى.

— ئۇرايىم ھازىر نەدە؟ — دېدى بارات پالۋان يولدا كېتىۋېتىپ.

— ۋاڭ لوخەننىڭ شوپاڭخانىسىدا ھاراق ئىچىپ، دەردىنى چىقىرىۋاتىدۇ.

— شۇمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىمۇ؟ ئاچچىقتا چىدىماپتۇ - دە.

— چىدىمىغۇدەك ئىش بولدى.

چېلىشىش دائىم دەريا بويى تەرەپتە بولاتتى. بۈگۈن شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ئالدى قىزىپ كەتكەندى. دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ، شاۋقۇن - سۈرەنلىرى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇۋالغان شامالخان بىردە ناخشا ئېيتىپ، بىردە ھەرخىل قۇشلارنى دوراپ، زوق - شوخ بىلەن سايراپ كېتەتتى.

ئۇلار چېلىشىش مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، كىشىلەر تېخى تارقاشمىغانىدى. توپىلىق مەيدان ئوتتۇرىسىدا زەنجىرلەنگەن سېمىز، قارا بىرى توپىلارنى قامىلاپ ئۆزىگە چېچىپ، ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازدا كىشىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ گويا غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بارات پالۋان كەلدى! — دېدى توپ ئىچىدە تۇرغان سېرىق يۈزىنى سەپكۈن باسقان، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن ئابلىز قارىي ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدكە تولۇپ، چىرايلىرىدا شادلىق نۇرلىرى پارلىدى. ئۇلار بارات پالۋانغا قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى.

— بارات پالۋان كەلدى! — دەپ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىدى ئۇدۇل ئىككى ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇرغان، يوغان كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ياسىن دوختۇر.

— ئەمدى بۇ مۇتتەھەم ئەدىپىنى يەيدىغان بولدى. ھۆركىرىگىنى بىر يەرلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ - دە، ۋاھ. . . ھە ناسىراخۇن، — دېدى ئۇستىخانلىق كەلگەن، قاڭشارلىق، يۈز سۆكەڭلىرى چىقىپ قالغان تۇردىئاخۇن.

— ھەي تۇداخۇن، — دېدى ئېگىز بوي، قارامتۇل كەلگەن ناسىراخۇن، — بارات مۇشۇ كۈنلەردە چېلىشىش



مەيدانلىرىغا كەلمەيتتى. بۈگۈن ئەجەب كەپتا. . .

— ئاۋۇ ھۆكۈمەت ئادىمى بولغاچقا كەلگەن گەپتە.

— توغرا، توغرا، شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمىگىنىنى.

— ئېغىزىمىزغا ئاگاھ بولايلى، ئەتراپتا قۇلاق كۆپ، — دېدى ئاق سېرىق، ئېگىز بوي ياسىنجان ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ قويۇپ.

كىشىلەرنىڭ روھى بۆلەكچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. مەسچىتنىڭ ئېگىز پەشتىقىدا ئولتۇرغان بورتالا گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي، ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن بارات پالۋاننى كۆرۈپ تاتىرىپ كېتىشتى. ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئەمدى يەرگە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغانىدى. چۈنكى، ياڭ ھاكىم ئۇلارنىڭ ئوي - خىياللىرىنى بىلەتتى. ئۇ ئارىلاپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ قوياتتى. ئۇلار بارات پالۋاننىڭ چېلىشىش مەيدانلىرىغا بارمايدىغان بولغانلىقىنى زاكىر قۇلاقتىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ يۇرتتىكى پالۋانلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆزلىرىگە بېقىندى قىلىش ئۈچۈن، ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ پالۋان ئاتالغان، شېڭسىسەي ھۆكۈمىتىگە سادىق بىرىنى تېپىپ كېلىشكەنىدى. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن «چېلىشىش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈپ خەلققە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ مەقسەت قىلغانىدى. ئەمدى قاراڭ، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ قارىداپ، ئۆڭسۈلىنىڭ ئۆچكىلىۋاتقىنىنى؟

كىشىلەر ئىككى تەرەپكە داجىشىپ يول بېرىشتى. بارات پالۋان مەيدانغا مەيدىسىنى كېرىپ كىرىشكە لەن شىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سېنىڭ چېلىشىشىڭغا رۇخسەت يوق.

كەت! — دېدى ئۇ ئۇيغۇرچە ۋارقىراپ سۆزلەپ.

— نېرى تۇر، چاتىقىڭ بولمىسۇن! — دېدى بارات پالۋان چەكچىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، ئورۇق كەلگەن لەن شىڭغا غەزەپ بىلەن گۆلىيىپ.

— چىقىپ كەت! — دېيىشتى بىرقانچە ئەسكەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— بۇلار نېمە قىلىپ يۈرىدۇ. باياتىن ئۇلار چېلىشىدىغانلار بارمۇ دەپ ۋارقىراپ يۈرەتتىغۇ؟ ئاناڭنى! — دېدى قاسىم كۆكۈش كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى.

— ئۇلار چېلىشىشقا چۈشسۇن! — دەپ بوم ئاۋازدا قوپال ۋارقىرىدى دوغىلاق كەلگەن، يۈزلىرى قىپقىزىل، قاپىقى تۈرۈلۈپلا تۇرىدىغان قارا قۇۋان.

كۆپچىلىك تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىرىغىلى تۇردى. مەيداننىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

— ۋەن سىلىڭ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى بېشى يوغان، پۈتى تەرىپى ئىنچىكە كەلگەن ساقچى باشلىقى ۋۇشاۋتەن ئەنسىز هالدا ئۇيان - بۇيان قاراپ.

— چېلىشمىسۇن، بارات بەك يامان نېمە، — دېدى يولۋاسبەگ قىرقىم ساقاللىرىنى تۇتاملاپ قويۇپ، ئۇنىڭ پارقىراق كۆزلىرىدىن خۇشامەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— ئۇلار چېلىشمىسۇن سىلىڭ جانابلىرى، — دېدى ياغاق يۈز، ئورا كۆز، كەكە ساقال هېكىمباي.

— بۇ قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ — دېدى ۋەن گوتەي يايما قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە تىترەپ تۇرۇپ.

— قارا، بۇ خەقنى! — دېدى شالاڭ ساقال، ئۇزۇنتۇرا كەلگەن موللا شاڭيۇ ۋەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرۇپ، — سىلى



بېشىنى سىلاۋاتسىلا يەنە باراتنى ئالقىشلاپ كېتىپ بارغىنىنى، نېمىدېگەن يۈزسىزلىك بۇ...

ۋەن گوتەينىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، بۇ خەلققە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈكى كېلىپ كەتتى.

— شاڭيۇم توغرا دېدى، بۇلار غەرەز ئۇقمايدىغان هايۋاندەكلا خەق.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشتى يولۋاسبەگ بىلەن هېكىمباي.

— ۋەن سىلىڭ، — دېدى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان ياڭ هاكىم، — بىز ئۇلارنى چېلىشتۇرايلى، بولمىسا خەلقنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، كېيىن ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ.

ۋەن گوتەي ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەندەك قارىدى. ئۇ ياڭ هاكىمنىڭ خەلقنىڭ تەرىپىنى ئالغان سۆزلىرىگە بەكمۇ ئۆچ ئىدى. «خەپ، سېنى بىر كۈنى بابلايمەن. شۇ چاغدا ئاشۇ ئېغىزىڭمۇ تۇۋاقلىنار...» دەپ ئويلىدى ۋەن گوتەي، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ دېگىنىدەك يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، نېمە قىلىشىنى ئۇقماي ئارىسالدى بولدى.

— ۋەن سىلىڭ، ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەيلى، — دېدى ياڭ هاكىم، — ئۇلارنى چېلىشتۇرمىساق خەلق بىزنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن...

— بوپتۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن! — دېدى ۋەن گوتەي ئېغىر تىنىپ، — جاكارچى، ئېلان قىل!

— نېمە دەيمەن؟

— ئاناڭنى! چېلىشىش باشلانسۇن دېمەمسەن، دۆت ئېشەك.

— هازىر چېلىشىش باشلانسۇن، پالۋانلار مەيدانغا چۈشسۇن!

كىشىلەر توپى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. لەن شىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ بارات پالۋانغا ئالىيىپ قاراپ قويدى-دە، مەيدان سىرتىغا ماڭدى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر بالىنى سىلكىشلەپ ئىتتىرىۋەتتى.

— نېرى تۇر، سارالڭ!

— ئۆزى سارالڭ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ بۇ سارالڭ، — دېدى بالىنىڭ ئانىسى بۇۋۇنخەلچەم.

— تولا سۆزلىمە قانجۇق!

— قانجۇق دېگەن سەندەك بولىدۇ. ئۆزۈڭگە قاراپ باقە، نېمىگە ئوخشاپ قاپسەن، — دېدى بۇۋۇنخەلچەم ئۇنىڭغا سەسكىنىش بىلەن قاراپ.

لەن شىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، «خەپ» دېدى-دە، توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بۇ نېمىنىڭ قارا ئەمدى نوچىلىقىنى، دادىسى ياخشى ئادەم ئىدى، بۇ دادىسىنى دورىماي قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئاق ساقاللىق بىر كىشى.

— ئالدىرىماڭ ئاكا، بۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، — دېدى ياسىن دوختۇر ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ.

— ئادەم خورلۇق ھېس قىلىدىكەن ئۇكام.

— خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلار بىر كۈنى بۇلارنى يۇتىدۇ، — دېدى ئابلىز قارىي.

— ئۆزىنى تونۇمىغان قوۋمگە خۇدا بەخت ئاتا قىلمايدۇ، — دېدى ناسىراخۇن بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— گەپكە پەخەس بولايلى، قۇلاق كەلدى... ھە، چېلىشىش باشلاندى. ئەمدى ئويۇننىڭ قىزىقى چىقىدىغان بولدى... — دېدى قۇربان ئاشپەز ئۇستاملارنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ.

ھەممىسى شۈك بولۇپ، چېلىشىش مەيدانىغا جىددىي قاراشتى. زەنجىردىن يېشىنگەن ھېلىقى پالۋان بارات پالۋانغا ھۆركىرەپ كېلىپ تاشلاندى-دە، ئۇنىڭ بېلىدىن قاماللاپ، ئۇيان-بۇيان تولغاپ مىدىرلىتالمىدى. بارات پالۋان قىلغۇلۇقنى قىلىپ باق، كۆرەي قېنى، دېگەندەك پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ جىم تۇراتتى. ھېلىقى پالۋان بارات پالۋاننى چاققانلىق بىلەن يانپاشقا ئالماقچى بولدىيۇ ئالالمىدى. بارات پالۋان شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتۇۋالدى-دە، يۆگەپ-يۆگەپ تارتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ قىزىرىپ كەتتى. بارات پالۋان ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر قولى بىلەن دەس كۆتۈرۈۋالدى.

— بولدى، مېنى... ئاتما... ساڭا... نوچى ئاتتىم... بىرنى... بېرىمەن...

ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ زەردە بىلەن ئۇنى ئەمەلدارلار تەرەپكە ئەسكى پالاسنى تاشلىغاندەك تاشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ياڭ ھاكىم چىرايىنى بۇزماي، تەمكىن ئولتۇراتتى.

— ياشاپ كەت بارات پالۋان! — كۆپچىلىك ۋارقىراشتى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

— تونىنى بارات پالۋانغا كىيگۈزەيلى! — دېدى ياڭ ھاكىم.

— نېمە دەيسىز؟ — دېدى ۋەن گوتەي ئۆڭگەن ھالدا.

— تونىنى باراتقا كىيدۈرمىسەك خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىمىز، ياخشىسى تونىنى باراتقا كىيدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئاغزىنى ئېتىش كېرەك. بۇلار كىچىككىنە ياخشى ئىش قىلىپ قويساق، تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرساق قىلغان ئىشىمىزدىن چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا چارە-تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ،

— بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى - ھە، ۋەن سىلىڭ جانابلىرى، — دېدى يولۋاسبەگ قىزىل يۈزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.

— ھەر ئىككىلىسىگىلا تون كىيدۈرەيلى! — دېدى ۋەن گوتەي خېلى كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن.

— بولىدۇ. ئىختىيارىڭلار. . . — دېدى ياڭ ھاكىم نارازى بولۇپ.

پەشتاقتا جاكارچىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ جىم بولۇشتى.

— خالايىق تىنچلىنىڭلار، ھازىر ۋەن سىلىڭ جانابلىرى سۆز قىلىدۇ، دىققەت!

ۋەن گوتەي ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ سۆز باشلىدى. غاپپار بەگ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان زور كۆلەملىك چېلىشىش پائالىيىتى. بۇ بىزنىڭ خەلققە بولغان زور ئىشەنچىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىمىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسەك، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ. . .

بارات پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەسكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— يالغانچىلىقىنى قارا، نېمىدېگەن ھىيلىگەر، — دېدى زەردىسى قايىنغا ناسىراخۇن.

— بىزنى ئالداۋاتىدۇ. . . — دېدى تۇردىئاخۇن پىچىرلاپ سۆزلەپ.

— ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بۈگۈنكى چېلىشىش مۇسابىقىسىدە تاللىنىپ چىققان ھەر ئىككى پالۋانغا تون



كىيدۈرۈشنى قارار قىلدۇق. قېنى بارات پالۋان بىلەن چېلىشىپ باقىدىغانلار بارمۇ؟

— يوق! ! !

كۆپچىلىكنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ياڭراق سادالىرىدىن ۋەن گوتەي چۆچۈپ كەتتى.

— قېنى تون كىيدۈرۈلسۇن! — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ سۆزلىرىنىڭ زورمۇ زور قىلىنغانلىقىنى، تازا قاملاشمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ قالدى.

— ۋەن سىلىڭ بەك ئوبدان ئادەم جۇمۇ، — دېدى توپ ئارىسىدىكى ئايىسخان ئوسما قويغان ئىنچىكە قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— ماۋۇ سەت جالاپ نېمە دەيدىغاندۇ؟ — دېدى قۇربان بوش شىۋىرلاپ، — مەشۇقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندەك. . .

مەيداندا تۇيۇقسىز كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر كۈلكە كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى.

— تونني كىيمەيمەن! — دېدى بارات پالۋان ناسىراخۇنغا پىچىرلاپ.

— كىيمىسەڭ بولمايدۇ. كىيگەنگە نېمە بولاتتى. كىيمىسەڭ بۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىسەن.

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ خۇدا بار.

— جاھىللىق قىلما، كىيىپ قويۇپلا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ياپمامسەن؟

شۇ ئارىدا دەرەخ ئۈستىگە قونۇۋالغان شامالخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى:

بۇركۇت ئالدى تۈلكىنى،
تۈلكە ئۇنى جىمىقتى.
كاككۇك، كاككۇك، نەدە سەن كاككۇك؟

— ياشا شامالخان، ناخشاڭنى ياڭرات! — دېدى قۇربان خۇشال هالدا ۋارقىراپ.

— كاككۇكنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيۋاتسا قانداق ياشايدۇ ئۇ؟ — دېدى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ.

ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمە دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. ئاۋۇ... — دېدى ۋەن گوتەي غاپپار بەگكە قاراپ.

— يارىم كەلمەمسەن، ساڭا تەشنا بولدۇم، — دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.

— ئەجەبمۇ جىم تۇرمايدىغان نېمىكەن ئۇ. نەدە ئادەم ئولاشسا شۇ يەردە ناخشا ئېيتىپلا يۈرگەن... — دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى سىلىپ، — ساراڭمۇ نېمە ئۇ؟

— ساراڭ نېمە ئۇ، — دېدى هېكىمباي ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاران چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، — ئۇ يا يوقالمىدى، يا ئۆلۈپ قالمىدى.

ۋەن گوتەي دەرەخ ئاچىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان شامالخانغا غەزەپ بىلەن قارىدى. موللا شاڭيۇ، يولۋاسبەگ، هېكىمباي، موللا نىياز ئاخۇنۇملار شامالخانغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. چۈنكى، شامالخان ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتاتتى. ئۇلار يا بىر نېمە دېيەلمىگەن. شۇ تاپتىمۇ ئۇلار شامالخاننىڭ تىلىنى كەسكۈدەك بولۇشۇۋاتاتتى. «خەپ» دېيىشەتتى ئۇلار ئىچىدە.

هەزەر قىلىپ ياشايلى،
خۇشامەتچى ئادەمدىن.
كاككۇك، كاككۇك...



ئۇلار ئىككى پالۋانغا تون كىيدۈرۈشتى. كۆپچىلىك ئۈنلۈك هالدا:

— ياشا بارات پالۋان! — دەپ توۋلاشتى.

بارات پالۋان نېمىدىندۇر بىئارام بولۇپ، كەڭ مەيدىسىنى كېرىگىنىچە مەزمۇت هالدا يىراقلارغا تىكىلىپ ئويچان تۇراتتى.

خەلق ئۆز ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى ئالقىشلىماقتا ئىدى. بارات پالۋاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىرخىل خىجىللىق ئوتى كۆيدۈرۈۋاتاتتى.

## 3

ناهىيىلىك هۆكۈمەتتە جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ناهايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى موللا نىياز ئاخۇنۇم، يولۋاسبەگ، هېكىمباي ۋە موللا شاڭيۇلار كۆكۈش ئىس قاپلىغان يىغىن زالىدا غاپپار بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاران چۈشىنىپ ئولتۇراتتى.

— بىز بۇ قېتىم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئالدىنقى سەپكە شىڭ دوبەن خىزمىتىنى قىلىشقا بارىدىغانلارنى ئېلىش ئىشىنى ناهايىتى ئەستايىدىل بېجىرىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋەن گوتەي ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ، — بۇ ئىشقا هەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. بىزگە بېرىلگەن بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇنلىمىساق، يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز - هە، شۇنداقمۇ ئىمام ئاخۇنۇم؟...

— توغرا، توغرا... — ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى تېخىمۇ تۈگۈلۈپ، كىچىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى. غاپپار بەگ ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن قان - يىرىڭدىن سەسكەنگەندەك يىرگەندى.

— هەممىڭلار جەمئىيەتكە بىزنىڭ سىياسىتىمىزنى توغرا

يەتكۈزۈشۈڭلار زۆرۈر. يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن قورغاننى پۇختىلاش ھەممىدىن مۇھىم. ئۆزىگە ئىگە بولالمىغان پادىشاھ نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟ بۇنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلارچۇ!

— شۇنداق، ۋەن سىلىڭ ناھايىتى ئەتراپلىق سۆزلىدى، دانا پىكىر قىلدى، — دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن سۆز قىستۇرۇپ، — پولاتتەك تۈزۈم دۆلەت ئامانلىقىنىڭ ئاساسى... قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھېلىقى نېمىلەر ئاخىر نېمە بولدى؟ ئۆزلىرى كولىغان ئورەككە ئۆزلىرى چۈشتى. ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتقانىنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولىدۇ. زاكىر سەنمۇ ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بول. كىم قانداق گەپ قىلىۋاتىدۇ... — ۋۇ شاۋتەن ئۆزىنىڭ باشلىقلىقىنى پەش قىلغاندەك ھەممىگە قاراپ قويۇپ سۆزلەيتتى، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تاقا - تۇقا سۆزلىرىدىن بىزار بولۇۋاتاتتى، — بۇ قېتىمقى شەرەپلىك ئىشنى خەلققە ئوبدان تەشۋىق قىلىش زۆرۈر. بىز سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارنى ئەۋەتمەيمىز، سىلەرمۇ بۇ ياخشىلىقىمىزغا جاۋابەن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىڭلار. ئىئانە ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي پۇل - مالنى يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار.

— ئەگەر سىلەر بۇ ئىشتىن باش تارتىپ، تەشۋىقاتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويساڭلار، كېيىن بىزدىن ئاغرىنماڭلار، — ۋەن گوتەي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانلارغا ۋەھىمىلىك قاراپ قويدى، — يەنە بىر گەپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلاش زۆرۈر. قىش كىرگۈچە ھارۋىكەشلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئوتۇنلارنى ئوبدان بېسىۋالايلى. ئاتلارنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى تولۇقلىۋالايلى، — ئۇ تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ، ھەممە گەپنى دەۋالاي دېگەندەك ئالدىرىماي سۆزلەۋاتاتتى، — لەن شىڭ سەن ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارنى ئېلىش ئىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا ئوبدان مەسئۇل بول. سەن



بۇ خەقنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىسەن، باشقىلار ساڭا ھەمدەمدە بولىدۇ. ھېكىمباي، يولۋاسبەگ، سىلەرمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلار، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىدىغان ئىش بار تېخى، سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي...

ياڭ ھاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. موللا نىياز ئاخۇنۇم بىرنەچچە ئېغىز خۇشامەت سۆزى قىلىشقا ئالدىرايتتى. يولۋاسبەگ، ھېكىمبايلار ۋەن گوتەينىڭ سۆزلىرىگە «خوش، خوش» دېگىنىچە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرەتتى ھەم يۈرەكلىرىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار: «بايلارغىمۇ كۈن يوقمۇ نېمە؟» دېگەننى ئويلاپ قالاتتى. قولىدىن مال - دۇنيالىرىنىڭ كۆپرەك چىقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئاماللىرىنى ئىزدىشەتتى. بەرمەي دېسە بىر كېچىدىلا...

— لەن شىڭ سەن بۇ قېتىمقى خىزمەتتە تۆھپە ياراتساڭ، سېنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئويلىشىپ كۆرىمىز، — دېدى ۋەن گوتەي لەن شىڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇ لەن شىڭنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى...

— ئەسلى ئۆستۈرۈشكە لايىقتى، — دېدى ما تۇەنجاڭ ئاچچىق قىلىپ.

— شۇنداق، شۇنداق، لەن شىڭ بالام ئوبدان بالا، دادىسى بىلەن مەن بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتكەن، — دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم خىرقىراپ سۆزلەپ، — مەنمۇ لەن شىڭ بالامغا ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىرىمەن. جېنىم بىلەن... خەلققە ياخشى تەشۋىق قىلىپ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ۋەن گوتەي، — سېنى چاغاندا مۇكاپاتلايمەن، بىز بۇ يىلقى چاغاننى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىمىز لازىم.

— چاغاننى بىزنىڭ ئۆيدىلا ئوينىسىلا، — دېدى

هېكىمباي بىچارىلەرچە ھېجىيىپ.

— بىزنىڭ ئۆيگىلا باراملا يا... — دېدى موللا شاڭيۇ ئالدىراپ.

— ھازىرقى ئاساسىي مەسىلە ۋەزىپىنى ئورۇنداش، ۋەزىپە ئېغىر... بۇنى سەيسە دېمەي چىرايلىق نام بىلەن ئاتاپ، يۇقىرى بۇيرۇغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تىرىشايلى.

— غەم قىلمىسىلا، بىز بار، — دېدى لەن شىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ.

— بىزمۇ بار، — دېدى موللا شاڭيۇ.

— ئەلۋەتتە بىزمۇ بار... — دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم.

— مېنى بۇ قېتىمقى ئىشتا ئوبدان بىر كۆرۈپ قويۇڭلار، — دېدى لەن شىڭ تىك تۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنى جان - دىلىم بىلەن بېجىرىمەن، ئەگەر بۇ خىزمەتنى لايىقىدا ئورۇندىيالمىسام سىلىڭ جانابلىرىغا كاللام بىلەن جاۋاب بېرىمەن. مەن شىڭ دوبەن ھۆكۈمىتىگە سادىقلىق بىلەن ياشايمەن، بۇ يولدا ئۆلۈشكە رازى!

— ئوغۇل بالا، يارايسەن، ئەزىمەت، — دېدى ۋەن گوتەي قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

ياڭ ھاكىم ئۆز ئادەملىرىگە خىيانەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ھارام تاماق، تۇزكورلارغا قاراپ ئېغىر خىياللارغا چۆكتى. غاپپار بەگ: «خۇدا جاجاڭلارنى بېرەر» دېدى ئىچىدە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ.

— ياڭ ھاكىم جانابلىرى، ما تۇەنجاڭ، سىلەرنىڭ باشقا گېپىڭلار بارمۇ؟ — دېدى ۋەن گوتەي ياڭ ھاكىمغا مەسخىرە نەزىرىدە قاراپ.

— يوق! — دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ تەمكىن ھالىتىنى بۇزماي. ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزىلا باشقۇرۇپ كېتىۋاتقان ۋەن گوتەيگە ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى.



— مېنىڭمۇ پىكرىم يوق، — دېدى ما تۇەنجاڭ.

ئۇ ھەرقانداق چاغدا ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ئىدى. ئىشنىمۇ ئويلىنىپ قىلاتتى. مەنسەپ، ئەمەللەرگە ئانچىمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتى.

— ئۇنداق بولسا ھەممىمىز ئىشنى پۇختا قىلايلى، — دېدى ۋەن گوتەي، — بارات دېگەن نېمە ئىشىمىزنى بۇزدى، — ئۇ ياڭ ھاكىمغا ئالىيىپ قويدى.

— ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمۇ؟ — دېدى لەن شىڭ.

— ياق، ياق، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەگمەي تۇرايلى. تىنچ ياتقان يىلانغا چېقىلىپ نېمە قىلىمىز؟ ئەمدى ھەممىمىز تارقىلىپ ئۆز ئىشىمىزغا ماڭايلى... — ۋەن گوتەي بىرخىل ناخۇشلۇق بىلەن كۆرسەتمە بەردى.

يىغىندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سىرتقا قاراپ مېڭىشتى.

— ۋۇ جۇيجاڭ، بۈگۈن ئايىسخانىمۇ ئۆيگە بارىدۇ، ئۆيگە بارسىلا... مېھمان بولۇپ كەتسىلە، — دېدى ھېكىمباي خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ، ۋۇ شاۋتەننى يېنىغا تارتىپ.

— بولىدۇ، سىنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭ ياخشى - دە، ۋەن سىلىڭغا ماللىرىڭغا چېقىلماسلىقنى دەپ قويىمەن، خاتىرجەم بول - ھە.

ھېكىمباي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولدى. بۇ ئۇنىڭ نەق يۈرىكىدىكى سۆز ئىدى.

لەن شىڭ كۆزىگە قان تولغان ھالدا بىرنەچچە ئەسكەرنى باشلاپ، ھارۋىكەشلەرنى سەيسىگە تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ھارۋىنى ئاستا ھەيدەپ دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغان سىدىق كۆك كۆزنىڭ دولىسىغا قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ

ۋارقىرىدى.
— بولمامسەن چەنتۇ، ھارۋىنى چاققان ھەيدىمەمسەن؟!
سىدىق كۆك كۆز ئاچچىقىدا لېۋىنى چىشلەپ، ئۇنىڭغا
قەھر بىلەن ئالايدى.

— ئادەمگە ئالايماي، ھەيدە ھاۋراڭنى، سېسىق چوشقا.

«خەپ، ماڭمۇ خۇدايىم ئاشۇ قورالنى بېرەر، شۇ چاغدا
بۇنى قانداق قىلىۋېتىدىكەنمەن» سىدىق كۆك كۆز شۇلارنى
ئويلاپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۇ ئادەم پاك روھى بىلەن
خۇدادىن نېمىنى تىلىسە، بىر كۈنى شۇ تىلىگەن نەرسىگە
ئېرىشىدۇ، دەپ قارايتتى.

لەن شىڭ ھارۋىكەشلەرگە ھەيۋە قىلىۋېتىپ، كۆزى
ھېلىقى كۈندىكى چېلىش مەيدانىدا ئۆزىنى تىللىغان
بۇۋىخەلچەمگە چۈشۈپ قالدى-دە، ئۇنىڭ قورۇسىغا ئات بىلەنلا
كىردى. بۇۋىخەلچەم تونۇرغا ناننى چاپلاپ بولۇپ، ئەمدىلا تونۇر
بېشىدىن چۈشۈۋاتاتتى. لەن شىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا:

— ناننى تېز-تېز ياقماي، مۇشۇنداق لاغايلاپ يۈرسەڭ،
ئەسكەرلىرىمىز نېمە يەيدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— سىلەرنى ئەمدى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ نان چايناپ بېرىپ
باقسام بولامتى؟ ھېلىمۇ سەنلەرنى باقىمىز دەپ خۇنىمىز
قالمىدى.

لەن شىڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، مىلتىقىنىڭ پاينىكى
بىلەن ئۇنى بىرنى سالدى. بۇۋىخەلچەم كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ
يىقىلىپ چۈشتى.

— گەپ قىلمىسا نېمە ھەددىدىن ئاشىدۇ ماۋۇ چوشقا،
جېنىمنى تىكىپ قويدۇم بۇنىڭغا، بۇنداق ياشىغۇچە، —
بۇۋىخەلچەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى-دە ياقىسىدىن
ئالدى. (ئۇنىڭ ئېرى ئەختەم تۈگمەن باقىلى چىقىپ
كەتكەنىدى.) سىلىقنى ئورۇنداي دېسە، گومىنداڭچىلارنىڭ



سىم قامچىسى بېشىدا ئويناپ، ئېچىنىشلىق تراگېدىيىگە تولغان
مۇدھىش بىر پاجىئە سەت تەلەتى بىلەن دىۋەيلەپ
كېلىۋاتقان. . .

بۇۋىخەلچەم ئۇنى ئەسەبىيلەرچە تىللايتتى، لەن شىڭ
ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى، تېپەتتى. لېكىن، ئۇ
شۇنچە كۈچىنىپمۇ ئۇنىڭ قولىدىن ياقىسىنى ئاجرىتالمىدى.
يۈگۈرۈپ كىرگەن بىرنەچچە ئەسكەر بۇۋىخەلچەمنى ئۇرۇپ-
دەسسەپ يانچۇۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى.

بۇۋىخەلچەم بۇرنىدىن ئاققان قانلارنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ،
ھۆركىرەپ يىغلىدى.

— نېمە كۈن خۇدايىم بۇ، بۇلارنىڭ جاجىسىنى قاچان
بېرەرسەن؟. . .

ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان قوشنىلار يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

— مەن بۇلاردىن قىساس ئالىمەن.

— ئىچى قارىلار، بۇنى يامان ئۇرۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ —
دېدى كىرگەن ئاياللاردىن بىرى.

بۇيرۇق بويىچە ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانلار ۋەزىپىسىنى
ئورۇنداش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن خىزمەت قىلماقتا ئىدى.
موللا شاڭيۇ قول ئاستىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دەپ بۇيرۇق
چۈشۈرەتتى. تورۇق ئېتىنى ھەريان چاپتۇرۇپ، قوللىرىنى
ھاۋادا قالايمىقان پۇلاڭلىتاتتى.

موللا نىياز ئاخۇنۇم مېھراپتا ئولتۇرۇۋېلىپ، جامائەتكە
ۋەن گوتەي، ۋۇ شاۋتەن، ياڭ ھاكىملارنىڭ ياخشى تەرىپىنى
قىلىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي
ماختايتتى.

— بۇلار بولمىسا، ئۇلۇغ شېڭ دوبەن جانابلىرىنىڭ
شاپائىتى بولمىغان بولسا، بىز بۇنداق ياخشى كۈنلەرگە
ئېرىشەلمەيتتۇق. شۇڭا، بۇلارغا ھەمم

بولمىقىمىز لازىم. مەيلى بالىلىرىمىزنى ئەسكەرلىككە بېرىشتە بولسۇن ياكى باج تاپشۇرۇشتا بولسۇن ۋە ياكى بالىلىرىمىزنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئەۋەتىش ئىشلىرىدا بولسۇن... — ئۇ بۇلارنى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ناھايىتى ئورغۇلۇق ئاھاڭدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتاتتى.

بارات پالۋان، تۇردىئاخۇن، قۇربانلار ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قويقا تىك تۇرۇپ، ئۇنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

ھېكىمباي ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەننى ئەركەك قوينىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىرايلىق بىر چوكاننى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويدى. بۇ چوكاننىڭ ئىسمى ئايىسخان ئىدى. خاس ھۇجرىدا بۇلارنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن بىر كەچ ئىدى.

ھېكىمباي ئۆز ئىشىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى - دە، مال - دۇنياسىدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

قەيەردىندۇر شامالخاننىڭ ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قانسىرىدى ئەزىز تۇپراق،
يۈرەكنى چۇلغىدى پىراق.
كاككۇك... كاككۇك...



## ئۈچىنچى باب
# ئاي تۇتۇلدى

*قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن يۈرەكىمدە داغلار قالدى،*
*بۇلبۇلنى ئايرىدى گۈلدىن، بىنەپشىلىك باغلار قالدى.*

*— «غېرىب - سەنەم» داستانىدىن*

1

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا ئاستا - ئاستا ئېقىپ كىرىپ، گۈزەل جامالىنى يوشۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئادالەتسىز دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ دەردلىك ياش تۆكۈشلىرىنى كۆرگۈسى يوقتەك قىلاتتى. غەمكىن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بويۇن قىسىپ يۈرگەن سانسىزلىغان نارەسىدىلەرنى ئىختىيارسىز ئەسلىتەتتى. يېنىك تەۋرىنىپ چىقىۋاتقان مۇزدەك شامال نەلەردىندۇر بىر دەردمەننىڭ ناخشىسى بىلەن شامالخاننىڭ ھەسرەتكە تولغان ناخشىسىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. تۇپراقتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىرخىل مەززىلىك ھىد باھاردىن شەپە بېرىپ تۇرغان نەمخۇش ھاۋا بىلەن گىرەلىشىپ، ئادەمگە چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

باغ ئىچىدە بىر جۈپ قىز - يىگىت بىر - بىرىگە مۇڭلۇق بېقىشىپ تۇراتتى. قىزنىڭ قولى قارا، ئۇزۇن، بىلەكتەك توم ئۆرۈلگەن چېچىنىڭ ئۇچىنى تىنىمسىز ئوينايتتى. بىر چاغدا ئۇ ئېغىر تىنىپ:

— قۇربان — دېدى تىترىگەن ئاۋازدا، — بىز بۇلارنىڭ قولىدا قاچانغىچە خورلىنىپ ياشارمىز، قانداق جاھاندۇ بۇ؟ بەخت ھامان بىزگە تەتۈر قاراپلا تۇرامدۇ؟

— چىمەنگۇل — قۇرباننىڭ كۆزلىرىدىن قىساس ئوتلىرى چاچرىدى — ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دېگەن گەپ بار. ئالدىرىمساق بىزگىمۇ بەخت قۇچاق ئاچىدۇ. كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى كىملەر ئالدىدا خار بولمىغان، مەن ئۆز ۋىجدانىم بىلەن ياشايمەن، ئۆلسەممۇ ۋىجدانىم بىلەن ئۆلىمەن، ۋىجدانسىز ئادەم تىرىك مۇردا. بىز ھامان زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، بەختىيار ھاياتقا، ئەركىن ئازادە تۇرمۇشقا ئېرىشىمىز.

— شۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ؟ بىز ئەركىن، ئازادە ياشالامىزمۇ ياكى بۇلار بىر كۈنى ئىنساپقا كېلىپ قالارمۇ؟ — چىمەنگۇلنىڭ كۆزلىرىنى پەرىشانلىق باستى. روھى ئېزىلدى.

— بۇلاردىن شەپقەت كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تىلىگەندەك بىر ئىش. بۆرە بىلەن قوي بىر قوتاندا ياشىيالىسۇنمۇ؟!

— بىز تەڭرى ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتۇق؟ — چىمەنگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاشقا باشلىدى.

— بەلكىم گۇناھلىرىمىز باردۇ. لېكىن، بىز ھامان قەد كۆتۈرىمىز. ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى. چىمەنگۇل بىز ئۈمىدسىزلەنمەيلى، — قۇربان شۇنداق دەپ چىمەنگۇلنىڭ مۇزدەك قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. چىمەنگۇل قۇربانغا يېنىك تاشلىنىپ، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغا ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى.

— بىگۇناھ ئادەملىرىمىزنى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ... مەن بەختىيار كۈنلەرنى كۆرەلەرمەنمۇ؟... قۇربان تەقدىرىمىزدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن...



— ئەنسىرىمەڭ، مەن سىزنى ھەرگىز ياتلار ئالدىدا خار قىلمايمەن. مەن ئوغۇل بالا، بىز ھۆرلۈككە ئېرىشكەندە، ئاندىن توي قىلايلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ... قۇربان، ئارىمىزدا مۇناپىقلار نېمانچە كۆپتۇ؟...

— مۇناپىقلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئارىمىزدا شەخسىيەتچى، مەيدانى يوق، نادان كىشىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇناپىقلار ھامان شەرمەندە بولىدۇ. بۇ سىناق دۇنياسى، ئادەم غۇرۇر بىلەن ياشىشى كېرەك.

— ھېكىمباي بىزگە ساتقىنلىق قىلىۋاتىدۇ...

— ئۇنداق ۋىجدانىنى ئىت غاجىۋەتكەنلەر مال - دۇنيا ئۈچۈن باشقىلارغا خوتۇن - قىزلىرىنى سولاپ بېرىشتىن يانمايدۇ. بۇنداقلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ... ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلايلى چىمەنگۇل...

چىمەنگۇلنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئامراقلىقى قوزغىلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېسەدەشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ بوش پىچىرلىدى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...

بۇ سۆز قۇرباننىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، بەدەنلىرىنى كۆيۈشتۈردى. ئۇ چىمەنگۇلنى ھېلى بىرى تارتىپ كېتىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىدى.

— بەك مىجىۋەتتىڭىز!

— باغرىمغا سىڭىپلا كېتىڭە... — دېدى قۇربان چوڭقۇر تىنىپ. ئاندىن قولىنى سەل بوشىتىپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. بۇ سۆيۈشتىن ئۇنىڭ بەدىنى ئوت ئالدى.

— يەنە سۆيۈپ قويۇڭ... — دېدى بەدەنلىرى قىزىپ كەتكەن چىمەنگۇل ئاستا، يېقىملىق شىۋىرلاپ.

قۇربان ئۇنى تويماي سۆيۈپ كەتتى. ئاي تۇمانلار ئارىسىدا سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتى ھىجران ئىلكىدە يىغلاۋاتقان گۈزەل بىر قىزنى ئەسلىتەتتى.

شامالخانىنىڭ ناخشىسى ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى.

يۈرەك بولدى مىڭ پارە،
كەلمەمسەن جېنىم يارىم.
قانۇ ياشلار ئاقتى كۆزدىن،
مۇسىبەتتە قالدى باشىم...

## 2

قۇياش يۈزىنى قېلىن قارا بۇلۇتلار توسۇپ تۇراتتى. ئاچچىق شامال ئازابتىن قۇرۇق تېرىدەك تارتىشقان يۈزلەر نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ ئۆتەتتى. ئانا زېمىن ئېغىر ھەسرەتكە چۆككەندەك سۈكۈتتە ياتاتتى.

بۇ يۇرت خەلقى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان بولۇپ، ھەممە يەردىن زۇلمەتلىك جۇت ياغاتتى.

گومىنداڭ قاراقچىلىرى ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ خەلقنىڭ قولىدىكى ئازغىنا ئاشلىق، يەم - خەشەكلىرىنىمۇ مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ بارماقتا ئىدى. قارشىلىق قىلغۇچىلارنى «دۆلەت ئارمىيىسىگە قارشى چىقتى» دېگەن ناملار بىلەن جازالايتتى. زۇلۇم خەلقنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە گومىنداڭچىلارغا بولغان نەپرەت مەۋج ئۇراتتى. ئىسيان تۇيغۇسى بولمىغان بۇ قوۋم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قانداق ساقلاشنى بىلمەي، پەقەت ھەممىگە شۈكرى قىلىپ، ئاللادىن نىجاتلىق تىلەيتتى. «يارىتىشنى مەن ياراتتىم،



يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن نۇرانە ھېكمەتنى چۈشىنىش قۇربىتى ئۇلاردا ھازىرلانمىغانىدى. شۇڭا، باشلىرىنى قاتتىق چايقىۋېتىپ، ئۆزلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمايۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى نادانلىق قاپلاپ، ۋۇجۇد دۇنياسىغا ھەقنى تونۇتىدىغان روھ ھۆكۈمرانلىق قىلمىغاچقا، ئەنە شۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇققا باش ئېگىپ تۇرىدىغان قۇللارچە بىر ئىدىيە ئاسارىتىدە ياشاۋاتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ بەخت يۇلتۇزىنى تەقدىر - پېشانىسىدىن ئىزدەش ئۇلاردا ئۇدۇم شەكلىدە داۋاملىشىپ، نۇرلۇق بىر ھەقىقەتنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. ئېتىقادتىكى ئاجىزلىق ئۇلارنى ئەنە شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئەپسۇس...

سەيسىگە تۇتۇلغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى. بىرنەچچە كىشى ئالۋاڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنداق قانلىق ۋەقەلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ، قىپقىزىل قانلار بۇ ئانا تۇپراققا سىڭەتتى.

شېڭ دوبەن خىزمىتىنى قىلىشقا بارىدىغانلارنى ئېلىش ئىشى ناھايىتى تاسادىپىيلا يۈز بەرگەچكە، ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. كوچا - كوچىلاردىن ئەنسىز يىغا - زارە، نالە - پەريادلار كۆتۈرۈلدى.

— نېمانچىلا قىلىپ كېتىسىلەر؟ — دېدى ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان موللا شاكىيۇ، — ئۇلۇغ شېڭ دۇبەننىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرەپلىك ئىش، شېڭ دۇبەن ئەلنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى ھەممىدىن مۇھىم ئەمەسمۇ؟...

— توغرا دېدىلە، — دېدى كۆزىنى چىمىلدىتىپ پەستە تۇرغان موللا نىياز ئاخۇنۇم، — بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگۈلۈك. شىڭ دۇبەن جانابلىرىغا خىزمەتتە بولۇش ئەلۋەتتە

شەرەپلىك ئىش. بىز ئۇنىڭ سادىق پۇقرالىرى بولۇشىمىز كېرەك. پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىب، دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان. دۆلەت خىزمىتىنى قىلىش يامان ئىشمىتتى؟

قۇرباننىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، يۈرەكلىرى لەختە بولۇپ يىغلاۋاتاتتى.

ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان شامالخاننىڭ قۇلىقىغا موللا نىياز ئاخۇنۇمنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاندى - دە، ناخشىسىنى توختىتىپ:

— سىلەر شۇنداق ئۇلۇغ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا نېمىشقا باللىرىڭلارنى بەرمەيسىلەر؟ سەن بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا ياشاپ تۇرۇپ، جەننەتتە ياشاۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ — دېدى ئورۇق بېلىگە باغلىۋالغان قارا بەلۋېغىغا قىستۇرۇلغان قولىنى چىقىرىپ.

— بىزنىڭ باللار ئىلى تەرەپكە سودا ئىشى بىلەن كەتكەن، — دېدى موللا شاڭيۇ تىلىنى چايناپ.

— ئۆيلىرىگە بېرىپ تېپىپ كېلەيمۇ؟ سەندەك تېگى پەس ساتقۇنلار ئازغىنا نەپنى كۆزلەپ، نېمە ئىشلارنى قىلمىدىڭلار؟ مۇناپىقلار ھامان بىر كۇنى ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ... قىزىڭلارنىڭ قانچە ئېرى بار. ئۆزۈڭلارنىڭچۇ؟ ئاڭلىسام خوتۇنڭلار توي قىلمىدىكەنغۇ؟ ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئادەم ئاخىر خورلۇقتا ئۆلىدۇ. سەن مۇشۇنداقلا ياشاپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەۋاتامسەن؟

— يوقال، ساراڭ ئاشىق!

— مەن قىزىڭنىڭ ئاشىقى ئەمەس، زېمىنىنىڭ ئاشىقى.

— لەن شىڭ! — موللا شاڭيۇ زەردە گۆش بولۇپ ۋارقىرىدى، — قېنى ئۇ ئەيسا سۇنجاڭ، ئېلى بوجاڭلار، خەپ سېنى! — ئۇ شۇنداق دەپ نېرىغا بويۇنداپ قارىدى، شامالخان شۇ پۇرسەتتە قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ غايىب



بولۇشىغا ئەتراپتىكىلەرمۇ ھەيران بولۇشۇپ، ئۇ كەتكەن تەرەپنى جەزم قىلالماي قېلىشتى.

شۇ ئارىدا لەن شىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قاسىم جودا، ياسىنجان، مۇھەممەت گاڭگۇڭ... لارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار بەتلەنگەن قوراللار ئاستىدا ئاچچىق يۆتۈۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن قەھر - غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— لەن شىڭ ئۇكام، — دېدى موللا شاڭيۇ، — ماۋۇ شامالخان دېگەن ساراڭ ئادەمنى تىللاپ...

— قېنى ئۇ؟ — لەن شىڭ ئالمان - تالمان ئەتراپقا قارىدى.

— بايىلا بار ئىدى... غايىب بولدى... — دېدى موللا نىياز ئاخۇنۇم ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ.

— ئۇچقۇر ئاياغ شامالخاننى بىلمەمتىڭلار. كىشىلەر ئۇنى بىكارغا شامالخان دەپ ئاتىمىغان، — دېدى قۇربان ئۇلارغا قاراپ ئىستىھزالىق كۈلۈپ.

— تولا سۆزلىمە، ھە، — دېدى لەن شىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— سۆزلىگەنگە سېلىق بارما؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇزلىغان چىرايى سەل ئېرىگەندەك بولۇپ، يۈزلىرىگە كۈلكە يامرىدى.

لەن شىڭ دەرغەزەپ بولۇپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. قۇربان قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— كېلە قېنى بۆركۈت بىلەن تەڭ بولماقچى بولساڭ.

لەن شىڭ قۇربانغا يېقىنلاپ بېرىپ توختاپ قالدى.

— كېلىڭلار، بۇنى ئۇرۇڭلار! — ۋارقىرىدى ئۇ جەھلى بىلەن.

ئەسكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، قۇرباننى مىلتىقنىڭ

پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. قۇربان بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

— قولۇڭنى تارتىش! — دېدى قاسىم جودا دېۋەيلەپ كېلىپ — بىز بارمايمىز دېسەك، زورلاپ ئېلىپ مېڭىۋاتىسىلەر، ئەمدى ئۇرۇشامسەن...

— ئۇنىڭغا تېگىشمە! بولمىسا ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن، — دېدى مەردلىكى بىلەن يۇرت ئىچىدە «گاڭگۇڭ» ئاتالغان مۇھەممەت گۆشلۈك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — سەنلەرگە بۇ جاننى تىكىپ قويدۇم.

— بىزلەرنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن، — دېدى ياسىنجان غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

قۇرباننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— بالام، ۋاي، بەختى شور بالام، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟

— ۋارقىراشما، بىزگە چېقىلساڭلار جاجاڭلار بىر پاي ئوق، — دەپ كاكىردى لەن شىڭ مىلتىقىنى ئۇلارغا تەڭلەپ.

— ئوق، ئوق، ئوق... قورال... ئەجەب... — دېيىشتى ئۇلار، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا.

— نېمە ئىش بولدى؟ نېمە غوۋغا بۇ؟ — دېدى ئەھۋالنى كۆزىتىپ يۈرگەن ۋەن گوتەي قوغدىغۇچىلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىپ مەغرۇر قىياپەتتە.

— بۇلار بۇيرۇققا بويسۇنمايۋاتىدۇ.

— بۇيرۇققا بويسۇنمىسا ئۇرامسىلەر؟ بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى ماڭغان ئادەملەر... بۇلارنى باشلاپ، باش شتابقا ئېلىپ بېرىڭلار، ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرسۇن.

قۇربان ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، خىيالچان ھالدا ئاستا ماڭدى. ئۇ بارات پالۋاننىڭ يېقىندىن بېرى تولا قىلىدىغان ۋە كىشىنى ئويغا سالىدىغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنى



باشقىدىن چۈشىنىشكە باشلىدى. ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولدى. «ئۇنىڭ بىلەن تاغقا ياغاچ ئەكەلگىلى كەتسەممۇ بوپتىكەن، نېمىشقىمۇ چېمەنگۈل بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ قالغاندىمەن...» ئۇ شۇ خىياللارنى قىلىپ خورسىنىپ قويدى.

بارات پالۋان قۇرباننى ئۆزىگە شاگىرت قىلىپ، ئۇنىڭغا ياغاچچىلىقنى ئۆگىتىۋاتاتتى. قۇرباننىڭ ھۈنەرگە بولغان قىزىقىشى، زېرەكلىكى ۋە خۇش چاقچاقلىقى بارات پالۋانغا يېقىپ قالغانىدى. بۇلار ئاكا - ئۇكىلاردەك ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى، بولۇپمۇ قۇربان بارات پالۋانغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. گاھىدا ئۇ بارات پالۋاننىڭ چىشىغا تېگىپ، تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىپ قوياتتى. بارات پالۋان ئۇنىڭ بۇ چاقچاقلىرىدىن تېرىكىپ، ئۆزىچە قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى ھەم كىچىك بالىدەك خۇيلىنىپمۇ قالاتتى. قۇربان ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

ئۇلار باش شتابقا يېتىپ بارغاندا، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئېلىنغانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تىزىملاۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى ياخشى كۈن كۆرۈشنى ئويلاپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەنىدى، بۇنى تەشۋىقاتنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

— ياسىنجان، بىز قاچان قايتىپ كېلەرمىز؟ — دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— كىم بىلىدۇ؟ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دېدى ئۆزلىرى، قۇربان، باراتكام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ياغاچ ئەكەلگىلى تاغقا چىقىپ كەتكەن.

— ئۇ ئاجايىپ ۋىجدانلىق ئادەم جۇمۇ، ناھەقچىلىك بولسا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. ئەركەك - دە، ئەركەك.

— ھەممە ئادەم شۇنداق بولسا.

دەرۋازا ئالدىدا يىغىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ۋەن گوتەي يۇمشاق تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى. غاپپار بەگ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىۋاتاتتى.

— ھۆرمەتلىك يۇرتداشلار، سىلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىڭلارنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بەرگىنىڭلارغا شىڭ دوبەن نامىدىن نامىدىن كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. بالىلىرىڭلار ھۆكۈمەت تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ياخشى خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشىدۇ. ھۆكۈمەتمۇ شۇنى كۆزدە تۇتقان گەپ، بۇ بىر سىناق. ئائىلەڭلاردا قىيىنچىلىق بولسا، بىز ئاستا - ئاستا ھەل قىلىمىز. ھازىرچە سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار. . .

ئۇ خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن، كىشىلەر بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇشاتتى.

چىمەنگۈل قۇرباننىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قان داغلىرىغا قارىغىنىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. ئۇنىڭ قويۇق، سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئالمىدەك مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. قۇرباننىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى - دە، يۈرىكى كۆيگەندەك بولۇپ، تولغىنىپ كەتتى.

چىمەنگۈل توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قۇرباننىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئۆزىنى قۇرباننىڭ باغرىغا ئاتقىلى تاس قالدى.

— خۇداغا ئامانەت! — دېدى ئۇ قولىدىكى خالتا بىلەن قەغەزگە ئورالغان قولياغلىقنى قۇربانغا سۇنۇپ.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دېدى قۇربان ئۆپكىسىنى ئاران بېسىپ. ئۇ شۇ تاپتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— خوش! — ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە پەرىشان ھالدا قاراپ قالغان قۇربان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە، غېرىب ھېس قىلدى. يۈرىكى قان - زەردابقا تولدى.

— ئەجەب جۈرئەتلىك قىزكەن، خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىنمۇ قورقماي كەپتۇ.

— بىچارىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ.

— كۆيۈك ئوتى دېگەن ئادەمنى جېنىدىنمۇ كەچكۈزىدۇ.

قۇربان ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاستا سىرغىپ چۈشتى.

— ئاز ۋاقىتتىن كېيىن راست قايتىپ كېلەرمىزمۇ؟

— قايتىپ كەلمەي نەگە باراتتۇق؟

— ھۆكۈمەت خىزمىتىگە زورلاپ ئاپىرىدىغان قانداق ئىشتۇ بۇ؟

— ئالىمادىس ئۇرۇش بولۇپ قالسا. . .

— كىم بىلەن ئۇرۇشىمىز؟

— بىزنى ئەزگۈچىلەر بىلەن، — دېدى قۇربان ئاچچىق ئارىلاش.

بۇلار بۇ يەردە پاراڭلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا، ۋەن گوتەي ئادەملىرىگە جىددىي مەجلىس ئېچىۋاتاتتى.

— بۇ قېتىمقى ۋەزىپە ناھايىتى ياخشى ئورۇندالدى، — دېدى ۋەن گوتەي تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ، — ھەممىڭلار كۆپ كۈچ چىقاردىڭلار، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ بۇ ئىشتا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان موللا شاڭيۇ، موللا نىياز ئاخۇنۇم، لەن شىڭلار كېيىن كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ. ما تۈەنجاڭمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئەمدىكى گەپ، ئالدىنقى سەپكە خىزمەتكە بارىدىغانلارنى ساق - سالامەت

ئاپىرىشتا قالدى. بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، بۇلارنى ئاپارغۇچە سىلىق سۆزلەش كېرەك. بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىساقلا بولدى.

— ئوتتۇن توشۇيدىغان هارۋىكەشلەرنىمۇ قوشۇپ ئاپىرايلى، — دېدى لەن شىڭ ئالدىراپ، ئۇ بايىقى ماختاشتىن كېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆز ۋەزىپىسىدىن هالقىپ، باشقا ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. هېچكىم ئۇنىڭغا پېتىنىپ ئارتۇقچە بىرنېمە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قىساسكار، قانخور مىجەزىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەن گوتەي ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ تۇراتتى.

— ئۇلار كەتسە بىزگە ئوتتۇن، ئاتلارغا يەم - خەشەك، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كىم توشۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئارىدىن بىرى.

— توغرا، هارۋىكەشلەردىن بىر قىسمىنى ئەۋەتىپ، بىر قىسمىنى ئېهتىياجىمىزغا قالدۇرايلى، — دەپ مەسلىهەت بەردى يەنە بىرى.

— قورۇدا ئىش قىلىدىغان سىدىق دېگەن قاپىقى يامانىنى قوشۇپ ئەۋەتىۋېتەيلى.

— ئۇنىڭ كېيىنچە قاپىقى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتقان بىر ئېهتىياجلىق ئادەم، ئەمدىكى گەپ، ئالدىنقى سەپتىكىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بارىدىغانلارنى ناهايىتى ئېهتىيات بىلەن يۆتكەشتە. بۇنىڭغا ما تۆەنجاڭ مەسئۇل بولسا قانداق - هە، ۋۇجۇيجاڭ جانابلىرى؟

— بولىدۇ، ناهايىتى ياخشى ئويلاپسىز، ما تۆەنجاڭ پاراسەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالىشىدا گەپ يوق.

— ۋۇ جۇيجاڭ بۇ قېتىمقى هەرىكەتتە ئادەم چىقىرىپ، بىزگە يېقىندىن هەمدەمدە بولدى. بۇرادەرلەر، بىز خاتىرجەم



ياشاش ئۈچۈن زىممىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىمىز - دە، — دېدى ما تۆەنجاڭ كىنايە بىلەن، ئۇ شۇنداق دەپ ياڭ هاكىمغا قاراپ قويدى. ياڭ هاكىم گەپ قىلماستىن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ۋۇ شاۋتەن:

— ياڭ جانابلىرى گەپ قىلمايدىلىغۇ؟ مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟ بىرەر چوكان تېپىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىۋالسىلا بولامدىكىن... هايت دېسىڭىزلا بۇنىڭغا هېكىمباي تەييار... — دېدى خىرىلداپ كۈلۈپ.

— بولدى، يىغىندا چاقچاقنى قويۇڭلار، — دېدى ۋەن جىددىي تۈستە. ئۇ يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغانلىقىدىن كۆڭلى جايىدا ئىدى، — يەنە بىر ئەسكەرتىپ قوياي: بۇ ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارغا ۋارقىراشقا، ئۇلارنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ. بىز بۇيرۇققا ئاساسەن بۇلارنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بەرسەكلا بولدى. بۇ قېنى قىزىق خەق. قېنى قىزىسا كۆزىگە هېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشى چارە سىلىق سۆزلەش، ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى جايلاش. بۇ ئىشتا مەن قانداق قىلدىم. موللا نىياز ئاخۇنۇم، موللا شاگىيۇلارنى ئىشقا سالدىم، ئۇلار خەلققە تەشۋىق قىلدى. قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشقا سالدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى يامان بولۇشۇپ، بىزگە پايدىلىق شارائىت هازىرلاپ بەردى. بۇ خەقنىڭ مىجەزىدىن ئېيتقاندا، مىڭ ئالىم بىر ئادەمگە سۆزلىسە ئۇنىڭ گېپى ئاقمايدۇ. ئەمما، بىر موللا مىڭ ئادەمگە سۆزلىسە گېپى ئۆتىدۇ. ئۇلار هازىرمۇ تەشۋىق قىلماقتا. بۇنىڭ جاجىسى ئېغىزنىڭ يېلى ۋە ئازغىنا پۇل، يەنى قۇرۇق سۆڭەك... نەپسى بالا ئادەمگە بىر پارچە سېسىق گۆش بەرسە، ئانىسىغا باسقۇنچىلىق قىلغان ئادەمنىڭمۇ گۇناهىدىن ئۆتىدۇ... — ئۇ

ئۆزىنىڭ تاپقان چارىلىرىدىن سۆيۈنگەندەك ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا شۇنچىلىك دانا چاغلاۋاتاتتى.

بۇ يىغىنغا موللا نىياز ئاخۇنۇم ۋە موللا شاكىيۇلار سىرتتا جىددىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاچقا قاتنىشالمىغانىدى.

— سىز ئاجايىپ ئەقىللىق جۇمۇ، — دېدى لەن شىڭ يېقىمسىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئانچە ئەمەس، ئانچە ئەمەس، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — قېنى مېڭىشقا تەييارلىنىڭلار، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىڭلار.

ۋەن گوتەي ھەممىنى ئۆزۈم باشقۇرسام، ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ «خوش، خوش» دەپ تۇرسا دەپ ئويلايتتى. يىغىندىمۇ ھېچكىمگە سۆز بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق، نوپۇزلۇق ئادەم ھېسابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك پەم- پاراسەتلىك چاغلاپ، ئەتراپىنى يېزا- قىشلاقلار قورشاپ تۇرغان، ئاھالىسى ئاساسەن دېھقان بولغان بۇ كىچىككىنە شەھەرنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ باشقۇرىمەن، دەپ خىيال قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ گاھىدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىسىز بەزىبىر ئىشلارنى قىلىۋېرەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالىي قوماندان ساناپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، ھەربىي فورمىنى قىرلاپ كىيىپ، تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ قېتىپ يۈرەتتى. ياپما قاپاقلىرى ھامان تۇرۇك ئىدى. ئۇ يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا بەكمۇ تىرىشاتتى.



# تۆتىنچى باب

# خەيرلىك كېچە

*كىمنىڭ يۈرىكى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ھەقىقىي بۈيۈكتۇر.*

*— ر . روللان*

بارات پالۋاننىڭ ئۆيى دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقتىن توختىماي سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، شەھەر مەركىزىگە ئىككى يۈز مېتىرچە كېلىدىغان يەردە ئىدى.

دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىگە ئازادىلىقنى كۈيلەپ قان قۇسۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەھەللە- كويلارنىڭ تۇرۇپ- تۇرۇپ ئەنسىز قاۋاپ قويىدىغان ئىتلىرى يوچۇن ئادەملەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ قوياتتى. بۇ ئىتلارغا تونۇش بولغان سەبىي بالىلارنىڭ ۋاڭ- چۇڭلىرى كوچا جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ھەر ھالدا بىر قايناق ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. مەكتەپكە كەتكەن بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ئۇلار كەلگۈچە يۈرىكى سۇ ھالدا يۈرۈشەتتى، شۇنداقتىمۇ تۇرلۇك سېلىقلارنى ئورۇنداش ئىشىنى توختىتىپ قويمايتتى. بالىلىرىنىڭ يېرىم چىنە تاماقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ بولۇپ، كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ قاراشلىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قىلىچ تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى. نېمە ئامال؟ مىڭ ئىشلىسىمۇ قورساق كوركىراپ ناغرا چېلىپ تۇرغان، چاپان تىزىدىن ئاشمىغان. «قانداق جاھان بولۇپ

كەتتى بۇ؟ مۇشۇنداقلا ياشاپ ئۆتۈپ كېتەرمىزمۇ؟ بالىلارنىڭ كېيىنكى كۈنى قانداق بولار؟...» دېيىشەتتى ئۇلار لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ.

بارات پالۋانمۇ شۇنداق خىياللاردا ئارامسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى زۇلۇمغا تاقەت قىلالمايدىغاندەك قىلاتتى. سەۋرىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ خورلاشلىرىغا «خوش، خوش» دەپ تۇرۇۋېرىش ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى ساقلاش يولىدا كۈرەش قىلىش چىن ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋان ئاغىنە، — دېدى قورۇ ئىچىگە كىرىپ كەلگەنلەر ئارىسىدىكى تۇردىئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋوي... كېلىڭلار، كېلىڭلار... — دېدى ئېغىر خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈۋاتقان بارات پالۋان قولىدىكى رەندىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى.

— نېمە ياساۋاتىسەن، بىكار تۇرمايسەن - دە؟ — دېدى ئابلىز قارىي.

— قوشنا - قولۇملارنىڭ ياسايدىغان ئىشىك، دېرىزىلىرى بار ئىكەن، شۇنى بىر نېمە قىلىپ قوياي دەپ، بىكار تۇرسا ئادەمنى غەم بېسىپ قالىدىكەن، — دېدى بارات پالۋان دوپپىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ، — ھە ناسىراخۇن يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

— ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىقنىڭ دەردىدە مۈكچىيىپ يۈردۇق، — دېدى ناسىراخۇن قويۇق بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىگە غەم پەردىلىرى تارتىلدى.

— ياسىن، باراتقا قاراپ كەتتىڭغۇ؟ ھەۋىسىڭ



كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— نېمىدېگەن قامەتلىك ئادەم بۇ؟ — دېدى ياسىن دوختۇر قارا كۆزلىرىنى بارات پالۋاندىن ئۈزمەي.

— قارا قوۋان سەنمۇ قاراپ كەتتىڭغۇ؟ تاختاي تىلىپ باققۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— قانچىلىك تاختاي چىقار دەپ ئويلاۋاتىدۇ - دە... — دېدى ئابلىز قارىي قارا قوۋاننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ.

ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىنى ئاڭلىغان بارات پالۋاننىڭ ئايالى ئەجەرقان يۈگۈرۈپ چىقتى - دە:

— ھوي، سىلەرمىتىڭلار، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئىللىقلىق بىلەن.

— ئوبدان، ئۆزىڭىز قانداقراق تۇردىڭىز؟

— خۇداغا شۈكرى، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ھوي بارات، بۇلارنى ئۆيگە باشلىماي نېمە قاراپ تۇرىسىز؟

— بۇلار يامان كۆپكەن، مۇشۇ يەردىلا يولغا سېلىۋېتەيمىكىن دەيمەن.

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى. بارات پالۋان زورىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلار ئاساسەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ئوتتۇز ياشلاردىكى قىران ئەزىمەتلەر ئىدى. بۇلار ئاندا - ساندا يىغىلىپ تۇرمىسا، ئىچى سىقىلىپ، ئارامسىزلىناتتى. بۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، بىر - بىرىگە شۇنداق ئىچەكىشىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ تۇرسا، ئۆزلىرىنى كۆڭلى ئېچىلىپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىناقلىقىغا يۇرت ئەھلىمۇ قايىل!

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ئامىن... ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، ھە ئۆي ئىچى

تىنچ - ئامانمۇ؟ — دېدى بارات پالۋان. ئاندىن بىردىنلا غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن قۇربان، قاسىم جودا، مۇھەممەت گاڭگۇڭ، ياسىنجانلار نېرى بولمايۋاتاتتى.

— ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەردىن ئەجەب خەۋەر يوققۇ؟ قۇربان، قاسىملارنى ئەجەبمۇ سېغىندۇق. ئۇلارغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى ياسىن دوختۇر.

ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەرنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ ئولتۇرغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۆي ئىچىنى مۇڭلۇق سۈكۈت باستى.

— ئۇلار ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسە بولاتتى، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپلا تۇرىدۇ، — دېدى قارا قوۋان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بوم ئاۋازدا بۇزۇپ.

— شېڭ سەينىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى چېكىدىن ئاشتى. ئادەمنى خالىسا تۇتۇپ، خالىسا ئۇرۇپ - سوقۇۋاتقان، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە باردى. ئادەم زومىگەر بولغانسېرى باشقىلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە؟ — دېدى ناسىراخۇن ئاچچىق قىلىپ.

— راست، بۇ ھۆكۈمەتتە ئىنساپ دېگەن نېمە قالمىدى؟ يۈزسىزلىكچۇ؟ ئۇلارنى ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىسىلەر دەپ ئېلىپ كەتكەن... ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغان ئادەمنىڭ چوشقىدىن نېمە پەرقى؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ ئالدىغان، بوزەك قىلغان بارمۇ؟ بىردەم سەيسە دەۋاتقان، بىردەم سېلىق سېلىۋاتقان، نېمىدېگەن تۈگىمىگەن ئىشلار بۇ، ھېلىمۇ بىز چىداۋاتىمىز، سۈكۈت ئىچىدە ياشاۋېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىز زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە ياشايمىز؟ بۇ خورلۇقنىڭ چېكى زادى نەدە؟ مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا قول قوشتۇرۇپ ياشاش ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۈچۈن ئۆلۈم! بۇنداق ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ —



دېدى بارات پالۋان ئېسىلىپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى قورقۇنۇچلۇق تۈس ئالدى. بەدەنلىرى غەزەپتىن تىترىدى.

— بىز ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكۈچە شۇنداق ياشايمىز. قايسى خەلقتە ئۆزىنى تونۇش ئېڭى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ ئېزىلىش ئىچىدە ياشايدۇ. مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىمىز ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بىز تولىمۇ نادانلىقتا ئۆتۈپتىمىز. مەن ئىلىم ئۆگەنمەي بىھۇدە ئۆتكەن ھاياتىمغا بەكمۇ ئېچىنىمەن، — دېدى ناسىراخۇن چوڭقۇر ئويلىنىش ئىلكىدە. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، ئورۇنلۇق پىكىر قىلىدىغان، كەمتەر ئادەم ئىدى.

— گېپىڭىزغۇ توغرا، لېكىن ئادەمدە قورقماس يۈرەك بولۇشى كېرەك. بىلىم بىلەن قەيسىرانە روھ ئادەمنى خارلىقتىن خالاس قىلىدۇ. بىزدە ھازىر نەق مۇشۇ نەرسىلەر كەم... خوجىنىياز ھاجىمدا قورقماس يۈرەك بار. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىنقىلابى راۋاج تاپتى. لېكىن، ئۇنىڭدا بىلىم يوق. شۇڭا، ئۇ شېڭ دۇبەننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشتى، — دېدى بارات پالۋان ھاسىراپ.

— شۇ ئىنقىلاب قانداق قوزغالغان بولغىيتتى؟ — دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى بارات پالۋاندىن ئۈزمەي.

— قانداق قوزغىلاتتى، ھۆكۈمەت خەلققە ئالۋاڭ - ياساقنى كۆپلەپ سالغان، خەلقنى ئەزگەن، ئۆلتۈرگەن، كالىلىسىنى سېپىل دەرۋازىسىغا ئاسقان... ئۇلارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي قوزغىلىپ چىققان. خوجىنىياز باش بولغان.

— شۇنداق ئۇرۇشلار بولسا، ئادەم بىر پۇخادىن چىقىۋالسا — دېدى ئابلىز قارىي.

— ئالدىرىما، ئىش تېخى ئالدىمىزدا... — دېدى ناسىراخۇن.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئىچىم سىقىلىپ بولالمايۋاتىمەن.

— ھەي، دېسەك گەپ تولا، — دېدى تۇردىئاخۇن ئۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، — بىز ئىچىنىشلىق ئەھۋالدا ياشاۋاتىمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاچقان يەرلەرگە تېرىغان زىرائەتلىرىمىز بىلەن زومىگەرلەرنى بېقىۋاتىمىز. مال - چارۋىلارچۇ تېخى. بۇ نېمە كۈن بىزگە... — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاچچىق ياشلار ئېلىندى، — ئېزىۋاتسا، بۇلاۋاتسا، خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتسا... — ئۇ بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

— بۇ زۇلۇممۇ بىر كۈنى تۈگەر! خۇدانىڭمۇ كۆزى بار، بىز ئاجىزلارغا بىر كۈنى بەخت ئاتا قىلار، «كۆزلەر ئاللانى كۆرمەيدۇ، ئاللا كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.» — دېدى ئابلىز قارى.

— ئاجىزلار خۇدانىڭ يېقىنلىرى ئەمەس، يارىتىش خۇدادىن، يارىلىش بەندىدىن. ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا. ئاچچىقنى دائىم ئىچىپ يۇتۇپ ياشاش مەرد، خەلقى ئۈچۈن يۈرىكى كاۋاپ بولىدىغان ئوغلانلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇشنىڭ پەيتى بولىدۇ. مېنىڭچە ھازىر ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ، قۇلاق يوپۇرۇپ ياشايدىغان زامان ئەمەس، — دېدى ناسىراخۇن جىددىي قىلىپ.

— توغرا دېدىڭ، بىزنىڭمۇ ئەمدى كاللىمىزنى سىلكىۋېتىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. كىشىلەر مېنى پالۋان دېيىشىدۇ. خەلققە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ شۆھرەت قازانماي، پالۋان ئاتالغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ خۇدا بۇ جىسمىمىزنى ئىت تالاشقاندەك بىر - بىرىمىز بىلەن چېلىشىش ئۈچۈنلا ياراتمىغان. خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياۋلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ياراتقان، ئۇنداق جەڭلەردە قۇربان بولغان ئادەملەرنىڭ



ھېچقانداق ئارمىنى قالمايدۇ.

— شۇنداق، — دەپ ھاياجانلاندى ياسىن دوختۇر.

— ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلۇغۋار پاراڭلارنى قىلغاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، مۇھىمى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىش! — دېدى ناسىراخۇن گەپنى كېسىپ. بۇ سۆز ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىگە تەگدى.

— قېنى چايىڭىزنى ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئەجەرقان شىرەنى قويۇپ.

سىرتتا بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئەۋجىگە چىقتى.

— مۇشۇ بالىلارغا قارىغانسېرى ئادەمنى غەم باسىدۇ. بىزغۇ بىر ئامالىلار بىلەن ياشاپ ئۆتۈپ كېتەرمىز، — دېدى ياسىن دوختۇر ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

— بارات بىز مەسلىھەتلىشىپ، بىر ئىش قىلمامدۇق؟ — دېدى قېنى قىزىپ كەتكەن قارا قوۋان.

— ئەمدى شۇنداق قىلماسلىق بولمايدىغان يەرگە يەتتى، ئاۋۋال ئويلىشىپ پۇختا تەييارلىق قىلايلى. بۇ قىلمەن دەپلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەرمۇ كەلسۇن... لېكىن بۇنى قىلماي بولمايدۇ!

شۇ ئارىدا شامالخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ، بارا - بارا يېقىنلاپ كەلدى.

بوۋام ئاچقان ئېتىزغا،
تېرىپ قويدۇم مەن بۇغداي.
تۇرسا بېشىمدا قاراقچى،
مەن ئۇنى قانداق ئوراي.
كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك؟...

— شامالخان ئاجايىپ ئادەم، ئۇنىڭ يۈرىكى يۇرتىنىڭ

يۈرىكى، تىنىقى خەلقىنىڭ تىنىقى، — دېدى ناسىراخۇن بارات پالۋانغا قاراپ.

— توغرا دەيسەن، — دېدى بارات پالۋان چىڭقىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئېيتقىنى خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىۋاتقان هۆرلۈك مارشى. بىز ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى زۇلۇم زەنجىرى بوينىمىزغا سېلىنغاندا، پىچاق سۆڭەككە تاقاشقاندا چۈشىنىۋاتىمىز. بولمىسا ئۇ ئەزەلدىن هۆرلۈك كۈيىنى ياڭرىتىپ كەلگەن. تېخى ئۇنى چۈشەنمەيۋاتقانلار، چۈشەنسىمۇ يۈرەكسىز هالدا ياشاۋاتقانلار ساماندەك...

— بىز نېمانچىلا نادان...

— رۇستەم سۇپەت ئوغلان بارات پالۋان بارمۇ؟ — دېدى شامالخان قورۇغا كىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بولۇپ، ئىككى قۇلىقىغا گۈل قىستۇرۇۋالغانىدى.

— ئۆيگە كىرسىلە، ئۇ بار. دوستلىرى كەپتىكەن، — دېدى ئەجەرقان.

— شامالخان دادا، بىزگە هېكايە ئېيتىپ بېرىڭە، — دېدى بارات پالۋاننىڭ ئون ئىككى ياشلاردىكى ئوغلى خىۋىر بالىلار ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— كېيىن ئېيتىپ بېرەي، ھە بالام.

— ماقۇل، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بالىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. شامالخان ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىكار بولسىلا بالىلارغا تۈرلۈك جەڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

— ئۆيگە كىرسىلە، مۇشۇ بالىنىزە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باتۇر ئوغلانلار يىغىلىپتىغۇ؟ نېمە كارامەت بۇ؟ ياخشىمۇ سىلەر؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى، ئۆزلىرى قانداقراق تۇردىلا... قېنى، قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە.



ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، نەدە ئولتۇراي يەنىلا دەردمەن ئانا زېمىنىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ سۇپا لېۋىدىلا ئولتۇردى.

— بۇياققا ئۆتۈپ كەتسىلە، سەت بولدى ماۋۇ ئىش... — دېدى بارات پالۋان ئۇنى تۆرگە زورلاپ.

— بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي، قېنى سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار.

ئۇلار قورۇنۇپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ھە، تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، رىزقىمىزنى يېيەلمەي كېتىپ بارىمىز، ئۆزۈڭلارچۇ؟

— تىنچ - ئامان...

— زېمىن يىغلىغاندا، ئادەم تىنچ - ئامان يۈرەلمەيدۇ، سەركە چۈش كۆرسە قويلارنى غەپلەت باسىدۇ، مەن دەرمانسىز، لېكىن قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىۋاتىمەن...

ئەجەرقان چاي ئەكىرىپ شامالخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھە، ئوغلانلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭلار، ياخشى، بىر - بىرىدىن كېلىشكەن ئەزىمەتلەر... خەلق نېمە كۈن كۆرۈۋاتىدۇ. زېمىن يىغلاۋاتىدۇ، ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەر ئاجايىپ قىيىن ئەھۋالدا ياشاۋاتىدۇ. مەن ھەممىنى بىلىمەن. ئەلنى دەپ بارمايدىغان يېرىم يوق. شۇنداقمۇ بارات؟

— شۇنداق، — دېدى بارات پالۋان ئۆپكىدەپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن ناھايىتى ئوبدان يىغىلىپسىلەر، مەن سىلەرگە بۇ يۇرتنىڭ تارىخىنى ئازغىنا سۆزلەپ بېرەي. بەزىلەر مېنى ساراڭ، ئاشىق دەيدۇ، لېكىن مېنىڭ نېمىگە ساراڭ، نېمىگە ئاشىق بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ، ۋىجدانى ئويغاق

تۇرىدۇ. . .
ئادەملەرنىڭ روھى ھەر زامان ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. . .
ئادەملەرنىڭ روھى ھەر زامان ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. . . ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ تارىخنى ئۇنتۇپ ياشاش بىر مىللەت ئۈچۈن زور پاجىئە. . .

ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار شامالخاننىڭ بەزىبىر سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەندەكمۇ قىلاتتى. ئۆي ئىچىدە قايغۇلۇق بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن مۇڭ، ھەسرەت تۆكۈلەتتى.

— ئەسلى بۇ يۇرت يامان كۆزلەردىن خېلى ۋاقىتلارغىچە نېرى تۇرغان گۈزەل بىر ماكان ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ پۈتۈن يەرلىرى قويۇق بوستانلىق، توقايلىق بولۇپ، بۇ يەردە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار چېپىشىپ يۈرەتتى، سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ تىنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەرنى ئەڭ دەسلەپتە بوۋىلىرىمىز مۇنداق ئاچقان: ئاتۇش بۇيامەتتىن قاسىم بەزگەك، مۇسا كۆنچى، ئىلىۋاي، تۇرپانلىق قىمارۋاز ھېكىماخۇنلار مەزلۇملىرىنى ئېلىپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، بۇ يۇرت ئارقىلىق چۆچەككە ماكانلىشىش ئۈچۈن ماڭغان، ئۇلار بۇ يۇرتقا كېلىپ قارىسا، ئادىمىزات يوق، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، بۇغا - ماراللار سەكرىشىپ يۈرگەن، تەبىئىي ئورمانلىق ۋە چەكسىز قېلىن چاتقاللىق، سۇلىرى مول، جەننەتتەك گۈزەل بىر زېمىن. . . ئۇلار بۇلارنى كۆرۈپ تاڭ قاپتۇ ھەم بۇ گۈزەل ماكاندا بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇلار نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان يوغان بىر سوكسوك ئاستىدا ئارام ئېلىشىپتۇ. ئۇ خۇددى كەپىگىلا ئوخشايدىكەن. كېيىن بۇلار كېڭەش قىلىپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئاندىن بۇ يەرنى «بوز دالا» دەپ ئاتاپتۇ. غۇلجىدىن ساپان ئەكېلىپ، يەرنى ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىپتۇ. ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپتۇ. قارا سۇنىڭ بىرقانچە يەرلىرىگە



تۇگمەن قۇرۇپتۇ. يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ. ھەرخىل كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە باشلاپتۇ. باشقا يەرلەردىن يەنە ئادەملەر كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋات قىپتۇ. خەلق ئۆم، ئىناق، باياشات ياشايدىكەن. . . ئەمدىلىككە كەلگەندە قانداق بولدى؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش پەردىلىرى تارتىلدى، — مەن شامالخان تېخى ھايات جۇمۇ؟ ئۆلمىدىم! — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. شالاڭ ساقاللىرى يېنىك سىلكىندى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، غەمكىن ھالدا چىقىپ كەتتى - دە، ئاز ئۆتمەي ناخشىسى ياڭرىدى.

ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ھەممىسى باشلىرىنى چۆكۈرۈپ، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلارغا چۆككەندى.

— نېمە ئىش بۇ؟ بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار! — دېدى بارات پالۋان قەتئىي ئاھاڭدا، — بىز ئەمدى قەددىمىزنى رۇسلىشىمىز كېرەك. شامالخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ چۆچەك ئېيتمىدى، رىۋايەت سۆزلىمىدى، ئۇ تارىخ سۆزلىدى. تارىخ قان بىلەن يېزىلىدۇ. تارىخنى قانداق يېزىش ھەربىر ئادەمنىڭ ئېتىقادىغا ۋە ئىرادىسىگە باغلىق، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز ھازىر تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ كوچىغا چىققان بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. ئاۋۋال كۈچ توپلىشىمىز لازىم. ھازىر بۇ ھۆكۈمەت بەكمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ھەممە يەردە خائىنلار تىمىسقىلاپ ماشكىدەك يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلەر بار. بۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلايلى. ھەممىمىز ھازىرچە بۇ ئىشنى كۆڭۈلدە ئويلىشىپ، تەييارلىق كۆرۈپ تۇرايلى. بۇ جاننى تىكىپ مەيدانغا چۈشىدىغان ئىش. بۇنىڭغا سەل قارىماڭلار. ھەممىمىز

ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى ئوبدان كۆزىتىپ بىر نىمە دېيىشەيلى. قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلار، — بارات پالۋان بىر مەزگىل ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئىشنى قانداق باشلاش ھەققىدە ئوي - خىياللىرىنى پىشۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ھەم باشقىلارنىڭمۇ مەيلىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

ئۇلار قەلبىدە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغا، خەلققە بولغان بىرخىل مېھىر - مۇھەببەت ئۇقچۇپ، زوراۋان، ئەزگۈچى كۈچلەرگە قارشى ئىسيان بىخ سۇرۇشكە باشلىدى. ئۇلار بۇرۇنراق مۇشۇ خىل تۇيغۇغا كەلمەي، بىچارىلەرچە ئۆتكۈزگەن ھاياتىغا ئېچىندى... شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئۆزلىرىنى يورۇق بىر تاڭغا يېتەكلەيدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يانغاندەك بولدى. نۇرلۇق بىر يۇلتۇز ئۇلارنىڭ يوللىرىغا ئاق يول تىلەپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى...

بارات پالۋان بۇ كۈنى كەچ ئىشنى نەدىن باشلاش، قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە كۆپ ئويلاندى. ئۆزىنىڭ جاڭگاللىق ئارىسىدا ئۆسكەن باللىق ھاياتىنى، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى. بەڭۋاشلىق كوچىلىرىدا نوچىلىق تالىشىپ يۈرت كەزگەن، تاۋكاللاردا قان تۆككەن، قىزلارنى دەپ باشقىلار بىلەن ياقا سىقىشقان، كىملەرنىڭدۇر ئۆيىدىكى ئاتقا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ تام ئارتىلغان، يوقىلاڭ ئىشلارنى باشلاپ، كىملەرنىدۇر ئۇرۇپ ماكچايتىۋەتكەن... چاغلىرىنى خىيال قىلىپ، ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئېچىندى. كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىۋەتتى.

ناسىراخۇننىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى، شامالخاننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قايتا مۇجۇدى. ئۇنىڭ ۋىجدانى خورلانغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى ئويغىنىش يالقۇنىدا كۆيدى، قېنى قىزىدى... كۆز ئالدىدا نۇرلۇق بىر تاڭ سۇزۇلۇۋاتاتتى...



بەشىنچى باب

# ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك

*ياۋۇز ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەمىشە خاتىرجەمسىز.*

— د . دېدىرو

## 1

فاتىخ، ئەكبەر، سېيىت، غېنى قاتارلىق شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا پارتلىغان ئىنقىلاب پۈتۈن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئىنقىلاب ئوتلىرى ھەممە ياقلارغا تۇتۇشۇپ، توسۇۋالغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالدى. جاراھەتلەنگەن خەلق قەلبىدە ئۆچمەس قىساس ئوتى يالقۇنجىدى. تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلار قىزىپ، كۈچلۈك دولقۇنلىدى. خەلق ئىنقىلاب ئوتىنى ياققان مەرد ئوغلانلارغا چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى، ئۇلاردىن سۆيۈنۈشتى.

ئوت بارا - بارا ئۇلغايماقتا ئىدى...

8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، جاللات شېڭ شىسەينى مەركەزگە يۆتكەپ كېتىپ، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇ يېتىپ كەلگۈچە جۇ شياۋلياڭنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

«ئالتە ئوغرى» نىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دەككە - دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورۇندا تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ئالاقزادە بولۇشۇپ، ھەممە ئېغىرچىلىقنى خەلققە يۈكلەپ، دەردىنى شۇلاردىن ئېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھېلى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قورقۇشۇپ، ھەممە كىشىگە گۇمان بىلەن قارىشاتتى. شۇڭا، بىرەر خەۋپ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خەلق ئىچىگە كۆپلەپ جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

بۈگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە باش شتابنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشى توغرۇلۇق جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىن كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىي ھالەتتە ئىدى. يىغىندا ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. قويۇق ئىس - تۈتەكلەر بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرەتتى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىشكەن بولۇپ، سۈرلۈك بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ئالتە ئوغرى نەدىن، قاچان پەيدا بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بىزگە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ قىسمىمىز ناھايىتى شىددەتلىك، جاپالىق جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرمىساق، ئۇلار ئۇرۇشتا قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟ ئۇلار بىزنىڭ بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشىشىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بىز تىنچ - ئامان ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلىشىمىز، ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم، — ۋەن گوتەيىنىڭ ياپما قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ،



گۆشىمىز، ياغاق يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى، — بىز ئۇلارغا ئون مىڭدىن ئارتۇق نان، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قوي ئاپىرىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇلارنى نەدىن ھەل قىلىمىز؟ خەلقتىن، باي - غوجاملاردىن ئالىمىز. بۇ دېگەن خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئىنقىلابى، شۇنداقمۇ يولۋاسبەگ. . .

— شۇنداق، شۇنداق. . . — دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈپ، ئىچى بولسا ئېچىشىپ كۆيگەندەك بولۇۋاتاتتى.

ھېكىمباي، موللا شاڭيۇ، ئىسرائىلبايلارمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆۋۈلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار قولدىن چىقىپ كېتىدىغان ماللىرىنى ئويلىغىنىدا، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. چىرايلىرى ئۆڭۈپ، ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھە، يولۋاسبەگ، ھېكىمباي، ئىسرائىلباي، سىلەرنىڭ مال - چارۋاڭلار قەيەردە؟ — دېدى ۋەن گوتەي ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۈرلۈك قاراپ.

— بۇنجىلاقتا. . . — دېيىشتى ئۇلار ئىنجىقلاپ.

«بۇنداق يەرگە كەلمەيتتىم. نەدىنمۇ كېلىپ قالدىم. قاراپ تۇرۇپ بۇ زىياننى قارا. . . ھەي. . . نەس باستى. قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ . . . ھېلىقى ئىسمايىل دېگەن نېمە نەدىنمۇ باردى. ئاھ خۇدا ماڭا ئاسانلىق بەرگەيسەن. بۇلارنىڭ دىلىغا ئىنساپ. . . » ئىسرائىلباي شۇلارنى ئويلاپ تولغىنىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئىككى ئادەمنى ھازىرلاپ، قويلارنى ھەيدەپ ئېرتەيدىكى ئەسكەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىشنى قىلاي. . . ئۇلار قورسىقى توق ھالدا جەڭگە كىرسۇن، ماغدۇرسىز قانداقمۇ ئۇرۇش قىلالايدۇ. ھازىر ئالتە ئوغرى نىلقىنى ئېلىپ، تەسىر كۈچىنى بارغانچە كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئۇلارنى تېز بېسىقتۇرۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي، سەل

قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلە، شۇڭا ھەممىمىز بىردەك ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك. يولۋاسبەگ، ھېكىمباي، ھە ئىسرائىلباي قانداق؟ — ۋەن گوتەي ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ قىزىرىپ كېتىشتى: «تۈگەشتۇق، ئالتە ئوغرى نەدىنمۇ پەيدا بولدى؟ تىنچ ياشىسا بولمامدۇ؟ ئادەمنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇپ... نېمە قىلالايدىكىن ئۇلار، شۇنچە زور قوشۇن ئالدىدا... قۇرۇق قول بىلەن...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى. بەرمەي دېسە، ئۆزلىرىنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدانلا بىلەتتى. «سادىق خۇيجاڭدىن، ھاجىمبايدىن نېمىشقا ئالمايدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ھېكىمباي.

— سادىق خۇيجاڭ بىلەن ھاجىمبايدىن مال ئالساڭلار كۆپ... — دېدى ھېكىمباي ئىنجىقلاپ.

— ئۇلاردىنمۇ ئالىمىز. ئالمايدىغان ئىش بولامدۇ. سادىق خۇيجاڭ باجنى تولۇق تاپشۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھاجىمباي ھازىر تاغدىكەن، ئۇنىمۇ تاپىمىز، سەن خاتىرجەم بول. ھەممە بايلاردىن ئالىمىز، ھازىرقى جىددىي ۋاقىتتا سىلەردىن ئېلىپ تۇرايلى. كېيىن ھۆكۈمىتىمىز سىلەرنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ.

ياڭ ھاكىم بىلەن ما تۈەنجاڭ تاماكا چەككىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. ياڭ ھاكىم ئۆز ئورنىنىڭ قۇرۇق رامكىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈكى كەلدى. ۋەن گوتەينىڭ ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئېلىپ قويمىغانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. بۇنى ئويلاپ - ئويلاپ ئازابلىناتتى.

— ھە، ۋۇ جۇيجاڭ ئىشلار قانداق كېتىپ بارىدۇ؟ ئۆتكەنكى يىغىندا تاپشۇرغان ئىشلار قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟! —



دېدى ۋەن گوتەي تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ھەممە يەرگە ئادەم ئەۋەتتىم، — دېدى ئۇ گۆشلۈك يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، — سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك.

— ياخشى، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ياخشىلاڭلار. ھارۋىكەشلەرنى ئىشقا سېلىپ ئوتۇنلارنى كۆپلەپ بېسىۋېلىڭلار، ھە ياڭ ھاكىم جانابلىرى، شۇنداق بولسۇن.

— بولىدۇ سىلىنىڭ جانابلىرى، — دېدى ئۇ ئاچچىق قىلىپ.

— بۇ گېپىڭىز بولىدۇ، — ۋەن گوتەي سوغۇق كۈلدى، — ئاشلىقلارنى تولۇقلىۋالايلى، شۇنداقمۇ موللا شاڭيۇ...

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان...

— بىز ئالتە ئوغرىنى يوقاتساقلا، خاتىرجەملىكىمىز ئەسلىگە كېلىپ، ئىشلىرىمىز ئىزىغا چۈشىدۇ. بۇنى ھەممىمىز توغرا چۈشىنىپ، بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەيلى.

غاپپار بەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلغاچ ھەممىگە زەن سالاتتى. كۆڭلىدە ئۇلارغا باھا بېرەتتى.

— ۋەن سىلىنىڭ ناھايىتى دانا پىكىر قىلدى، — دېدى ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن، — ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدا بىز ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماسلىقىمىز، ھۆكۈمىتىمىزگە سادىقلىقىمىزنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئىسپاتلىشىمىز كېرەك! — ئۇ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ يوغان تاقىر بېشىنى سىلاپ، ئەتراپقا قاراپ قويدى.

بۇ يەردە مۇئاۋىن ھاكىم، پىرقە باشلىقى لى يىنلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋەن گوتەينىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بىرەر

سۆزدىن قېيىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇندىمەي ئولتۇرۇشاتتى. ۋەن گوتەيمۇ بارا - بارا ئۇلارنىڭ مۇنداق مىجەزىگە كۆنۈپ قالدى. ئۇ بۇ يۇرتتا مېنىڭ گېپىم گەپ دەپ يۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ جىم ئولتۇرغىنىنى ياخشى دەپ قارايتتى.

— موللا شاڭيۇ جىمىپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى ۋەن گوتەي.

— سىلى ئۇچۇن جېنىمىز پىدا، ئالتە ئوغرىنى يوقىتىدىغانلا ئىش بولسا قولىمىز كۆكسىمىزدە، بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك، — دېدى ئۇ بىچارىلەرچە كۈلۈپ. ئۇنىڭ چىرايى غورا يېگەندەك قورۇلۇپ كەتتى.

— ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى.

ۋەن گوتەي ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە چېقىلماي، خەلقتىن سېلىق يىغىشتا ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى. بۇنىڭدىن موللا شاڭيۇمۇ خۇش بولۇپ، ئۇ تاپشۇرغان ئىشلارنى جان - دىلى بىلەن بېجىرەتتى. موللا شاڭيۇ بۈگۈن ئۆز مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچراپ قېلىشىدىن سەل ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. بۇ ئىش ھېكىمباي، يولۋاسبەگ ۋە ئىسرائىلبايىنى ھەيران قالدۇرماي قالمىدى.

— ۋۇ جۇيجاڭ، يەنە تەكىتلەپ قوياي، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئوبدان كۆزىتىڭ. ۋەزىيەت كەسكىن، ئوغرىلارنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە كېلىپ خەلقنى قۇتراتمىسۇن.

— خوپ، سىلىڭ جانابلىرى، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەممە ئىشنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇمەن.

— ياخشى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يىغىن ئېچىپ،



ئۇلارغا ۋەزىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈڭ، ۋەزىپىسىنى ئېنىقلىتىڭ! خىزمەت كۆرسەتسە مۇكاپاتلاڭ، خىزمەت كۆرسەتمىسە تۇرمۇش خىراجىتىنى قىسقارتىڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— خوش، يىغىن تۈگىدى، باشقا گەپ - سۆز بارمۇ؟

— يوق.

— تارقىلىڭلار! موللا شاڭيۇ بۇياققا كېلىڭ.

موللا شاڭيۇ ۋەن گوتەينىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ كۈچۈكلىنىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— نېمە ئىشكىن، سىلىڭ جانابلىرى؟ — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئەتە ئىككى مىڭ قوينى ئالدىنقى سەپكە ھەيدەپ بارىدىغانغا ئىشەنچلىك ئىككى ئادەم تېپىڭ. تاپقان ئادىمىڭىزنىڭ بالا - چاقىسى، ئائىلىسى بولۇشى كېرەك. ئۆزى تېمەن، ئىككى مىڭ قوينى باشقۇرالايدىغان ئىقتىدارى بولسۇن، ئۇلارنى تاپقاندىن كېيىن، ئالدىمغا باشلاپ كېلىڭ.

— بولىدۇ، ئاسان ئىشكەنغۇ؟ قاچان باشلاپ كېلىمەن.

— چۈشتىن كېيىن.

— بولىدۇ، خوش سىلىڭ جانابلىرى.

غاپپار بەگ تەرجىمانلىق ئىشىنى تۈگىتىپ، موللا شاڭيۇغا ئەگەشتى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەندىن كېيىن، غاپپار بەگ ئۇدۇل بارات پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

ۋەن گوتەي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ھېكىمباي ئاستا ئۇنىڭغا سۈڭدىشىپ ماڭدى.

— سىلىڭ جانابلىرى.

— ھە نېمە ئىش؟ — دېدى ۋەن گوتەي توڭلۇق بىلەن.

— كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بىرىپ مېھمان بولۇپ كەتسىلە... — دېدى ئۇ خەنزۇچىنى چالا - پۇچۇق سۆزلەپ.

— نېمە دەيدىغانسىز، ھازىر ئوينايدىغان چاغمۇ؟ بېرىپ مەن تاپشۇرغان ئىشنى قىلىڭ! — ئۇ ھېكىمباينىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپلا تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى.

ھېكىمباي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان ما تۇەنجاڭ ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇدى.

يولۋاسبەگ بىلەن ئىسرائىلباي ۋەن گوتەينىڭ ھېكىمبايغا ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشتى. چۈنكى، بۇلار كۆرگۈلۈكنى ھەممىمىز تەڭ كۆرسەك دەپ ئويلايتتى. ئىسرائىلباي ھېكىمباينىڭ قىلىقلىرىدىن سەل نەپرەتلەنگەندەك قىلدىيۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئويلاپ: «مال - دۇنيا دېگەن ئادەمنىڭ جېنى تۇرسا...» دەپ پىچىرلىدى.

ياڭ ھاكىم دەرۋازىدىن غەمكىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە ۋەن گوتەينىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئازابتىن قىينىلىپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي، تاماكا چېكىپ چىقاتتى.

موللا شاكىيۇ كۈن قايرىلغاندا، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى باشلاپ ۋەن گوتەينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ۋەن سىلىڭ سىز دېگەن ئادەملەرنى باشلاپ كەلدىم.

— ياخشى، — دېدى ۋەن گوتەي ئويان - بۇيان ماڭغاچ، — سىز ئەمدى قايتسىڭىز بولىدۇ.

— خوش سىلىڭ، ئىش بولسا مەن تەييار، چاقىرسىلا دەررۇ كېلىمەن، — موللا شاكىيۇ شۇنداق دېگىنىچە كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— غاپپار بەگ، سەن بۇلارغا سۆزۈمنى ئېنىق، ئېنىق تەرجىمە قىلىپ بەر.

— بولىدۇ، — دېدى غاپپار بەگ ۋەن گوتەينىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ.

ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىگە، يىرتىق كىيىملىرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، سىلىق تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— سىلەرگە ناھايىتى جىددىي، ناھايىتى شەرەپلىك بىر ۋەزىپە چۈشۈپ قالدى. بۇنى ئورۇندىساڭلار، سىلەرنى مۇكاپاتلايمىز. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كاتتا خىزمەت بېرىمىز...

غاپپار بەگ ئۇلارغا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ئەجەب ياخشى ئىشكەنا، — دېدى تۇردىئاخۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— ئەگەر ۋەزىپىنى ئورۇندىماي كەلسەڭلار، جېنىڭلارغا ھېزى بولساڭلار بولىدۇ. ئائىلەڭلاردىكىلەرمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى بۇلارنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ ئەندىكتۈرۈۋەتتى. «ئەجەب يامان يەردىن تۇتتى بۇ كاساپەت، بوپتۇ. قېنى كۆرمەيمىزمۇ. بۇ ئىشقا بىزنى بارات سايە قىلغاندەك چاتاق چىقماس، خۇدا ئاسانلىق بېرەر...» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇلار.

— سىلەر بونجىلاق دېگەن يەرگە بېرىپ، يولۋاسبەگ، ھېكىمباي، ئىسرائىلباي غوجاملارنىڭ قويلىرىدىن ئىككى مىڭنى تاللاپ ئېلىپ ئېرتەيگە ئاپىرىپ بەرسەڭلار بولىدۇ. ۋەزىپەڭلار مۇشۇ، ئىشقا پۇختا بولۇڭلار، ساختىلىق قىلماڭلار، بولمىسا كاللاڭلار كېتىدۇ.

— بۇ دېگەن زور ئىنئام بېرىدىغان، ھۆكۈمەت خادىمى بولىدىغان ئىش تۇرسا ساختىلىق قىلامدىغان، بىز ۋەزىپىنى جان - دىلىمىز بىلەن ئورۇندايمىز، — دەپ قەددىنى رۇسلىدى تۇردىئاخۇن. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غاپپار بەگ بىلەن ناسىراخۇن كۆڭلۈۋەتكىلى تاس قالدى.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى ۋەن گوتەي ئۇلارغا ھەۋەسلەنگەن ھالدا زور ئىشەنچ بىلەن قاراپ.

— سىلىڭ جانابلىرى بىز قاچان يولغا چىقىمىز؟

— ياخشى! — ۋەن گوتەي تۇردىئاخۇننىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، — سىلەر ئەتە سەھەردە يولغا چىقىسىلەر، سىلەرگە بىز ياخشى ئاتتىن ئىككىنى، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەق قىلىپ بېرىمىز.

— ۋەن سىلىڭغا كۆپ رەھمەت!

— ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرىمىز بار. سىلەرگە پادىچىلارمۇ ھەمدەمدە بولىدۇ.

— ۋەن سىلىڭ، — دېدى ناسىراخۇن تەمكىن ھالدا، — بىزگە ۋاقتىنى ئۇزۇنراق بەرسىڭىز.

— سىلەر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇپ قانچىلىك ۋاقىتتا كەلسەڭلار مەيلى، گەپ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا، ھازىر قايتىپ ئەتە سەھەردە كېلىڭلار.

— خوش سىلىڭ، بىزنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت، ئەتە سەھەردە كۆرۈشەيلى.

— خوش، — دېدى ۋەن گوتەي خاتىرجەم بولغان ھالدا، — ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۇلار يېنىلداپ كۆلۈشكىنىچە قورۇغا چىقىۋاتقاندا، ھارۋىدىن ئوتۇن چۈشۈرۈۋاتقان سىدىق كۆك كۆز ئىشىنى



توختىتىپ، ئۇلارغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدىراپ قويدى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە قورۇدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ ئەۋەتىلىشىدە مەلۇم سەۋەبمۇ بار. ئەسلىدە غاپپار بەگ ئۆزى ئادەم تېپىپ بېرىشنى موللا شائېيۇغا ۋەدە قىلغانىدى، ئۇ بارات پالۋاننىڭكىگە باردى - دە، ئەھۋالنى ئېيتتى. بارات پالۋان كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئەۋەتىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. غاپپار بەگ بۇنى توغرا تاپتى. بارات پالۋان غاپپار بەگنىڭ بۇنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈزگىنىگە رەھمەت ئېيتتى.

كەچتە ناسىراخۇن، تۇردىئاخۇن ۋە بىرقانچە بۇرادەرلەر بارات پالۋاننىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. سورۇن ئەھلى ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇنغا قوينى ئېرتەيگە ئامال قىلىپ ئاپارماسلىقنى، مۇمكىنقەدەر ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى تاپىلىدى. بارات پالۋان ئۆزى بۇ يەردە باش بولۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا ھەممەيلەننى سەگەك بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، بىر مەزگىل يىراقتىن قارشى تۇرۇپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئاندىن ئۇيۇشۇش كۈچىگە قاراپ رەسمىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئۇقتۇردى.

ئەتىسى سەھەر ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، بونجىلاققا قاراپ يولغا چىقتى. تاش كۆۋرۈككە چىقىپ ساقلاپ تۇرغان بارات پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ قايتىدىن خوشلاشتى. بارات پالۋان ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. كېيىن ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ قامچا سالدى. ئەمدى بۇ يەردىكى

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغانىدى. ئۇ ئىنقىلاب قايىنىمىغا بارا-بارا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

## 2

تۈن قاراڭغۇ، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، سوغۇق شامال ھۇشقۇيتاتتى. ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ كېچىگە ئاجايىپ سۈر بېغىشلايتتى. كوچا بويلىرىدىكى دەرەخ شاخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سارغايغان ياپراقلار سوغۇق شاماللاردا ھەر يان ئۇچاتتى. ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەھەر بېقىنىغا جايلاشقان غېرىبلىق باسقان باغدىن شامالخانىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئىلى ۋادىسى سىلكىندى،
زېمىن ئەمدى ئويغاندى.
ئەمدى ئۇخلاپ ياتمايدۇ
يۇرتىمىزنىڭ ئوغلانى.
كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك؟...

— ئاڭلىدىڭمۇ قاسىم؟ بىزنى ئويغىنىڭلار دەۋاتىدۇ، ئاجايىپ ئۇلۇغ ئادەم-دە ئۇ، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ تاڭنى چىللايدىغان بۇلبۇلى، — دېدى قۇربان ئەتراپقا تويماي قاراپ.

— ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ناخشىسى ماڭا ئەمدى باشقىچە ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— ئۇ چىللاۋاتقان كاككۇك چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى ياسىنجان.

— ئەمدى قاياققا بارىمىز، ئۆيگە كېتەمدۇقيا؟ — دېدى



مۇھەممەت گاڭگۇك.

— مەن ئۆيگە قايتاي، ئانامدىن ئەنسىرەپلا تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى قاسىم جودا.

— بىز شۇنچە ۋاقىت ئۆيدىكىلەرنى كۆرمەيمۇ چىدىدۇق، بۇ كېچىدە ئۆيگە بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى بىسەرەمجان قىلماي ئەتىلا بارايلى. ھازىر بىز باراتكامىنىڭ ئۆيىگە بارساق، ئۇ ئادەم نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئەھۋاللىشىپ كەلمەمدۇق؟ — قۇرباننىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەنگە مايدەك ياقتى. ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئازادلىققا ئىنتىلدۈرگۈچى بىرخىل ئۈمىد، قەلبلىرىدە يالقۇنجىغان قىساس ئوتلىرى ئۇلارغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى.

— قۇربان، سەن چىمەنگۈل بىلەن كۆرۈشمەمسەن؟

— ئۇ ھەرقاچان بارغۇ؟ يۈرۈڭلار، ئاۋۋال مۇھىم ئىشلارنى قىلايلى.

ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئالدىراش مېڭىشتى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىملەر؟

— ئەسكەرلەركەن.

— ساقال ياسىغاندەك بىر ياساپ قويايلى.

— بۇ بولىدىغان گەپ. ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنى بىر كۆرۈپ قويسۇن، — دېدى قاسىم جودا مۇشتلىرىنى تۈگۈپ.

تاماكا چېكىشىپ پاراڭلاشقاچ كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەر تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت، پەشۋالاردىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى.

— بىزگە رەھىم قىلىڭلار! — دەپ ياماشتى ئۇلار بۇلارنىڭ پۇتىغا.

— مانا رەھىم قىلىش دېگەن، — قاسىم جودا زەردە بىلەن بىرىنىڭ ئېڭىكىگە تەپتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن شۇ ھامان قان كېلىپ، كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.

— مانا شەپقەت دېگەن، — دېدى قۇربان بىر ئەسكەرنى كۆچەپ تېپىپ.

مۇھەممەت گاڭگۇڭ بىلەن ياسىنجان يىقىلغان ئەسكەرلەرنى تېپىپ، دەسسەپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتى. كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ بىردىنلا ئۇنى ئۆچتى.

— بولدى قىلايلى، ھېلىمۇ يەتكۈچە ئۇردۇق، — دېدى قۇربان.

ئۇلار قانغا مىلىنىپ سوزۇلۇپ ياتقان ئەسكەرلەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، بارات پالۋاننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

— ئۇ گويلار بىزنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندى. مانا ئۇلارنىمۇ ئۇرىدىغان كۈن كەلدى، — دېدى قۇربان، — ئۇزۇمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. تازا بىر پوخادىن چىقتىم.

— ھەمىشە مۇنداق ئوك كېلىۋەرمەيدۇ - دە، — دېدى قاسىم جودا.

— ئوك كەلمىسە، تەتۈرنى ئوڭلاپ تۇرىدىغان قۇربان ئاكاڭلار بارغۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇلاردىن بىرەرى بىر نېمە دەپ قالسا، مەن قۇرباننىڭ ئاغىنىسى دېسەڭلار ئۇلار سىلەرگە چېقىلالمايدۇ، — قۇربان قىزىقچىلىق قىلدى.

— قارا ماۋۇنىڭ يۇرتقا كېلىپلا پوچى بولۇپ كەتكىنىنى.

— يۇرۇڭلار، باشقا گەپنى قويۇپ، تېز - تېز ماڭايلى.

ئۇلار تۈن قاراڭغۇسى قوينىدا كۆزدىن غايىب بولۇشتى. بۇلار ئوفىسسىر - ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىر ئەمگىكىدىن جاق تويۇپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ مىڭ بىر بالالىقتا سەنتەيدىكى دۈشمەن ئۇۋىسىدىن قېچىپ چىققانىدى.

بارات پالۋانغا مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيقۇ يوق ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن



ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتىكى پىلان ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. (ئۇ سىرتتىن بايىلا كىرگەنىدى.) دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى ئۇنى چۆچۈتۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزىۋەتتى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيىپ قورۇغا چىقتى.

— كىم؟

— مەن قۇربان!

بارات پالۋان بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي دەرۋازا تۈۋىگە باردى.

— بىز قېچىپ كەلدۇق. . . — دېدى ياسىنجان ئەتراپقا قاراپ قويۇپ.

— ھوي، مۇنداق دەڭلا، — بارات پالۋان ھودۇقىنىچە ئىشىكنى ئاچتى، — قانداقراق ئەھۋالىڭلار، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ — بارات پالۋان ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— باراتكا، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ بۇ يەردىكى ئىشلار قانداقراق؟

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، — بارات پالۋان بۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى.

— دوست - بۇرادەرلەر سالامەت تۇرغاندۇ؟ ناسىراخۇن-كاملارچۇ؟

— ھەممىسى سالامەت، بىز ھەر قېتىم يىغىلىپ قالغاندا، سىلەرنىڭ پاراڭلىرىڭلارنى قىلىشىمىز.

— ياخشى، بىزنى ئۇنتۇپ كەتمەپسىلەر.

— ئۇنتۇپ كېتەمدىغان.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئۆيگە كىردى. ئەجەرقان سىرتتىكى ۋاڭ - چۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىللىق

چىراي بىلەن بۇلارنى كۈتۈۋالدى.

— كېلىڭلار، ھوي سىلەركەنسىلەرغۇ، قېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىڭلار، سالامەت كەلدىڭلارمۇ؟ — ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئۆزىڭىز سالامەت تۇرغانسىز؟

— سالامەت. . . قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىپ، قايتىدىن تىنچ - ئامانلىق سوراشتى.

— ئەجەرقان سەن چىقىپ چاي ئەكىرىۋېتىپلا تاماق قىل! — دېدى بارات پالۋان نېمە قىلىشنى بىلمەي پىرقىراپ يۈرگەن ئايالىغا ئەسكەرتىپ.

— ماقۇل، مانا ھازىر.

— بولدى باراتكا، ئاۋارە بولماڭلار، چاي بولسىلا بولدى، — دېدى ياسىنجان.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىڭلار، بولسىغۇ قوي سويسام بولاتتى.

— تاماق يېمەي، قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى قاسىم جودا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن گەپنى تۈزلا قىلىسەن، مۇشۇ يەرلىرىڭ بەلەن - دە، سىنىڭ، — دېدى بارات پالۋان ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ.

— يەيدىغاننىڭ گېپى چىقسا، يۈرىكى ئويناپ كېتىدىغۇ بۇنىڭ، ئەگەر تاماق بەرمىسىڭىز جودا قىلىشتىن يانمايدۇ، — دېدى قۇربان قاسىم جوداغا قاراپ.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بارات پالۋان بۇلارنىڭ قارىدىغان، ياداڭغۇ يۈزلىرىگە، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، ئاچچىق يۇتتى. كۆزلىرىگە ياش ئېلىنىپ، زالىم، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا غەزىپى تاشتى.



جىنچىراغ غۇۋا پىلىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ھەممىسى يانلىرىغا قىيسىيىپ يېتىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك ئەركىن ھېس قىلىشىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارغا بەكمۇ ھارغىنلىق يەتكەنىدى.

بىر چاغدا ئەجەرقان چاي كۆتۈرۈپ كىردى.

— شىرەنى قويۇڭ، نان دېرىزىدە.

ئۇلار چاينى كۆرۈپ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى - دە، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ شىرەگە يېقىنلاپ كەلدى.

— قېنى چاي ئىچىڭلار، قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋېلىپ ئاندىن پاراڭنى باشلايلى. . .

ئۇلار قاتتىق ناننى چايغا تۆگۈرۈپ يېيىشكە باشلىدى. قاتتىق نان ئۇلارغا شۇنچە مەززىلىك بىلىنىپ، ئىشتىھا بىلەن چايناشتى. بارات پالۋان ئۇلارنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىغا قاراپ تېخىچە ئازابلانماقتا ئىدى.

— ھوي قاسىماخۇن ناننى چايناپ يۇتۇڭلار، گېلىڭلاردا تۇرۇپ قېلىپ، ئۆلۈپ قالماڭلار يەنە، — دېدى قۇربان.

— مەن بىلەنلا قالدىڭغۇ؟ — دەپ خاپا بولدى قاسىم جودا.

— مەن ئەمدى ساڭا كۆيۈنمىسەم كىمگە كۆيۈنىمەن دوستۇم.

ئۇلار چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئالدىراپ قول كۆتۈرمەيلى، ماۋۇنىڭ كەينىدىن تاماق بار، — دېدى قۇربان.

— يائاللا قۇربان، يائاللا. . . بۇنىڭ دۇئاسى باشقا، ئۇنىڭ دۇئاسى باشقا، — دېدى ياسىنجان.

— بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسىلەر، نېمە ئىشلار بولدى؟ ئەمدى ئاڭلايلى قېنى. نېمىلا دېگەنبىلەن سالامەت قايتىپ

كەپسىلەر، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى كۆپ يېگەنىدۇق.

— بىزنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە سېلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارمىغانىكەن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا سېلىش ئۈچۈن مالايلىققا ئاپىرىپتىكەن... — قۇربان ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. قۇرباننىڭ تىترەپ قايغۇلۇق چىقىۋاتقان ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بارات پالۋاننىڭ گاھ قوشۇمىلىرى تۈرۈلسە، گاھ غەزەپتىن بەدەنلىرى چىمىلىپ كېتەتتى. يۈرىكى سىقىلىپ نەپىسى بوغۇلاتتى.

قۇربان باشتىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى. بارات پالۋان ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ سۆز قاتتى:

— سىلەر كۆپ ئازاب چېكىپسىلەر، باتۇرلۇق كۆرسىتىپسىلەر، ھازىر بۇلارنىڭ پۇتىغا پىت چۈشتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غېنى باتۇرلار ئالامەت ئىش قىپتۇ.

— بىز ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلىساق بولار؟ — دېدى ياسىنجان.

— بايىقىدەك باشلىمامدۇق، ئەسكەرلەرنى ئانچە - مۇنچە ياساپ... — دېدى قۇربان ھەييارلىق قىلىپ.

— باياتىن نېمە ئىش بولغان؟ — دېدى بارات پالۋان.

ياسىنجان بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، بارات پالۋان بۇلارنىڭ قارامىلىقىدىن ئەنسىرىگەندەك بولدىيۇ، يەنە ئارقىدىنلا ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئەجەرقان تاماق ئېلىپ كىردى، چامغۇر، ئاشكۆكى سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.



— سىزنى ئاۋارە قىلدۇق - دە، — دېدى مۇھەممەت گاڭگۇڭ ئوڭايسىزلىنىپ، — بۇ كېچىدە...

— ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار؟ قېنى ئوخشىمىغان بولسىمۇ ئاشقا بېقىڭلار.

ئۇلار تاماقنى تېز - تېز ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار بارات پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتاتتى.

ئۇلار ئاشنى ئىچىشىپ بولۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، بارات پالۋان سۆزىنى باشلىدى.

— ھازىر بۇ يەردە خائىن، مۇناپىقلار كۆپىيىپ كەتتى، ھوشۇر، زاكىر، تۇرسۇن، ئايىسخانلار ھەممە يەرگە قۇلاق يېقىپ تىڭتىڭلاپ يۈرىدۇ. سىلەر بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈڭلار، ئايىسخاننى ھەممەيلەن جۇيجاڭ دەپ ئاتىشىۋالدى...

— پاسكىنا جالاپنى قارا... — دەپ ئاچچىقلاندى قاسىم جودا، — ئادەم ئەمەس ھايۋانلار!

— ئۇلار خەلق ئالدىدا ھامان بىر كۈنى شەرمەندە بولىدۇ. خەلق ئۇلارنى جازالايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېزىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇزارلىق تۇرمۇشى بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. بارات پالۋان ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ بونجىلاققا كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ۋاھ، بەكمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ بۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار ھاياجانلىنىپ، — بىزمۇ ئەمدى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قېتىلىپ كېتىدىكەنمىز - دە.

— بىز ھازىرچە بۇلارنى ئۈركۈتۈپ تۇرايلى. شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن باشقا ئىش كۆرەرمىز، گەپ بۇلارغا قارشى ھەرىكەتنى توختىتىپ قويماسلىقتا.

— جېنىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ، — دېدى قاسىم جودا.

ئۇيقۇغا قانالامسەن؟
يىراقنى كۆرەلمەمسەن؟
ئېشىكنى بۇلاپ يېسە،
بىر مۇشتمۇ ئاتالامسەن؟

— قارا ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ مەزمۇنىنى...

— شامالخان بۇ كۇنلەردە ئىشىكىمىنىڭ ئالدىدا تولا ناخشا ئېيتىدىغان بولۇۋالدى، — دېدى بارات پالۋان، — ئۇنىڭ ناخشىلىرى ناھايىتى مەزمۇنلۇق، ئاڭلىسام ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، گاھىدا كۆزلىرىمگە قان تولۇپ، ئېتىلىپ چىقىپلا ۋەن سىلىڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۇم كېلىدۇ، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋالىمەن. ئۇ تېپىلغۇسىز بىر ئىنسان، يۇرتىمىزنىڭ قەيسەر ئوغلانى، ئەگەر بۇ يۇرتتا ئۇ بولمىغان بولسا، بۇ يۇرت قانداق بولۇپ قالار دەپ ئويلايمەن.

— چوڭلار ئۇ بۇ يۇرتتىن يوقالسا، بۇ يۇرتنى بالايىئاپەت باسىدۇ، دېيىشىدىكەنغۇ؟

— بەلكىم ئۇلارنىڭ گېپى راستتۇ؟

— بەزىلەر ئۇنى بۆرە ئېمىتىپ چوڭ قىلىپتىكەن دېيىشىدىكەن.

— يەنە بەزىلەر ئۇنى ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچىدىكەن، ھەممە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن دېيىشىدىكەن، ئۇ گۈللەرگە، باغۇ بوستانلارغا ئەجەب ئامراق - ھە!

— باراتكا، ئۇنى ئۆزىمىزگە خەۋەرچى قىلىۋالساق بولمامدۇ؟ — دېدى قۇربان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ.

— ئېسىمدە يوق نەرسىنى ئەجەب ئېسىمگە سالدىڭ، بۇ بەكمۇ بەلەن گەپ بولدى. ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، ئۇ چوقۇم ياق دېمەيدۇ.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەم، بىر كىشىگە شۇنداقلا



قاراپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىرگەن دۇكانىنىڭ تىجارىتىمۇ باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ.

— شۇنداق، ئۇ ئەۋلىيادەك ئۇلۇغ ئادەم، — دېدى بارات پالۋان، — ئۇ ئورمانلار ئارىسىدا چوڭ بولغان، ئۇ زېمىن بىلەن تەڭ نەپەسلىنىدۇ. بۇ زېمىنىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ يۇرت ھەققىدە ئېيتقان ھېكايىسىنى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي...

ئۇلار بارات پالۋاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى. شامالخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەتتى.

سەھەر، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز قېقىلىشى بارات پالۋاننى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. باشقىلار تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى.

— كىم؟ — چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان بارات پالۋان قاتتىق ۋارقىرىدى.

— مەن ئىسمائىل شەنگەن، ئىشىكنى تېز ئاچ.

«بۇ يالاقچى نېمە دەيدىغاندۇ؟» دېگەننى ئويلىغان بارات پالۋان بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا باردى.

— نېمە ئىش بولدى بۇ قاق سەھەردە؟ — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن. ئاندىن ئىشىكنى شاراقشىتىپ ئاچتى. تۈرلۈك گۇمانلار ئۇنى ساراسىمىگە سالدى.

— ۋەن سىلىڭ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، مۇھىم گەپ باركەن. ئىلى ئوغرىلىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشايدۇ... — دېدى ئۇ بىر خىل ئالاقزادىلىك ئىچىدە، — سېنى يېقىنلىرىدىن بىر نەچچىنى باشلىۋالسۇن دەيدۇ...

بۇنى ئاڭلىغان بارات پالۋاننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بىر تۇرۇپ يەنە ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

— قاچان كەپتۇ؟ — دېدى ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن.

— ئاخشام كەلگەن ئوخشايدۇ، ۋەن سىلىك تۈزۈك ئۇخلىمىغاندەك قىلىدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ.

— ئىلى ئوغرىلىرى كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم؟

— بىلمىدىم، مېنى شۇ چاقىرىپ كەل دېگەن... — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ.

— مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن، سەن كېتىۋەر.

— تېزرەك - ھە، ۋەن سىلىك ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە. مەن دەشنام يەپ قالماي... يېقىنلىرىڭنى باشلىۋال... — ئۇ بارات پالۋاننىڭ تۇرۇلگەن چىرايىدىن قورقۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئىسمايىل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر مەنسەپدار بولۇپ، خەلق ئۇنى «ئىسمايىل شەنگەن» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

— كىمكەن ئۇ؟ — دېدى ئەجەرقان ئەنسىز ھالدا، ئۇ بۇ كۈنلەردە بارات پالۋاندىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر قېتىم بارات پالۋانغا: «سىز مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ كەچ كېلىۋاتىسىز. گاھى كۈنلىرى سەھەر چىقىپ كەتكەنچە كەلمەيمۇ قويىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇۋالدىڭىز، دىققەت قىلىڭ» دېگىنىدە، بارات پالۋان تەرىنى تۈرۈپ ئاچچىقلاپ: «خوتۇن خەق دېگەن ئەر كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماي، ئۆيىنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان» دەپ كايىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن قورقۇمسىراپ سورىدى.

— ئىسمايىل شەنگەن ۋەن سىلىك چاقىرىۋاتىدۇ دەيدۇ.

— نېمە قىلىدىغاندۇ؟

— كىم بىلىدۇ، سەن چاي قايىنات، مەن چاي ئىچىۋېلىپ بېرىپ باقاي.

— بولىدۇ، — ئۇ بارات پالۋاننىڭ مىجەزىنى ئوبدان



بىلگەچكە ئارتۇقچە گەپ قىلماي، چايخانا تەرەپكە ماڭدى.

بارات پالۋان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگىنىدە، قۇربان ئەمدىلا ئويغانغانىدى. ئۇ بارات پالۋانغا ئەنسىز قارىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— بۈگۈن مېنى ۋەن سىلىك ئالاھىدە چاقىرتىپتۇ، بۇ خەۋەرنى ئىسمايىل شەنگەن يەتكۈزدى. مەن سىلەردىن ئەنسىرەپ...

— نېمىگە چاقىرتقاندۇ؟ سىزنى بىرەرى چېقىپ قويدىمۇ يا...

— بىلمىدىم، ئۆتكەندە سادىق باي بىلەن بەزىبىر گەپلەرنى قىلىشقان... ياق، ئۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس، ئەمىسە كىم؟

— ئاخشام تاياق يېگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىشىمىكىن دەيمەن.

— ئەسكەرلەر بىزدىنمۇ تاياق يەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەس.

— سىزدىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ يا؟

— ھېچ بىلمىدىم، بارغاندا بىلەرمەن.

— بارسىڭىز قانداق بولار؟

— ھېچ ئىش بولمايدۇ. بىرقانچە يېقىنلىرىمنى باشلاپ بارغۇدەكمەن.

باشقىلارمۇ ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىشتى - دە:

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سوراشتى.

— ئىسمايىل شەنگەن ۋەن سىلىك بارات پالۋاننى چاقىرىۋاتىدۇ دەپ كەپتۇ.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— ئاخشامقى ئىشمىدۇ يا، يامان ئۆرۈۋېتىپ قالدۇق

ئەمەسمۇ...

— سىلەر يۈز - كۆزۈڭلارنى يۇيۇپ چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار، مەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلەي.

— بولىدۇ، مەشەدە كۈتۈپ تۇرايلى. سىز كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىزمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئۆيلىرىمىزگە بارايلى.

— بىرەر ئىش بولماس باراتكا؟

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ھېچ ئىش بولمايدۇ، سىلەر قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار كۈتۈڭلار، ئىش ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ، سالامەتلىكىڭلارنى ئوبدان ئاسراڭلار، بەكمۇ ياداپ كېتىپسىلەر، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، نېمە ئىشلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ چايمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتتى. قالغانلار ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

## 3

گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەي ئىككى ئەسكەرنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى - دە، كېچىنى كېچە دېمەي ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەن، ياڭ ھاكىم قاتارلىق ئەمەلدارلارنى يىغىپ جىددىي يىغىن ئاچتى.

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ «ئالتە ئوغرى» بۇ يەردىمۇ پەيدا بولدىمۇ نېمە؟ بۇنى تېزدىن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەممىڭلار نان قېپىلار، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان... — ئۇ چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۇرلۇك تەلەتىدىن قورقۇشتى.

— ۋۇ جۇيجاڭ، ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان... يىغىن ئاچقان...— دېدى ۋۇ شاۋتەن دۇدۇقلاپ چىرايى تاتارغان ھالدا.



— بۇ ئىشقا سەل قاراپ، بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئاپەتنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك. ھە، ياڭ جانابلىرى ئۆزلىرىمۇ سەگەك بولۇپ يۈرسىلە، سىلىنى بىكارغا ھاكىم قىلىپ سايلىمىغان بىز، بۇ خەققە كۆلۈپ قويغان بىلەن باشقا چىقىدۇ. ئاز - تولا ئۇچۇقداپ، يۈرىكىنى مىجىپ تۇرۇش كېرەك.

ياڭ ھاكىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈككىدە ئولتۇراتتى.

— ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بۇ ئەھۋالغا قېلىشى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال، ئەسكەر دېگەن دۆلەتنى قوغدىغۇچى! ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيى بولۇشى كېرەك. بىلىۋاتامسىلەر، ئەمما ھازىر نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر قوللانمىساق بولمايدۇ، ھەرقايسى زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرىنى پۇختا قوغدىشىمىز لازىم. ئەگەر ئاشلىق قولدىن چىقىپ كەتسە، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ... كەچتە ئەسكەرلىرىمىزنىڭ چارلاش ئېلىپ بېرىشى خەۋپكە دۇچ كەلدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋالمۇ بىرنەچچە قېتىم ئەسكەرلىرىمىز زەربىگە ئۇچرىغانىدى. ئەمدى ئۆلۈم ئىشى چىقتى. «ئالتە ئوغرى» پەيدا بولماستىن بۇرۇن بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغان؟ ئەمدى قاراڭلار، نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ چوقۇم ئوغرىلار بىلەن باغلىنىشلىقى بار، ئەسكەرلىرىمىز كوچىدا خاتىرجەم چارلاش ئېلىپ بارالمىسا، ھە، بۇنى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟! — ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— مېنىڭچە، — دېدى ياڭ ھاكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، «ئۆزۈمنى ئەمدى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام» دېگەندەك ۋەن گوتەيگە قاراپ، — بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بىلەن بابلاش كېرەك.

— قانداق بابلاش؟ — ئالدىراپ سورىدى ۋۇ شاۋتەن.

— كۈندۈزدە بىزنىڭ ئەسكەرلەر كوچا چارلىسا، كەچتە

يەرلىك خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوغدىغۇچىلارنى كوچا چارلاشقا قويساق... بۇ خەق نەپكە ئامراق. كىچىككىنە نەپكە ئېرىشىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويىشىدۇ. بىز سىلىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. پالتىنى ياغاچ بىلەن ساپلاپ تېرەك كەسكۈلۈك... جۇ گېلياڭدەك پەم - پاراسەت بىلەن ئىش تۇتمىساق، يۇرتنى قانداق باشقۇرىمىز. قېنى بۇنى ئويلىشىپ كۆرسىلە، سىلىنىڭ جانابلىرى؛

ئۇنىڭ سۆزى ھەممىگە تەسىر قىلدى. ۋەن گوتەينىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆچلۈكى كەلدى. «مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇراشتۇرۇپلا دېگەن گېپىنى قارا... ئۆزىچە كېرىلىپ كەتكىنىنى...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى قانداق تەشكىللەش كېرەك؟ ئەگەر ئۇلار ئىشەنچلىك بولماي قالسىچۇ؟ — دېدى ۋەن گوتەي قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بۇنىڭغا ئامال بار، — دېدى ياڭ ھاكىم، — ھېلىقى چاغدا چېلىشىشقا چۈشكەن بارات پالۋان دېگەن بۇقىنى بۇ ئىشقا پەم بىلەن كۆندۈرۈش كېرەك. ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋاننىمۇ ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ كۆندۈرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاسانلىقچە يېرىمايدۇ.

— ئۇلارغا ئىشەنچ قىلىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەسكەرلىرىمىزمۇ ئانچە - مۇنچە چارلاپ تۇرۇشى كېرەك.

— ئۇلارنى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا كۆندۈرۈش ئۆزىمىزنىڭ پەم - پاراسىتىگە باغلىق.

ۋەن گوتەي ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. «بۇنى رەت قىلىۋەتسەم، ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ھە دەپ قويۇپ، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي قېنى، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قويغانغا نېمە بولاتتى، بۇنىڭدىن ھازىرچە پايدىلىنىپ، كېيىن



ئەسكى پايپاقنى چۆرۈۋەتكەندەك چۆرۈۋەتسەم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر قاملاشماي قالسا، ئۇنىڭغا گۇناھنى يۈكلەپ قويىدىغانغا ئاسان بولىدۇ» ، ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

— ئەتە بارات دېگەننى چاقىرتىپ كېلىڭلار، سۆزلىشىپ كۆرەي[1]، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ئاندىن، — ھېلىقى سادىق، ھاجىم دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇلار پات - پات كۆرۈنۈپ تۇرسا بولاتتى، — دېدى قەستەنگە. ئۇ بۇ سوئال ئارقىلىق ياڭ ھاكىمنىڭ گېپىنى بۇراشنى مەقسەت قىلدى.

— ھاجىمباي تاغدا مالغا قاراۋاتىدۇ، سادىقباي سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، — دېدى ياڭ ھاكىم ئۇلارنى ئاقلاپ. ئۇ بۇلار بىلەن ھەر ھالدا ياخشى ئۆتەتتى. بۇنى ياڭ ھاكىمنىڭ ئۇلاردىن ئاز - تولا نەپكە ئېرىشىپ تۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

— ھەر ھالدا دىققەت قىلىڭلار، بۇلارغا ئانچە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە كۆرۈنۈپ تۇرسا كۆڭۈل توق تۇرىدۇ. ئالىمادىس ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئىلى ئوغرىلىرىغا قېتىلىپ كەتسە، قانداق قىلغۇلۇق - ھە؟...

— ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ. ئۇلار ئىلى ئوغرىلىرىغا يانتاياق بولىدىغانلاردىن ئەمەس، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ياڭ ھاكىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ دەپ، نېمە ئىشلار چىقىۋاتىدۇ. قاچان جاھان تىنچىسا، مەن شۇ چاغدا خاتىرجەم بولىمەن. ۋۇ جۇيجاڭ سىزمۇ ئادەملىرىڭىزنى بېقىپ ياتماي ئىشقا سېلىڭ.

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار «تاڭ ئالدىدىكى بورتالا» دىن ئۆزلەشتۈرۈلدى.

ئۆتنى بېقىپ ئۇۋغا سالمىغاننىڭ نېمە پايدىسى - ھە! ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىشىنى دەرھال ئىنقىلاپ چىقىش. ھازىر ۋەزىيەت كەسكىن، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارغا پۇختا بولۇپ، ئەھۋالنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇڭلار، بۇ قېتىمقى ئىشقا قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدۇ، ھە... باشقا گەپ - سۆز بارمۇ؟

— يوق.

— يىغىن تۈگىدى!

ۋەن گوتەينىڭ بۇگۈنكى ئەلپازىدىن ھەممىسى قورقۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە دادىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغان مىجەزىنى ھەممىسى ئوبدان بىلگەچكە، ئۈن - تىنسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تارقىلىشتى. ئۇلار سىرتقا چىقىپلا ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ياڭ ھاكىم ئۆزىنىڭ «ئاقىلانە تەدبىرى» بىلەن ئۇنى قايىل قىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. «ئەگەر گەپ قىلماي ئولتۇرىۋەرسەم، ئۇ مېنى نېمە چاغلايدىكىنا... ھەي مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ قالمىسام بولاتتىغۇ؟ ۋاي، ۋوي ئۆچەكىشىپ قالسام قالارمەن...» شۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلەشتى.

ئۆتكەنكى بىر ئىش ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايتتى. فەن فامىلىلىك بىرى ۋەن گوتەي ئوتتۇرىغا قويغان «ئىشەنچلىك ئادەملەرنى خەلق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى قوزغىتىش، ئاندىن ئۇلارنى بىر يولىلا قىرىپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش» دېگەن پىكىرنى رەت قىلىپ، «ھېلىمۇ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بولاڭ - تالاڭلىرى يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ، ئالۋاڭ - ياساقمۇ يەتكۈچە بار. ئۇلار بىزنى ئۈن - تىنسىز بېقىۋاتسا، يەنە ئۇلارنى قىرىپ نېمە قىلىمىز» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

سەھەردە ۋەن گوتەي بارات پالۋاننى ساقلاپ خېلى ئولتۇردى.

— نېمانداق كەلمەيدۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى ئۇ.

— كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى ئىسمايىل شەنگەن تىترەپ تۇرۇپ، — مەن قاراپ باقاي، — ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى ئاچتى، — ئەنە ئۇلار كېلىۋاتىدۇ... — ئۇنىڭ سىدام يۈزلىرىگە كۈلكە يامرىدى.

— ئىسمايىل

— خوش سىلىڭ نېمە گەپلىرى باركىن؟

— ئۇيغۇر ئاشپەزلەرگە خەۋەر قىل، زىياپەتنى كاتتا راسلىسۇن...①

① يۇقىرىقى مەزمۇنلار «تاڭ ئالدىدىكى بورتالا» دىن ئېلىندى.

# ئالتىنچى باب
# ئېتىقاد ئۈچۈن

*ھەربىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى ھىمايە*
*قىلىش يولىدا مەردانە بولۇشى كېرەك.*
*— ئا. گومبولدت*

بارا - بارا سوغۇق چۈشۈۋاتاتتى. بازار ئىچىدىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقالغان بولۇپ، كىشىلەر بىرخىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە يۈرۈشەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ پۇقرالارنى سىلكىشلەپ قوپال ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى، تىلەمچىلەرنىڭ ئاھۇ زارلىق نالىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سوغۇق شامال غېرىبسىنىپ ياتقان ئەخلەت - چاۋالارنى ھەريان ئۇچۇراتتى. توپ - توپ قارا بۇلۇتلار قاپسىلىپ تۇرغان ئاسمان غەشلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى. يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئېغىر غەملەرگە يەم بولغاندەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇ يۇرتنى شۇنچىلىك بىر غېرىبلىق باسقان ئىدىكى، تۈرۈلگەن چىرايلاردىن مۇز ياغاتتى...

شامالخان يۈرەكنى پارە - پارە قىلىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ باغ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

غېرىب بولدۇم، يۈرىكىم قان،
ئەركسىز قىينالدى بۇ جان.
كۆلسەڭ ئەل - يۇرت بەختتە سەن،



شامالخاندا نېمە ئارمان...
كاككۇك، كاككۇك، قايدىسەن كاككۇك؟...

ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان بۇ ناخشا مۇڭلانغان زېمىننى ئاجايىپ تۇيغۇلارغا چۆمدۈرۈپ، گۈزەل بىر ئەتە ئۈچۈن قان بولۇۋاتقان يۈرەكنى كۆز ئالدىدا نۇرلاندۇراتتى، ئۇنىڭ قەلبىگە ئۈمىد ئاتا قىلىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇراتتى.

شامالخاننىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ھېچ كىشى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چوڭلار بىردەك: «بىز بۇ يۇرتقا چىقساق شامالخان بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسى، ئۆزى ھەققىدە سورىساق، ئوغۇزخاننىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. كېيىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ بىردەم كۆرۈنۈپ، يەنە يوقاپ كېتىشلىرىگە، بەزىدە ئۇ يەردە پەيدا بولسا، بەزىدە بۇ يەردە پەيدا بولۇشلىرىغا قاراپ، ئۇنى شامالخان دەپ ئاتىشىۋالدى. ئۇ ئەۋلىيادەك ئۇلۇغ ئادەم...» دېيىشىدۇ.

كىم تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى نامەلۇم ھەم بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن شامالخان دېگەن ئىسىم ئۇنىڭغا ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسىمدەك سىڭىپ كەتكەنىدى. شامالخاننىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك.

بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شامالخان ئاتا - ئانىسىدىن بوۋاق چېغىدىلا ئايرىلىپ قالغاچقا، بىر كۆك بۆرە ئۇنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانمىش. شۇڭا، ئۇ تاغلارغا چىقسىمۇ، ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردا يۈرسىمۇ، ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭغا ئەركىلەپ يۈرەرمىش. شامالخان ئورمانلىق ۋە تاغلاردا چوڭ بولغاچقا ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ، جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلەرمىش. ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچارمىش. شامالخان بۇ يۇرتتىن يوقالسا، ھايۋانلار، قۇش -

جانىۋارلار بۇ يۇرتتىن توزۇپ كېتەرمىش. بۇ يۇرت قاقاس چۆللۈككە ئايلىنىپ، بۇ يۇرتقا ئاپەت ياغارمىش...... شامالخاننى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بولدى. لېكىن، ھېچكىم شامالخان ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ نەچچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ گۈل قىسىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ قىرىق ياشلاردا بولۇشى مۇمكىن دېسە، بەزىلەر ھېچكىم بۇ يۇرتقا كەلمەستە ئۇ مۇشۇ يەردە بار ئىكەن، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان جۇمۇ، دېيىشىپ، ئۇنىڭ يېشىنى بارماق پۈكۈپ ھېسابلاپ كېتەتتى - دە، بىردىنلا چۆچۈشۈپ: «ئۇ قېرىماسلىقنىڭ دورىسىنى ئىچىۋالغان ئوخشايدۇ ياكى ئەۋلىيا ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى.

بۇ يۇرتقا كىملا كەلسۇن، ناخشا ئېيتىپ، قۇلىقىغا گۈل قىسقان شامالخان ئەڭ دەسلەپ ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ - دە، بىردىنلا يەنە غايىب بولىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنى «ئەۋلىيا بۇلاق» تەرەپتە ناخشا ئېيتىپ يۈرىدۇ، دېگۈچىلەر چىقىدۇ - دە، ھەممىسى بىردەكلا ياقىلىرىنى چىشلىشىپ: «ھېلى مۇشۇ يەردە ئىدىغۇ؟... تووۋا خۇدايىم، بۇ نېمە ئىشتۇ؟... ئۇ ئادەممۇ، ئەۋلىيامۇ؟» دېيىشىدۇ.

بىر قېتىم شامالخاننى خانقىز دېگەن بىر چوكانغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ دەپ، سۆز - چۆچەك تارقاتقۇچىلارمۇ بولدى. بۇنىڭغا شامالخاننىڭ خانقىزغا قاراپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بىر تال گۈل تەڭلىگەنلىكى سەۋەبچى بولغانىدى. كېيىن شامالخاننىڭ ھەممە ئاياللارغا ناخشا ئېيتىپ گۈل تەڭلىگەنلىكىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ سۆز - چۆچەكمۇ بېسىقتى.

شامالخاننىڭ ئاشىقلىقى توغرۇلۇق رىۋايەت قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى: شامالخان بۇرۇن بىر قىزغا ئاشىق بولغانىكەن. ئۇ



قىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شامالخان ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن توي قىلماي، گۈل كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەرمىش. گاھىدا ئۇنىڭ روھى «ئەۋلىيا بۇلاق» قا كېلەرمىش. ئىككىسى شۇ يەردە ئۇچرىشارمىش. شامالخاننىڭ «ئەۋلىيا بۇلاق» ئەتراپىغا گۈل تېرىپ، دەل - دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇ يەرنى گۈزەل بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇۋەتكىنىمۇ بىكار ئەمەسمىش... بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بەكمۇ نۇرغۇن ئىدى. بۇ يەردىكىلەر باشتا شامالخاننى ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىق دەپ بىلىشەتتى، لېكىن كىمگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيتتى.

بەزىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ «ئەۋلىيا بۇلاق» قىمۇ بېرىپ، ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىشتى. يەنە بەزىلەر شامالخاننىڭ كەينىدىن ئورمانلىقلارغىچە ئەگىشىپ بېرىپ، شامالخاننىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئورمانلىقلاردا ھەرخىل قۇشلارنى دوراپ سايرىغىنىنى، بۇلبۇللارغا جور بولۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىدى...

شامالخاننىڭ بۈككىدە ئورمانلىق يېنىغا سېلىنغان توپا تاملىق بىر ئېغىز ئۆيىمۇ كىشىگە ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. گۈللەرنى ئاسراش ئۈچۈن شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان تارغىنە قورۇ ئىچىگە كىرگەن كىشى ھويلىدا ۋە تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەن ھەرخىل گۈللەرگە قاراپ ھەيران بولۇشىدۇ. ئىشىكى دائىم ئوچۇقلا تۇرىدىغان ئۆيدە بىر پارچە كىگىز، ئەسكى جۇۋا، بىر كىشىلىك پاكىز يوتقان - كۆرپىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن قويۇلغان بۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىنمۇ ھەرخىل گۈللەرنىڭ پۇرىقى دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

شامالخان بۇ يۇرتتا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغاچقا،

ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆيىمىزگە كىرسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىشىدۇ. شامالخانمۇ قورسىقى «ۋىژ» قىلغان ھامان ئۇدۇل كەلگەن ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ھېچ قورۇنماي كىرىۋېرىدۇ. شامالخان ئۆيگە كىرگەن ھامان قايغۇ - ھەسرەتلەر بىلەن تولغان ئايىغى چىقماس جەڭنامىلەرنى شاپاق دوپپىسىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ، ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا ۋىجىككىنە گەۋدىسىنى ئۇيان - بۇيان مىدىرلىتىپ قويۇپ باشلايدۇ. كۈن قىيسايغان ھامان نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. بۇنى ئۆي ئىگىلىرىمۇ سەزمەي قېلىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى بۇ يۇرت خەلقىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى، ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان ناخشا تېكىستلىرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا سېلىپ ئېيتىۋېرىدۇ.

ئېغىر دەرد - ئەلەملەرگە بوغۇلۇپ ئۇيقۇسى قاچقانلار ئۇ ئېيتقان ناخشىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى سىقىلىپ، ئېغىر «ئۇھ» تارتىشىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر شامالخان كېچىلىرى ناخشىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدىكەن، دېيىشىپ: «ئۇ گۈلگە نېمانچىلا ئاشىقتۇ، پەرىزات بىلەن كۆرۈشەمدىغاندۇ يا؟... كېچىسى ئۇخلىمىسا، ئەتىسى يەنە مېڭىپ يۈرسە... ئاجايىپ ئادەم - دە بۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشەتتى.

شامالخان قىش كۈنلىرىنى ناۋايخانىلاردا، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە جەڭنامە سۆزلەپ، دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يۇرتتا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپلەر ئۇنىڭسىز قىزىمايدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇنىڭ ئۆيىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇقلۇق، ئەسكى مەشكە ئوت قالاقلىق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆيىگە بېرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ: «شامالخان ئادەم كۆرمەستە ئۇچىدىكەن» دېگەن سۆزلىرى بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.



بىرقانچە ئاقساقال شامالخاننى ياخشى كۆڭۈللىرى بىلەن «ئۆيلۈك - ئوچاقلىق» قىلىپ قويۇشماقچى بولۇپ، بۇنى شامالخانغا ئېيتىشۇۋدى، شامالخان تەرىنى تۈرۈپ قاتتىق تېرىكىپ:

— مەن گۈل ۋىسالىغا يەتكەندە... گۈلنىڭ ئېچىلغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە... — دېدى چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت: «شامالخان كەچلەردە ناخشا ئېيتقاچ ۋە بۇلبۇللارنىڭ سايرىغىنىنى دورىغاچ گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتىدىكەن. لېكىن، گۈللەر ئېچىلاي دېگەندە شامالخان ئۇخلاپ قالىدىكەن...» دېيىشىدىغان بولۇشتى.

شامالخان مەھەللە - كويلار ئارا جېدەل بولۇپ قالسا قاتتىق ئېغىر ئالاتتى ۋە بىر مەزگىل ھېچكىمگە گەپ قىلماي قېيداپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇنىڭ دەردمەنلەر قەلبىگە شىپا بولىدىغان ناخشىلىرى يەنە ياڭرايتتى... يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ناخشىلىرى ئۆزگىچە بىر ھالدا جانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن ئەنسىرىسە، بەزىلەر بۆلەكچىلا روھلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

شامالخان بارات پالۋاننىڭ خەۋەرچىسى بولغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلانغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى. ئۇ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جانلىنىپ، سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ نەلەردىن ئاڭلايدىكىن تاڭ؟ يېڭى - يېڭى «ئىلى خەۋەر» لىرىنى بارات پالۋانغا، يۇرتتىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ئىلقا پارتىزانلىرى ئىلقىنى ئېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىپتۇ. غۇلجا شەھىرىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلار ئۇلارغا ماسلىشىۋېتىپتۇ. غۇلجا پات ئارىدا ئازاد بولغۇدەك...

بۇنى ئاڭلىغان بارات پالۋان ۋە باشقا كىشىلەر قانلىرى

قىزىشىپ، ئورۇنلىرىدا تۇرالماي قىلىشتى - دە، ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش توغرىسىدا كېڭەشتى. ئۇلار چوڭراق ئىش قىلىشقا ئالدىرايتتى. ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇندىن تېخىچە خەۋەر يوقلۇقى ئۇلارنى بىئارام قىلاتتى. نەق مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھېكىمباينىڭ قويچىسى ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ۋەن گوتەي بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن دەرھال بىر ئادەم ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. غاپپار بەگ بۇنىڭغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ۋەن گوتەيگە بىلدۈردى. ۋەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن غاپپار بەگ بارات پالۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قارا قوۋاننى ئەۋەتىشنى لايىق تاپتى. بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يورۇغاندەك، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى.

شامالخان ئۇلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئەتراپنى كۆزىتىش ۋە خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا ئايىغىنىڭ يېنىكلىكى، چاققانلىقى بىلەن مۇھىم رول ئويناۋاتاتتى. بارات پالۋان ئۇنىڭدىكى ئېتىقادنى، جەسۇرانە روھنى كۆرۈپ، تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى.

شامالخان شەھەرگە يېقىن جايدىكى يالىڭاچلانغان قېلىن ئورمانلىقتا ئىلىدىن بۇ يەرگە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن، بارات پالۋانلار يولىغا قاراپ زار بولۇۋاتقان ئابدۇقادىر دېگەن كىشى بىلەن تېپىشتى. شامالخان ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. ئابدۇقادىر شامالخاننىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشقانىدى.

— بىز سىلەردەك ئادەملەرگە بەكمۇ تەشنا ئىدۇق. مانا ئاخىر خۇدا بىزنى ئۇچراشتۇردى... بولمىسا بىزنىڭ



ئىچىمىزدىن بىرەرى ئىلىغا ماڭماقچى ئىدى، ئەمدى سىز بارات پالۋان بىلەن تېز كۆرۈشۈڭ. ئۇ شۇ تاپتا سىزدەك ئادەملەرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە بەكمۇ موھتاج!

— ھازىرلا كۆرۈشەيلى.

— توختاڭ، — شامالخان ئويلىنىپ قالدى، — ھازىر خەتەرلىك، ھەممە يەردە پايلاقچى، مۇناپىقلار تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. مەن ئاۋۋال بارات پالۋانغا خەۋەر قىلاي. سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ. كەچ كىرگەندە مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن. ئارىلىقتا سىزگە تاماق ئەكېلىپ بېرىمەن.

— سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، — ئابدۇقادىر ساقاللىق، قارامتۇل، كۆزى يوغان كىشى ئىدى.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ئازادلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلاردىنمۇ ئۇلۇغ ئادەم ھەم ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ بۈيۈك ئىش بولامدۇ؟ روھى پاك ئادەم ئۈچۈن قۇربان بېرىشنىڭ ئۆزى خۇداغا يېقىنلاشقانلىق، خەير، مەن كەتتىم، — ئۇ شۇنداق دەپلا بىردەمنىڭ ئىچىدە غايىب بولدى. ئابدۇقادىر بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. «توۋا بۇ ئادەمنى... خىزىرغا ئۇچراشتىممۇ نېمە؟ گەپ - سۆزلىرى شۇنداق ئۆتكۈر...» ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلغىنىچە بۇلۇتلۇق ئاسمانغا قارىدى.

شۇ كۈنى كېچە بارات پالۋانلار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بىر كېچە بولدى. ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزلىرى بارات پالۋانلارنى قايتا ئويغىتىپ، قەلبىنى يورۇتتى، جاسارىتىنى ئاشۇردى. ئابدۇقادىر ئويغىنىش ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلدى. بارات پالۋانلارغا ئىنقىلابنى، تەشۋىقاتنى قانداق ئېلىپ بېرىش، خەلقنى قانداق يېتەكلەش ھەققىدە ئىلىقا پارتىزانلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلىدى. بارات پالۋان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ تېخى ھېچ ئىش

قىلمىغانلىقىنى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بەكمۇ خام، ئاددىي ئىشلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدى. ئابدۇقادىردىن تىنىماي سوئال سوراپ تۇردى. بىر كېچە ئەنە شۇنداق شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئابدۇقادىر يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بارات پالۋانغا نۇرغۇن ئىشلارنى تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدى.

يۇرت خەلقىنىڭ جانلىنىشى «قۇلاق يېقىپ» يۇرگەنلەرنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇلار كىمنى تۇتۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۇرۇشەتتى.

— نېمە بولغاندۇ بۇ خەققە، ھە تۇرسۇن؟ — دېدى زاكىر قۇلاق تار كوچا ئېغىزىدا.

— بەلكىم ئوغرىلارنىڭ ئىشىدىن ئۇمىد كۈتۈپ جانلىنىپ كېتىپ بارغاندۇ؟ زاكىر، كىمنى نۇقتىلىق كۆزەتسەك بولار؟ بۇ قېتىم بىرەرىنى تۇتمىساق بولمايدۇ، ۋۇ جۇيجاڭنىڭ پەيلى بەك يامان، ئاڭلىدىڭمۇ، ھوشۇر تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى كىشىنى ئۇلار ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىپتۇ؟

— نېمە قىلسا قىلمامدۇ، جېنىمىزنى باقساق بولدى. بۇ خەقنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ماۋۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلى چىڭ، — دېدى زاكىر قۇلاق.

— ماۋۇ شامالخان دېگەن نېمە قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ. كۈندە ئېغىزىدا شۇ ئالتە ئوغرىنىڭ گېپى، ئاۋۇ يەرنى ئازاد قىپتۇ، ماۋۇ يەر ئازاد بولىدىكەن دەۋاتقان... ئۇنىڭ ناخشىلىرىمۇ خەتەرلىك... — دېدى تۇرسۇن تىگىتىڭ زاكىر قۇلاققا يېقىنلاپ كېلىپ.

— ئۇ بىر ساراڭ ئاشىق تۇرسا...

— ياق، سەن ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا زەڭ قويماپسەن، تېگىدە گەپ بار.

— كىشىلەر ئۇنى بەك ئۇلۇغلايدۇ.



— نېمە بولسا بولمامدۇ، يۇر ساقچىخانىغا بارايلى.

— باراتلارنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— ئۇلارنى كۆزىتىپ نېمە كەپتۇ، ۋەن سىلىڭنىڭ ئۆزى ئىشقا قويغان تۇرسا، نېمە قىلىمىز بىز ئارىلىشىپ، تېخى ئۇلارغا قورالمۇ بېرىپتۇ، يۇر ماڭايلى.

— بۇ ئوغرىلار ئەجەبمۇ ئادەمنى پاراكەندە قىلدى، سىڭگەن نېنىمنى يېسە نېمە بولىدىغاندۇ؟

— بىزمىچۇ تازا داۋخور خەق، ئىنقىلاب قىلىشنى كىم قويدى بىزگە؟ قايسى بىر ئىنقىلابتا بۇلار غەلبە قىلالىغان.

— شۇنى دېگىنە. ئۇيغۇر بولۇپ قالغانغا تويدىغۇ ئادەم.

ھەممە كىشى ئۇلاردىن نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنەتتى. ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى.

زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىگىتىڭدىن شامالخاننىڭ «مەخپىيەتتى» نى ئاڭلىغان ۋۇ جۇيجاڭ:

— ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكېلىش! — دەپ ئۇستەلنى قاتتىق مۇشتلىدى.

ئۇنىڭ ئادەملىرى شامالخاننى ئىز بېسىپ قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇلار يالىڭاچلانغان قېلىن ئورمانلىق ئىچىدە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېتىلاتتى. ناخشا ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن شامالخان كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمىگەن بىرنەچچىسى شامالخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ گۈللىرىنى دەسسەپ ۋەيران قىلىۋېتىشتى.

تۇرسۇن تىگىتىڭ يەنە مەخپىي خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ساقچى باشلىقى ۋۇ ئۆزى ئادەملىرىنى باشلاپ غېرىبسىنىپ ياتقان باغنى قورشىۋالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلىۋاتاتتى. «بىر سولتەكنى تۇتالمىغىنىمنى كۆر...»، ئۇ زەردە بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

باغ ئىچىدىن شامالخاننىڭ ناخشىسى ياڭراۋاتاتتى.

ئېچىلمىدى مېنىڭ بەختىم،
كاچ ئىكەنغۇ تەقدىرىم.
تاڭنى كۈتۈپ كۆزۈم تالدى،
نەدە يۈرسەن ئامرىقىم؟
كاككۇك، كاككۇك...

— خەپ بۇ قېتىم نەگە بارسەنكىن؟ تۇتۇۋالسام تىلىڭنى كېسىۋەتمەيدىغان بولسام، — ۋۇ جۇيجاڭ شۇنداق دەپ ئېغىر پۇشۇلدىدى - دە، ئادەملىرىگە قاراپ، — ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار ناخشا ئاۋازى چىققان تەرەپكە يېقىنلىشىپ باردى. تۇساتتىن ناخشا توختاپ بىرى قاچقاندەك قىلدى.

— ئەنە قاچتى، پۇتىغا ئات!

ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر گەۋدە يىقىلدى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ۋۇ جۇيجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاتقىنى ئۆز ئادىمى ئىدى. ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا ئەمەس، جان يېرىگە تەگكەنىدى. ئۆلگۈچى شامالخاننى تۇتۇپ زور ئىنئاملارغا ئېرىشىشنى ئويلىغان شامالخاننىڭ بىر يۇرتدىشى بولۇپ، بۇ كۈنلەردە بۇنداقلار ئاۋۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۈششۈك ھەرىسىدەك جان - جەھلى بىلەن خازان بولغان باغنى ئالا قويماي تىنتىغان بولسىمۇ شامالخاننىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى.

— جىنمۇ نېمە، ئۇنى تۇتۇۋالسام نېمە - نېمە قىلىۋېتەرمەن! — دېدى ۋۇ جۇيجاڭ يىغلىغۇدەك بولۇپ.

بۇنداق ئىزدەش، تىنتىشلار دائىم دېگۈدەك ئېلىپ



بېرىلدى. يوشۇرۇن پايلاپ يۈرگەنلەر شامالخاننىڭ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتىيۇ، كەينىدىن قوغلاپ بارغىنىدا، تىمتاس ئېتىزلىقلارغا چىقىپ قېلىشاتتى. ئۇلار ئۇمىدلىرى ئۈزۈلگەن ھالدا سالپىيىپ قايتىشىۋاتقىنىدا، ئارقا تەرەپلىرىدىن شامالخاننىڭ ياڭراق ئاۋازى يەنە ئاڭلىناتتى. ئۇلار: «تۇۋا، ئۇ ئادەممۇ ياكى جىنمۇ؟ بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئەۋلىيا دېگىنى راست ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى. قارىماققا شامالخان ئۇلارنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئىشلاردىن ئەلەم ھېس قىلغان ۋۇ جۇيجاڭنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، قول ئاستىدىكىلەرنى بىرنەچچە كاچات سېلىۋېتەتتى - دە: «ھەممىڭ ھارام تاماق نېمىلەر، ئاشۇ بىر ساراڭنى تۇتالمىدىڭلارمۇ، يارىماس ئېشەكلەر» دەپ شالىنى چېچىپ ۋارقىرايتتى.

خەلق بۇ ئىش توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى.

— شامالخان بىلەنلا ئېلىشتىغۇ بۇ خەق، ئۇ بىرلا كارامەت كۆرسەتسە ھەممىسى ۋەيران بولىدۇ.

— ئۇنى تۇتقاننىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قالىدۇ.

— شامالخاننى چېقىشتۇرغاننىڭ ئاغزى مايماق بولۇپ قالىدۇ.

— شامالخاننىڭ جىنلىرى ئۇنى تۇتقىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆزىنى كۆرمەس قىلىپ قويارمىش. شامالخانغا ئوق ئاتسا تەگمەي، قايتىپ ئۆزىگە تېگەرمىش.

— شامالخان ھەممە نەرسىگە ئۆزگىرەلەيدىكەن، تۇتقىلى كەلگەندە بىرەر قۇشنىڭ شەكلىگە كىرىۋالارمىش.

— ئاشىقى پەرىزات ئۇنىڭغا ياردەم بېرەرمىش.

— قارا، بۇلارنىڭ قورقماي تۇتقىلى چىققىنىنى...

— ئەۋلىيا بولغاچقا شۇنچە ئەسكەر ئۇنى قوغلاپ تۇتالمىدى - دە.

— بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىم ئۆتمەي، شامالخاننى رەنجىتىپ قويغاچقا مۇشۇ كۈنگە قالدۇق. ھازىرمۇ كۆرمەيۋاتامسىلەر ئۆزگىرىۋاتقان ئادەملەرنى. . .

— ئاغزىمىزغا دىققەت قىلايلى، شامالخان ھايات بولسىلا ھامان ياخشى كۈنگە ئېرىشەلەيمىز. . . خۇدايىم بىر كۈنى ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ.

— شامالخان يوقاپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ، تۇۋا، جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلەمدۇ نېمە؟ بۇ ئاخىرقى زاماننىڭ شەپىسىغۇ؟

شامالخان دەردلىك ناخشىلىرى بىلەن كوچىدا پەيدا بولدى. مەھەللە - كويدىكىلەر ئۇنىڭغا ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تويماي قاراشتى.

ناخشىچى دەمسەن مېنى؟
تىنماي ئېيتسام ناخشىنى.
شەيتان بىلەن بولما دوست،
خۇدا سۆيەر ياخشىنى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىتلار قاۋاشقىنىچە ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى - دە، شامالخانغا ئەركىلەپ ئېسىلىشتى.

— كېلىڭلار ساقلىرىم، كېلىڭلار، ماۋۇنى تالاشماي يەڭلار، مۇشۇنداق قىلىپ سەنلەرنىمۇ تەييارغا ھەييار قىلىپ قويىدىغان بولدۇم. . . — شامالخان شۇنداق دەپ بەلۋېغىدىن قاتتىق - قۇرۇق نان، گۆش پارچىلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى - دە، يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا مۇشۈكلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى.

— ھە، سىلەرمۇ كېلىڭلار. . . ھەممىڭلار مېنى يەپ - يەپ شۇمشەيتەي دەيسىلەرغۇ؟ . . . — بۇ ئۇنىڭ ئۇلارغا



ئامراقلىقى كېلىپ ئېيتقان سۆزى ئىدى.

شامالخان قۇش - جانىۋار، ئىت - مۈشۈك، دەل - دەرەخ. . . دېسە جېنىنى بېرەتتى. ئۆتكەندە مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى: شامالخان ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ يېڭىياچە بىر ئەسكەرنىڭ قۇشقاچ ئاتماقچى بولۇپ، مىلتىقىنى تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئۇنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى.

— ھەي ھاماقەت، بۇ جانىۋار ساڭا نېمە قىلدى؟ بۇمۇ ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ ئادەملىرىمىكەن. مىلتىق دېگەننى نېمىگە، قانداق ئادەملەرگە ئىشلىتىدۇ، بىلەمسەن؟ بىلسەڭغۇ ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپمايتتىڭ. . . بۇنىڭدىن كېيىن جان - جانىۋارلارغا چېقىلغۇچى بولما! بىلىپ قوي، بۇ يەردىكى جان - جانىۋارلار، پۈتكۈل گۈل - گىياھلار، دەل - دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار بىزنىڭ جېنىمىز، بىز ئۇلار بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ ياشايمىز! ئۇلارسىز بىزنىڭ روھىمىز ئۆلۈك! . . .

يېڭىياچە ئەسكەر شامالخاننىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالماي بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگىنىدە ئۆزىگە سۆزلىگەن كىشى بۇ يەردە كۆرۈنمىدى: «ئادەممۇ ياكى ئۇ. . . شەپە چىقارمايلا. . . ئۇ كىشىلەر گېپى قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى ئەۋلىيامۇ يا. . . مىلتىق يەنە قانداقلارچە قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ تارتىۋالغانتىغۇ؟ . . .» ئۇ ئەتراپقا قاراپ چۆچۈگەندەك بولدى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈردى. ئۇ قورقىنىدىن قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر دەرەخ كۆتىكىگە پۈتلاشتى - دە، موللاق ئاتتى. . .

شامالخان يۇرتداشلىرىغا قاراپ يۈرىكى كۆيدى - دە، ئۇلارغا ئېچىنىش ئىچىدە قارىغىنىچە مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىدىغان ئاياللار، «ھېكايە

ئېيتىپ بېرىڭە» دەپ ئىسىلىپ غەلۋە قىلىدىغان باللار ۋە ئۇنىڭدىن توختىماي ئەھۋال سوراپ، ئۆيىگە بېرىشقا زورلاپ تۇرۇۋالىدىغان چوڭلار نېمىشقىدۇر غەمگە پېتىپ تۇرۇپ قالدى. مۇڭلىنىپ قالغان چوكانلار شامالخان بىلەن قىلىشقان تاتلىق پاراڭلىرىنى ئەسلىشىۋاتاتتى.

— شامالخان نەگە بېرىپ كەلله؟

— گۈل ئۈزگىلى.

— يارنى تېپىپ، ئاندىن گۈل ئۈزگۈلۈك ئەمەسمۇ؟

— ئاشىقىم گۈل، گۈلدىن ئايرىلسام ئۆلىمەن.

— يوقىلاڭ گەپنى قويۇپ ئاشىقىڭىزنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرىڭە، ئەۋلىيا بۇلاقتا پەيدا بولىدىغان پەرىزات شۇمۇ؟ ئۇ قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ؟ تېز ئېيتىپ بېرىڭە؟ بولمىسا سۇنغان گۈلىڭىزنى ئالمايمەن.

— گۈل ئېچىلغاندا ئېيتىپ بېرەي...

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شامالخان بىر توپ ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا كوچىدا پەيدا بولدى. شامالخاننى ئۇلار تۇتۇپ كەلدى، دېگەندىن كۆرە، ئۇ ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس ئىرادىسىنى، ئۆزىنى گومىنداڭچىلارغا كۆرسىتىپ قويغىلى ئۆزى كەلدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ۋۇ شاۋتەن ئات ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايتتى. كىشىلەر شامالخانغا قاراپ ئاچچىق يۇتۇشتى. يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ئازابلاندى. كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى.

شامالخان بەخىرامان ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى.

ئېتىقادىم بار مېنىڭ
يىلتىز تارتقان زېمىنغا.

— ئاغزىڭنى يۇم ساراڭ! — دەپ جەھلى بىلەن



ۋارقىرىدى ۋۇشاۋتەن.

تەلمۈرىمەن ئەي باھار،
ئۈمىد بىلەن يولۇڭغا.

— ئۇر بۇ ساراڭنى!

بىرنەچچە ساقچى مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن شامالخاننى بىر قانچىنى ئۇرۇۋەتتى. شامالخان ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ، قەددىنى تىك تۇتتى - دە، ۋۇشاۋتەنگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ:

— باغلاقلىق ئادەمنى ئۇرۇش قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان يارىماسلارنىڭ ئىشى، — دېدى.

— ماۋۇ ئەبگا نېمە دەيدۇ؟ ھەيدە بۇنى!

ئۇلار شامالخاننى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. ئارىدا بىر ساقچى لەن شىڭنى چاقىرىپ كەلدى.

— لەن شىڭ، سەن بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەر.

— بولىدۇ جۇيجاڭ.

— ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار!

— مەن سوئالىڭغا تىك تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن!

— بوپتۇ ئىختىيارىڭ، قېنى ئېيتە، سەن نېمە دەپ ناخشا ئېيتتىڭ؟

لەن شىڭ ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. سوراقخانىدا سۈرلۈك بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىككى ساقچى شامالخاننىڭ يېنىدا تىك تۇراتتى.

— مېنىڭ ناخشا ئېيتىشىم ئۆز ئەركىنلىكىم، بۇنىڭغا ئارىلىشالمايسەن، — شامالخان غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇراتتى. تۇنۇگۈنكى توڭ سويمىنىڭ ئۆزىنى سوراق قىلىشى يۈزىگە بىرى تۇكۇرگەندەك ھار كېلىۋاتاتتى.

— بىزگە قارشى ناخشا ئېيتىپسەنغۇ؟
— مەن سىلەرگە قارشى ناخشا ئېيتمىدىم، بەلكى ھۆرلۈكنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتتىم. ئۆز ئېتىقادىمنى كۈيلىدىم. ئاڭلا قېنى.

مۇزلىغان يۈرەكنى باغاشلاپ بىر كۈنى،
كېلىدۇ نەۋ باھار تاڭلار قوينىدا.
...

— ناڭشاڭنى توختات! ئۇ نېمە دەيدۇ؟
— باھار كېلىدۇ دەيدۇ.
— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ — ۋۇشاۋتەننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، — سەن قالايمىقان سۆزلەپسەن، بىزگە قارشى ناخشا ئېيتىپسەن؟
— دەردى بار خەلق ناخشىغا ئامراق كېلىدۇ. سەن ناخشا ئېيتالامسەن؟!

دەردىم تولا تاغلاردىن،
ئورۇن يوقتۇر باغلاردىن.

— ناڭشاڭنى توختىتىپ، سوئالىمغا جاۋاب بەر!
ساقچىلار ئۇنىڭ ساراڭدەك قىلىقلىرىدىن ھەيران بولۇشتى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق غەلىتە ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. لەن شىڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ۋۇ شاۋتەن بىئارام بولۇپ، ئىچى سىقىلىپ كەتتى - دە، «بۇنىڭ كاللىسى جايىدا ئەمەسمۇ قانداق؟» دېگەننى ئويلىدى.
— سەن ناخشا ئېيتىپ نېمە دېمەكچى؟ — دېدى ئۇ نېمە دەپ سوئال سورىشىنى بىلەلمەي.



ناخشا ئېيتىمەن يار دەپ،
يار دەردىدە غەم يەپ.

— ئۇرۇڭلار — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپكە كەلگەن ۋۇ شاۋتەن ئۇستەلنى مۇشتلاپ.
— بۇ ساراڭ ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ... — دەپ غۇدىرىدى لەن شىڭ.
— بۇ نېمە ئادەم؟ — سورىدى ۋۇ شاۋتەن لەن شىڭغا قاراپ.
— بۇ ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىغان ساراڭ.
— ئۇنى بىلمەمسەن، نەدىن كەلگەن نېمە بۇ؟
— مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ بۇ ئادەم مۇشۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ ساراڭدەك يۈرىدىكەن.
— بۇنى قاتتىق ئۇرۇپ ئىقرار قىلدۇرايلى، قېنى نېمە دەيدۇ بۇ؟
بىرنەچچە ساقچى شامالخاننى تامدىكى قوزۇققا ئىككى قولىنى كېرىپ ئېسىپ، ئۇرۇشقا باشلىدى. شامالخان يەنىلا قەددىنى تىك تۇتۇپ ناخشا ئېيتتى:

ئۇرساڭمۇ ئۇر مېنى،
ئېلىشىپ كۆرەيلى كەل قېنى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟
— ئۇرساڭمۇ ئۇر، ئېلىشىپ كۆرەيلى، دەيدۇ.
— بۇ قانداق نېمە؟ شۇنچە تاياق يەۋېتىپ، يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ؟
شامالخاننىڭ بەدەنلىرى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ

ئىششىپ چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يىمىرىلمەس بىر جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. سارغۇچ كۆزلىرى يەنىلا غەزەپلىك چاقناپ تۇراتتى. شالاڭ ساقال باسقان ئېڭەكلىرىگە ئېغىز - بۇرنىدىن تامچىلىغان قانلار سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار، ئېلىشىپ باقايلى.

شامالخان ئېغىر پۇشۇلداپ، يەنە ناخشا ئېيتتى:

قاچان كەلدىڭ... ئارامىزغا...
قالدۇق شۇندىن... ئازابلارغا...

— ئۇنى يېشىپ چۈشۈرۈپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇڭلار!

— ئۇ ئوغرىلارنىڭ ئادىمىدەك قىلىدۇ، — دېدى لەن شىڭ.

— قانداق دەيسەن؟

— گومىنداڭ ئارىمىزغا كەلگەندىن تارتىپ ئازاب چېكىۋاتىمىز دەيدۇ؟

— مەن دېمىدىممۇ؟ — ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ شامالخان تەرەپكە قارىدى، — سېنىڭ ئاراڭغا كىم كەلدى؟ كىم سېنى ئازابقا سالدى؟

— شەيتان ئارىمىزغا كىرىپ، ئازابقا سالدى.

— شەيتان دېگەن كىم؟

— شەيتان دېگەن كىم؟ شەيتان ئىبلىسنىڭ بالىسى.

— ئىبلىس دېگەن كىم؟

— ئىبلىس دېگەن شەيتاننىڭ بوۋىسى.

— ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ — ئالدىراپ سورىدى ۋۇ شاۋتەن جاۋاب بېرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ.



ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئۆز يۇرتۇمدا غېرىب بولدۇم.
كاككۇك...

شامالخان بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ قەددىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلەتتى.

— قانداق دېگەن نېمە بۇ؟ ۋەن سىلىڭ ئۆزى سوراق قىلىپ باقسۇنمۇ؟ — دېدى لەن شىڭ.

— بۇ ساراڭدەك ناخشا ئېيتىپ تۇرۇۋاتسا، ۋەن سىلىڭنى نېمە دەپ چاقىرتىمىز. ھازىرچە بۇنى سولاپ قويۇپ، كېيىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولغاندا ئاندىن ئۇنى چاقىرتايلى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى. ۋەن سىلىڭ بۇنى كۆرۈپ، بىزگە ئاچچىقلاپ كەتمىسۇن يەنە.

— بۇ گېپىڭ بولىدۇ. بۇنى ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇڭلار.

بىرنەچچە ساقچى شامالخاننى ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شامالخاننىڭ كۆزلىرى سەل قاراڭغۇلاشقاندەك بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتاتتى.

شامالخاننى سولاپ قويۇپ، ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ناخشىسى ياڭرىدى.

يۈرەك تولدى ھەسرەتكە،
ئاھىم يەتتى پەلەككە.
گۈل ئىشقىدا كۆيدى جان،
ئېچىلار قاچان غۇنچە.

— بۇ ساراڭنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈڭلار! — ۋۇ شاۋتەن جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى، — ھېلىقى هارام تاماقلارنىڭ ئادەم تېپىلمىغاندەك تۇتۇشقا كۆرسەتكەن ئادىمىنى، قولىدىن ئىش كەلمەس يارىماسلار، ئىلى ئوغرىلىرىدىن تۇتقان بولسا. . . بۇنى سىلىڭ ئاڭلاپ قالسا، ھەي، . . . ئاۋۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈر دەيمەن!

لەن شىڭ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. شامالخاننىڭ ئاۋازى تىنچىپ، ئاز ئۆتمەي يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ۋاي - ۋۇي ماۋۇ ساراڭنى، قانداق نېمە ئۇ تاياق ئۆتمەيدىغان؟ — ئۇ تېرىكىپ سىرتقا چىقتى. لەن شىڭ سوراقخانا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

— ھەي، ئاۋۇ يەنە ناخشا ئېيتىۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەتمەمسەن؟

— ماقۇل، مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتەي، يۇرۇڭلار، — لەن شىڭ ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ، گوندىخانىغا كىرىپ كەتتى.

شامالخاننىڭ ئاۋازى تىنچىپ قالدى.

— ئەمدى بولدىمۇ جۇيجاڭ؟ — دېدى لەن شىڭ ئېغىر پۇشۇلداپ.

— بولدى، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— مەن قايتاي، ئىش بولسا چاقىرتارسىز؟ — ئۇ شۇنداق دەپ مېڭىشىغا شامالخاننىڭ ناخشىسى بوش ئاڭلاندى.

— شۇنداق ئۇرساق، قارا ئۇنىڭ. . . — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

كېيىن شامالخاننىڭ ئاۋازى قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى. ساقچىلار ئۇنى ئۇرۇپمۇ بېسىقتۇرالمىدى. ئۇلار شامالخاننى بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلىپمۇ، ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.



شامالخان ئالجوقا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئاخىر ئۇلار شامالخاننى «كاللىسىنىڭ دەردى بار» غا چىقىرىشتى.

— بۇ مېڭىسىنىڭ سۈيى بارنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — بۇنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن!

شامالخاننىڭ تۇتۇلۇشى بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى.

— شامالخاننى نېمىشقا تۇتقاندۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلغان بولغىيتتى؟ ئۇنى تۇتقان ئادەمنىڭ قولى چوقۇم ئېقىپ كېتىدۇ.

— ئۇنىڭ ناخشىلىرى بەكمۇ مەزمۇنلۇق، ئۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئادەم جۇمۇ. ئۇلار شامالخاننى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئۇ ئەۋلىيادەك ئادەم.

— شامالخان ئۇلارنىڭ سوئالىغا ناخشا بىلەن جاۋاب بېرىپتىغۇ؟

— ۋۇ جۇيجاڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپ كەتكەن گەپ بار.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، ئۇ قانخور جاللات ناخشا ئېيتالامدۇ؟ شامالخاننى شۇنچە ئۇرۇپمۇ ناخشا ئېيتىشتىن توسالمىغان گەپ.

— بىچارە شامالخان تۇتۇلۇپ كېتىپلا بۇ يۇرت غېرىبسىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. خۇدايىم ئۇنى سالامەت قىلسۇن.

— شامالخاننىڭ تاياق يېگىنىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم ئېچىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىغا كىرگەن تىكەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە سانجىلغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— قانداق قىلىمىز؟ ئۇمۇ يا كۆتىنى قىسىپ يۈرمەيدۇ.

— قاچانغىچە قىسىمىز؟

— قىسمىساق جاجاڭ بىر پاي ئوق. ئۇلار قانچە ئادەمنى

ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى، بىلەمسەن؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن. . .

— باراتلارمۇ ئاينا ھۆكۈمەت ئادىمى بولۇپ، قوغدىغۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھەممىمىز ئۆزىمىزنى بىلىپ، قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشماي، سىڭگەن نېنىمىزنى يېگىنىمىز تۈزۈك.

— ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزى، بىر خۇدا بىلىدۇ، سەنمۇ تازا قورقۇنچاق خوتۇن مىجەز نېمە ئوخشايسەن!

— قورقمىغان بىلەن بولمايدۇ، بىر نېمە دېسەڭ ئاتىدۇ، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولامدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ ھېكىمبايدەك خوتۇنۇڭنى ئۇلارغا سولاپ بەر! شۇ چاغدا ياخشى كۈن كۆرىسەن.

— تىلىڭنى تارت، ئاناڭنى!

— نېمە دەيسەن؟ ئاچچىقىم تۇتۇپ تۇرغاندا، ھېلى بىكار چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن. . .

— جىم تۇرۇڭلار، ئەنە قاراڭلار، زاكىر قولاق، تۇرسۇن تىڭتىڭ، ھوشۇر پالاقلارنى. . . ئاۋۇ ئايىسخان جۇيجاڭنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— خائىن دېگەن بۇنداق بىللە يۈرمەيدىغان، بۇگۇن نېمە بولغاندۇ بۇلارغا؟. . .

— غۇلجىنىڭ ئازاد بولغانلىقى بۇلارنى جىم ياتقۇزمايۋاتىدۇ - دە. . .

— بۇلارنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي، بۇلار قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقتى. خەپ، شامالخانغا بىر ئىش بولۇپ باقسۇن، قانداق قىلىۋېتىدىكەنمەن. . .

بارات پالۋان شامالخاننىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ شامالخاننى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈردى. غاپپار بەگ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ ھېچ ئۇنۇم ھاسىل قىلالمىدى. ئۇ ئاخىر تۈرمىگە كىرىپ قۇتقۇزۇپ چىقىشنى پىلانلاۋاتقاندا، شامالخان ئۇنىڭ ئالدىغا ھالسىرىغان ھالدا پەيدا بولدى. بارات پالۋان ئۇنى كۆرۈپ بىردە خۇشال بولغان بولسا، بىردە ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ پۇچۇلىنىپ كەتتى. . .

بارات پالۋان شامالخاننى شۇ كۈنى ئۆيىدە ئارام ئالدۇرۇپ ئوبدان ئوزۇقلاندۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خائىنلار نېرى بولمايۋاتاتتى. ئۇ ئۇلارنى خىيال قىلغانسېرى قانلىرى قىزىپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنىدى - دە، قاراڭغۇلۇق زېمىننى ئەسىر قىلىشى بىلەنلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئابلىز قارىي، ياسىن دوختۇر، قۇربانلارغا ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىشنى ناھايىتى قاتتىق تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى زاكىر قولاقنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدى. ئۇلار بارات پالۋاننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى.

بارات پالۋان چوڭ كوچا بويىدىكى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. بارات پالۋان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردى. ئۇ ھوشۇر پالاق ئىدى.

— باراتقۇ سەن؟ بۇ كەچتە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— خوتۇنۇڭنى ئىزلەپ يۈرىمەن، ئاناڭنى! ئۆزۈڭ يۇندا پۇراپ چىقتىڭمۇ؟! — بارات پالۋان ئۇنى كۆرۈپلا غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. تومۇرىدىكى قانلار تاشقىن سۇدەك ئۆركەشلىدى. كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى.

— بارات ساڭا نېمە بولدى؟ ئىچىۋالدىڭمۇ؟

— شامالخاننى سەن تۇتۇپ بەردىڭما؟ ھە، لالما ئىت! —

بارات پالۋان ئۇنىڭ ياقىسىنى بۇركۇتتەك قامالىدى. ئۇ قورقىنىدىن تىترەپ جاقىلداپ كەتتى.

— ياق. . . ياق. . . مەن ئەمەس. . .

ئۇ بارات پالۋاننىڭ كۆزىگە يىرگىنچلىك مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ، تەنلىرى تىكەنلەشتى.

— سەن ئۆز خەلقىڭنى سېتىپ، قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەرسەن؟ — بارات پالۋان شۇنداق دەپ ئۇنى بىر قولى بىلەنلا كۆتۈرۈۋالدى.

— ماڭا رەھىم قىل. . . ئىككىنچى. . .

ئۇنىڭ گېپى بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى - دە، ئۇنى نېرىغا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن ئېتىلىپ بېرىپ توختىماي دەسسىدى. يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بازغاندەك مۇشتى بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە شامالخاننىڭ هالسىز تۇرقىدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر چاغدا ئېغىر پۇشۇلداپ ئۇرۇشتىن توختىدى - دە، سوزۇلۇپ ئۆلۈك ئىتتەك ياتقان هوشۇر پالاقنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ كۆردى. ئۇ نەپەستىن قالغانىدى. بارات پالۋان ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئويلاپ، قىلغان ئىشىغا سەل پۇشايمان قىلغاندەكمۇ بولدى. كېيىن ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتقانلىقىدىن كۆڭلى رازى بولدى - دە، ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك هېس قىلدى. «شامالخانغا كىم چېقىلىدىكەن، ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالىمەن، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىمەن. بىز ئاۋۋال مۇناپىقلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىشىمىز لازىم. مەن ئەمدى شامالخانغا ئوچۇق چىراي بىلەن قارىيالايمەن. ئەركەك دېگەن ئەركەكتەك ياشىشى كېرەك. هامان بىر ئۆلۈم. . .» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە ئۆيى تەرەپكە مەزمۇت قەدەم بىلەن ماڭدى.

ئەتىسى بۇ ئىش ۋەن گوتەي، ۋۇشاۋتەنلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. بارات پالۋانلارنى يىغىپ سوراق قىلىپ، هېچ نەتىجە چىقىرالمىدى - دە، پۈتۈن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ تىڭتىڭلاپمۇ كۆردى. لېكىن، گۇمانلىق ئادەمنى قولغا چۈشۈرەلمەي، بىگۇناھ كىشىلەرگە نەشتىرىنى سانجىپ ئۆۋسى بۇزۇلغان هەرىلەردەك يۈردى. . .

بۇ ئىش يۇرتتىكى خەلق ئىچىدىمۇ چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. كۆپ ساندىكىلەر خۇشال بولۇپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. زاكىر قۇلاق، تۇرسۇن تىڭتىڭ، ئايسىخانلار بۇ ئىشتىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. كۆزلىرى يەنىلا ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

كۈندە بىرەر پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەينى قاتتىق بىسەرەمجان قىلىپ، ئۇنى بىر ئورۇندا تۇرالماس قىلىپ قويىدى. ئۇنىڭ گۇمانى ئىلى ئوغرىلىرىدىلا ئىدى.

يەتتىنچى باب

# قېنىشمىغان يۈرەكلەر

ئۆز يولىنى تېپىش، ئۆز ئورنىنى بىلىش —
ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇ ئىنساننىڭ
ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى دېمەكتۇر.
— ۋ. گ. بېلىنسكىي

1

چوقچىيىپ تۇرغان تاغلار ئۈستىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلار گويا تاغلارغا يەملىشىپ قېلىپ، ئۆزىنى يۆلۈپ ئالالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدىكى ياپىيېشىل ئوتلاقلاردا مال - چارۋىلار ئوتلىشىپ يۈرەتتى. سوغۇق شامال تەنلەرنى قورۇپ ئۆتەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە تىكىلگەن چېدىرلاردىكى مال باققۇچىلار چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىشاتتى. ئۇلار نېمىلەردىندۇر ۋەھىمە يەپ، تۈگىمەس غەملەرگە مۇپتىلا بولغاندەك قىلاتتى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئىككى مىڭ قوينى ئايرىۋېلىپ، مېڭىشقا ئارىسالدىلىق ئىچىدە جابدۇنۇۋاتاتتى.

— بۇ يەرگە ماڭار چېغىمىزدا ۋەن سىلىڭ: ۋەزىپىنى ئورۇندىمىساڭلار بالا - چاقاڭلارغا ياخشى كۈن يوق، دېۋىدى، مۇبادا بۇ قويلارنى ھەيدەپ گومىنداڭچىلارغا ئاپىرىپ بەرسەك، ئۇلارغا ياردەم قىلغان بولىمىز. ئۇ چاغدا باراتلارغا،



قېرىنداشلار...
ئۇ ياققا تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ، تۇداخۇن.

— شۇنى دېگىنە، بىز بىر نېمە قىلىپ، قوينى ئاپارمايدىغاننىڭ، ئۆيدىكىلەرگىمۇ ئۇۋال بولمايدىغاننىڭ چارىسىنى تاپساق بولاتتى.

— قانداق چارە قىلساق بولار؟

شۇ ئارىدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئاتلاردىن ئالمان - تالمان چۈشتى - دە، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ يېنىغا باردى. بۇلار يەرلىك قازاق يىگىتلەر ئىدى.

— بىز كۆنگەيگە ئۆتكەنىدۇق. قوشئەمچەكتىكى بىر جايدا پارتىزانلار باركەن. ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپتۇ. ئۇ يەردىن ئۆتمەك تەس ئوخشايدۇ. . . — دېدى ئۆزئارا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن قارامتۇل كەلگەن، ئوتتۇرا بوي بىر قازاق يىگىت.

— قارىغاندا ئۇ يەردە ئوتتۇز - قىرىقتەك پارتىزان بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئاقساپراق ماڭىدىغان يۈزى قىزىل، دوغىلاق كەلگەن يەنە بىرى، — ئۇلارنىڭ باشلىقى نەسىردىن باينىڭ ئوغلى ئاقاش دېگەن باتۇر يىگىتكەن.

— سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، قانداق قىلساق بولار؟ ئەھۋالىمىزنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر. . . — دېدى تۇردىئاخۇن غەمكىن ھالدا.

— مېنىڭچە سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ.

— قانداقىسىگە؟

— سىلەر ئۇلارغا قېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ يەردە سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ داۋراڭ سالىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئاۋۋال قويچىلارغا يولنى پارتىزانلار توسىۋالغانلىقىنى ئېيتىڭلار. ئاندىن ئەتراپنى

كۆزىتىپ كېلىمىز، دەپ ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەرگە ئالاقزادە بولۇپ كېلىپ، سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كەتتى دەپ گەپ تارقىتىمىز، ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرگە ئادەم ماڭدۇرۇۋېتىمىز.

— بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، رەھمەت ساڭا ئاقان، — دېدى تۇردىئاخۇن خۇشال بولۇپ.

— مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق، بىزگە ئىشىنىڭلار.

— بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

— ماقۇل، سىلەر ئىشىڭلارنى پۈتتۈرۈڭلار، بىزنىڭ يەنە ئىشىمىز بار، خەير كېيىن كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئاقان.

— ناسىراخۇن ئەمدى شۇنداق قىلامدۇق؟

— شۇنداق قىلايلى. باراتلارنىڭ بىزدىن كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. بۇ گومىنداڭچىلار بىزگە نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىغان، ئۇلارغا ياردەم قىلامدۇق تېخى. . . باشقا كەلگەننى كۆرەيلى، يۈر. . .

— شۇنداق دېگەنبىلەن يەنە ئۆيدىكىلەردىن ئەنسىرەيدىغان گەپكەن.

— ئەنسىرىمە، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. نېمە غەم قىلىسەن؟ ئۇلارغىمۇ خۇدايىم بار، يۈر، قويچىلارنىڭ يېنىغا بارايلى.

ئۇلار تېز - تېز مېڭىپ چېدىر ئۆيگە يېتىپ بېرىشتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، — دېدى قويچى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قارا ئۇكا، ئاڭلىساق، — دېدى ناسىراخۇن ئورنىدا تۇرۇپلا، — يولنى پارتىزانلار توسۇۋاپتۇ، ئۇلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. بىز ئەتراپىنى كۆزىتىپ كېلەيلى. ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ يولغا چىقارمىز، — دېدى پەرىشان ھالدا.



— مەنمۇ بايا ئاقاندىن ئاڭلىدىم. قېنى سىلەر ئاۋۋال ئەتراپىنى كۆزىتىپ كېلىڭلار.

— سەنمۇ باشقىلارغا دەپ قويارسەن - ھە.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

ئۇلار چېدىردىن چىقىپ، ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمانغا قاراشتى.

— ئادەم ئۇچىدىغان بولۇپ قالسىچۇ - ھە! — دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— يۈر يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى. جەننەتكە كىرسەڭ ھۆر - پەرىلەر بىللە ئۇچىسەن.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ ناسىراخۇن ئاتلارنى ئوبدان توقۇۋالايلى.

ئۇلار تاغدىن چىقىپ يولنى كېسىپ مېڭىپ ئويتاشقا كەلدى. شۇ چاغدا ئىككى ئاتلىق كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ناسىراخۇن قورۇنۇپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى بەستلىك كەلگەن، كۆزلىرى يوغان قازاق يىگىت.

— بىز قوشئەمچەككە ماڭغان. . . — دېدى ناسىراخۇن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي.

— سىلەر پارتىزانلارغا قوشۇلايلى دېگەنمۇ قانداق؟ — دېدى ھېلىقى قازاق يىگىت ئۇلارغا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقىپ.

— بىز. . . — دەپ تۇرۇپ قالدى تۇردىئاخۇن ناسىراخۇننىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئېيتىۋېرىڭلار، قورقىدىغان ئىش يوق.

ئۇلار ئارسالدى بولۇپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، «نېمە بولساق بولايلى» دەپ راستىنى ئېيتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، مېنىڭ ئىسمىم ئاقاش، بۇ قىرغىز دوستۇمنىڭ ئىسمى ئىبراي، تونۇشۇپ قويايلى.

— ھوي ئاقاش دېگەن سەنمۇ؟ پارتىزانلار باشلىقى مەن دېگىنە، مېنىڭ ئىسمىم تۇردىئاخۇن، بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ناسىراخۇن، بۇ بۇ يەرگە كېلىمەن دەپ، خاپا قد - سلغاچقا، ئېلىۋالدىم، — تۇردىئاخۇن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— سىلەر نەگە ماڭغان؟ — دېدى ناسىراخۇن كۈلكىدىن ئۆزىنى بېسىپ.

— داخىيەنزىدە بىر گومىنداڭ ئەمەلدارىنىڭ ئۆيىدە، يۈزدىن ئارتۇق سەر خىل ئات بار ئىكەن، شۇنى بىر كىشى باقىدىكەن. شۇ ئاتلارنى ھەيدەپ كەلگىلى ماڭدۇق، — دېدى ئاقاش گۆشلۈك يۈزلىرىنى سىلاپ قويۇپ.

— پەس تەرەپلەردە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرسا، ۋۇتەيدىمۇ ئەسكەرلەر كۆپ... سىلەر قانداقمۇ ئەكېلەرسىلەر؟ — دېدى تۇردىئاخۇن ھەيران بولۇپ.

— ئامالىنى قىلىپ كۆرىمىز - دە، — دېدى ئاقاش ئاتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ قويۇپ.

شۇ ئەسنادا ۋۇتەي تەرەپتىن ئون نەچچە ماشىنا ئەسكەر چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئاقاش:

— سىلەر بىزنىڭ كارامىتىمىزنى ئەمدى كۆرۈڭلار، — دېدى ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ، ئاندىن ئاتنى تاشقا باغلاپ قويدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىبرايمۇ ئاتتىن چۈشتى.

— يىگىتلەرنى باشلاپ كەل، — دېدى ئاقاش ئىبرايغا. ئىبراي ھايال بولماي تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىن بەش يىگىتنى باشلاپ كەلدى.



ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، سەل تۆۋەنگە چۈشتى - دە، تاشنى دالدا قىلىپ ياتتى. ئۇلار ماشىنىلارنى زەن سېلىپ كۆزەتتى. ئاندىن چەنلەپ تۇرۇپ، ئالدىدىكى ماشىنا بىلەن ئەڭ كەينىدىكى ماشىنىغا قارىتىپ ئوت ئاچتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ، پىلىموتلىرىدىن ئوق دېگەننى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. بىر قىسىملىرى بۇ تەرەپكە قارىتىپ گرانات تاشلىدى. يەر جاھان ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلاندى.

— ساناپ تۇرۇڭلار - ھە، — دېدى ئاقاش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئون بەش ئەسكەرنى دومىلىتىۋەتتى.

— يا ھەزرەت، بۇلار ئەجەب مەرگەنكىنا، ئۆزىمىزنىمۇ مەرگەن دەپ يۈرۈپتۇق، ئەسلى مەرگەن بۇ يەردىكەن، — تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— راست مەرگەنكەن، بىزگىمۇ مەيدان بولسا، ئۇلاردىن قېلىشمايمىز.

پۈشتەك چېلىنىشىغا دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىشتى - دە، ماشىنىغا چىقىشىپ، بەش ماشىنا ۋۇتەي تەرەپكە، ئالتە ماشىنا سايرام تەرەپكە قاچتى. ئۇلار تاغدىكى پارتىزانلارنى ناھايىتى كۆپ چاغلاپ قالغانىدى.

— يا ئاللا، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى تۇردىئاخۇن، — ئون نەچچە ماشىنا ئادەمنى پاتىپاراق قىلىۋەتتىيا... بۇ نېمە كارامەت...

ئاقاش بىلەن ئىبراي كۈلۈپ قويۇپ بۇ تەرەپكە كەلدى. بۇ ئۇلارنىڭ «بىز قانداقكەنمىز؟» دېگىنى ئىدى.

— سىلەر قالتىسكەنسىلەر، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— نەدىكىنى دەيسەن! — دېدى ئاقاش كەمتەرلىك قىلىپ، ئاندىن رەسمىي گەپكە ئۆتتى، — سىلەر مۇشۇ تاغ

ئىچى بىلەن مىڭىپ، — ئاقاش تاغ كەينىنى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ يەرگە بارساڭلار شۇ يەردە تۆمۈر بەگ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيى بار، سىلەر بىزنى ئاقاش ئەۋەتتى، دەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. بىز بېرىپ ئاتلارنى ھەيدەپ كېلەيلى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— قانداقمۇ ئەكېلەرسىلەر؟

— بايا كۆردۇڭلارغۇ؟ يەنە ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ ماقۇل ئەمىسە كۆرۈشكۈچە خۇداغا ئامانەت.

بۇ ئىككىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قارىشىپ تۇردى.

— يۈرۈڭلار ناسىراخۇن، كۆرمىگەننى كۆرىدىغان ئوخشايمىز تېخى. . .

ئۇلار تاغ ئارىسى بىلەن ئاتلىق مېڭىپ، ئاقاشلار دېگەن چېدىرغا يېتىپ كەلدى - دە، سىرتتا ئوتۇن كەسلەۋاتقان كەك ساقال بىر كىشى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— بىزنى ئاقاش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار دېگەن، — دېدى ناسىراخۇن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىغا جاۋابەن.

— ئاقاشمۇ؟ ھە، قېنى، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، — ئۇ كىشى ئىللىق چىراي ئېچىپ بۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، ئۇلار چېدىر ئىچىگە ئەپچىلگىنە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— سىلەر ئاقاش بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭلار؟ — دېدى تۆمۈر بەگ دۇئادىن كېيىن.

— بىز بۇنچىلاق دېگەن يەرگە. . . — ناسىراخۇن ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. . .

— ھە، مۇنداق ئىشكەندە، دېمىسىمۇ بۇلار



(گومىنداڭچىلارنى دېمەكچى) نىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. سىلەرنىڭ بۇياققا كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىپسىلەر. ئاللا سىلەرگە مەدەت بەرگەي. . . ھوي كەمپىر، چاي ئېلىپ كىرگىن. . . ئاقاش ئۆزى ناھايىتى باتۇر، ئەقىللىق يىگىت، ئۇمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىماي ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ يۈرەتتى. كېيىن ئىلى ئوغرىلىرى چىقىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ قولىغا قورال ئالدى.

تۆمۈر بەگنىڭ خوتۇنى ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن چاي راسلىدى.

— ئۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي ئىسيان كۆتۈردى. . . بىز قويلارنى بېقىپ، سەمرىتىپ چوڭ قىلساق، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يولسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىپ يەۋاتقان، بەرمىسە ئۇرۇۋاتقان، ئەسلى مال كىمنىڭ؟ بۇلار ئۇنى ئويلاپ قويمايدۇ. خۇددى بۇ يەرگە مال - چارۋىلارنى ئەكېلىپ تۆكۈۋېتىشكەندەك قىلىشىدۇ. قورال بىلەن ھەيۋە قىلىشىپ قىلىدىغىنىنى قىلىشىدۇ. زامان زورنىڭ بولۇپ كېتىپ بارىدىغۇ؟ . . . سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇلار ئائىلەڭلەردىكىلەرگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ھېلىقى چارە ياخشى بولۇپتۇ. . .

ئۇلار ئۇيان - بۇياندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەنسىرەپ، خۇدادىن ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتى.

— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى، ئارام ئالايلى. . . — دېدى تۆمۈر بەگ ئورنىدىن قوزغىلىپ، — كەمپىر سىلەرگە ئورۇن سېلىپ بەرسۇن.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن سىرتقا چىقتى. ئاچچىق سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، تەنلىرىنى قورۇدى. ئاسمان بۇلۇتلۇق، قاراڭغۇلۇق قاپسىلىپ تىقىلىپ

تۇراتتى. تاغلاردىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ، بۇ زېمىنغا ئاجايىپ بىر سۇر بېغىشلايتتى.

— بۇ زېمىنغا ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ... كەڭرى بىر دۇنيا، ئالتۇندەك زېمىن... — دېدى ناسىراخۇن ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ.

— مۇشۇنداق ئالتۇندەك زېمىندا، ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا روناق تاپالماستىن، خورلانغىنىمىز، دەپسەندە قىلىنغىنىمىز قىزىق ئىش؟ ھەي، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ شامالخان بىكاردىن - بىكار شۇنداق دەردلىك ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالمىغانىكەن.

— ھەق گەپ. بىز نېمىشقا خار - زەبۇن بولۇپ يۈرىمىز؟... نېمە ئۈچۈن بىر نانغا زار بولىمىز؟... بۇلارنى ئويلىسام، تۇداخۇن، مېنى يىغا باسىدۇ.

— بۇ بەلكىم خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر.

— شۇنداقمۇ دەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقان يەرلىرىمىز كۆپ. بىزدە نادانلىق ئېغىر، — ناسىراخۇن ئاچچىق تىنىدى، — بىز ئاۋۋال نادانلىقنى، قالاقلىقنى چۆرۈۋېتەلىسەك، ئاندىن ئىشىمىز ئوڭشىلارمىكىن.

— بىز ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەرمىزمۇ؟

— گەپ ئىرادىمىزدە، ئۈمىد بىلەن ياشاشتا، ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، شۇنداق بولغاندىكىن بىزنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان زوراۋان گومىنداڭچىلارغا تىز پۈكۈپ، توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەۋزەل.

— گېپىڭىز توغرا، بالىلارنى، ئائىلىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ - دە.

— خۇدا ئۇلارنىڭمۇ رىزقىنى بېرىدۇ. بىز ئۇلارنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەك، بىزدە نېمە ئارمان؟!...

— ناسىراخۇن سەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسەن - ھە، بىكارغا خىيال سۈرۈپلا يۈرمەيمەن دېگىنە.

— خىيال خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ بايلىقى. خۇدايىتالا مۇشۇنىڭغا كەلگەندە بەكمۇ سېخىيلىق قىلىپتىكەن، خىيال بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن؟ خىيال دېگەن ھەممە نەرسە تەل، ئايرىم دۇنيا، ئۆزۈڭ كەمبەغەل بولساڭمۇ، خىيالىڭدا باي بولالايسەن، پادىشاھ بولالايسەن.

— پادىشاھ بولغۇڭ بارمۇ نېمە؟

شۇ چاغدا:

— ئۆيگە كىرىڭلار، — دەپ تۆمۈر بەگ بۇلارنى چاقىردى.

## 2

قوياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال ئاقاش بىلەن ئىبرايىلار يۈز ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى.

سىرتتىكى دۇپۇر - دۇپۇردىن چۆچۈپ ئويغانغان تۆمۈر بەگ ئەنسىز ۋارقىرىدى.

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار، سىرتتا ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن چۆچۈپ ئويغىنىشتى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ يۈرۈڭلار، قاراپ باقايلى!

ئۇلار سىرتقا چىققىنىدا، ئاقاشلار ھەيدەپ كەلگەن ئاتلارنى ياي شەكلىدە قورشاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمىدېگەن يامان نېمىلەر بۇ؟ ئاتلارنى شۇنچىۋا توساقلاردىن قانداق ...

ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

— تىنچ - ئامان تۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئاقاش كۈلۈپ قويۇپ.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزۈڭچۇ؟

— ئوبدان، ئوبدان، — دېدى ئاقاش ئۇيغۇرچە راۋان سۆزلەپ.

— قالتىسكەنسىلەر؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— يۈرۈڭلار، ئەمدى ئۆزەنگە بارايلى.

تۇردىئاخۇننىڭ يۈرىكى تېخىچە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە سوقۇۋاتاتتى.

— قانداق قىلىمىز ناسىراخۇن؟ بالا - چاقا، ئۆي...

— بولدى قويۇڭلار ئۇنى، قالغىنىغا يارىتقان ئىگىمىز بار، ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇردۇق. ئاتقا مىنىڭلار، بىزگىمۇ يول چىقىپ قالار، كېيىن يۇرتقا يۈزىمىز يورۇق قايتساق ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار ئاتلارنى ھەيدەپ، تاغ جىلغىسى بىلەن ماڭدى. ئاقۇش بۇلۇتلارغا ئورالغان تاغ بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئاچچىق سوغۇق ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئەنسىزچىلىكنى قەلبىگە شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرگەن جۇشقۇنلۇق، ئۈمىدۋارلىق يالماپ كەتتى.

ئۆزەن پارتىزانلارنىڭ شتابى ئورۇنلاشقان مەركەز ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىچىككىنە خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندەك بولدى. ئۇلار چېدىرغا كىرگەندىن كېيىن، تۇردىئاخۇن ئاقاشقا ئۆزىنىڭ مەسلىھەت سالىدىغان ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى.

— ئېيتقىن، نېمە گېپىڭ بولسا قورۇنماي ئېيت.

تۇردىئاخۇن كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى قالدۇرماي ئېيتىپ



بەردى.

— ۋاي - ۋۇي شۇ گەپمىتتى، — دېدى ئاقاش كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ماۋۇ ئاتلارنى ئىلى پارتىزانلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، بۇنجىلاققا ئادەم ئەۋەتىپ، سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، سىلەر كەتسەڭلار بولمايدۇ، ئاۋۇ ئاقاننىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى ئاقاش ئاندىن، — بىز گومىنداڭچىلارغا ئانچە - مۇنچە زەربە بېرىپ، پاراكەندە قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ. سىلەر ھازىرچە ئادەملىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ تۇرۇڭلار، بىزدە قورال قىس... — دېدى.

بىر كۈنى ئۇلار چېدىردا چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا، ياشقىنا بىر قازاق پارتىزان بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— بۇنجىلاققا بېرىپ كەلدىم، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ دېرىكىڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن، دىقماق، قارىۋاي بىر ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ھازىر بۇنجىلاقتا... مەن ھېچ ئىش بىلمىگەن كىشى بولۇپ يېنىپ كەلدىم...

— ھە، ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى ئاقاش.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «ئۇ كىمدۇ، ئۇ قارا قۇۋانمۇ يا... ئىسمىنى سوراپ باقسىچۇ؟»

— كەلگەن ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراپ باقتىڭمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى تۇردىئاخۇن.

— ياق سورىماپتىمەن، ئۆزى يوغان نېمىكەن...

— مۇنداق قىلايلى، ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، يەنە قويۇپ بېرەيلى. شۇنداق قىلغاندا گومىنداڭچىلار سىلەرنى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ دېمەي، ئەكسىچە پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ بەرھەق ئىشىنىدۇ. شۇ چاغدا

— ئائىلەڭدىكىلەرمۇ ئامان قالدۇ، — دېدى ئاقاش ئالدىرىماي سۆزلەپ.

— ئۇنى تۇتۇپ كەلگەندە، — دېدى ناسىراخۇن، — ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بېقىپ، قارا قوۋان بولسا، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ، تۇتۇپ كەلگەندەك قىلىپ ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. بولمىسا ئۇ يەردە تارتىشىپ سوقۇشۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

— بولىدىغان گەپ، ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ئادەم ماڭدۇراي، — ئاقاش شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماڭىدىغانلار خەتەرگە يولۇقۇپ قالماس، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— ئادەملىرىمىز بۇ يەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ، خاتىرجەم بول.

بىرنەچچە كۈنگىچە كەتكەنلەردىن خەۋەر بولمىدى، بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ئاتلارنىڭ ئەنسىز تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ھەممىسىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار سىرتقا يۈگۈرۈپ چىققىنىدا، بونجىلاققا كەتكەنلەر قايتىپ كېلىشكەنىدى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە قېنى، قېنى. . . — دېدى ئاقاش ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گىرۋي بىر ئادەم مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى.

— ۋۇي قارا قوۋان، سالامەتمۇ سەن؟ — تۇردىئاخۇن ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئاندىن ناسىراخۇنمۇ قۇچاقلاشتى.

— بۇيەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ھوي ئۇۋاڭلارنى تاپقان ئوخشىمامسىلەر؟ بۇ يەرگە كېلىۋالغىنىڭلارنى قارا، — دېدى قارا قوۋان.

— ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئەھۋاللاشتى.

— بۇ باشلىقىمىز ئاقاش بولىدۇ، — دېدى تۇردىئاخۇن ئاقاشقا قاراپ، — قارا قوۋان سىزگە دەپ بەرگەن ئاغىنىلىرىمىزنىڭ بىرى.

— قالتىس يوغان نېمىكەن بۇ؟

— تېخى بۇنىڭدىن يوغانلىرى بار، قاسساپلار كۆرسە سويۇۋالغۇدەك، — دېدى تۇردىئاخۇن ئالاھىدە جانلىنىپ.

— قارا قوۋاننى كۆرسەڭ باشقىچىلا بولۇپ كېتىدىكەنسەن، ھە تۇداخۇن؟ — دېدى ناسىراخۇن كۈلۈپ قويۇپ.

— شۇنداق بولمايچۇ، قارا قوۋان، يۇرتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— سىلەر كېتىپ، — دەپ گەپ باشلىدى قارا قوۋان، — بارات باشلىق بىر قانچەيلەننى كېچىدە چارلاشقا قويدى. ئۇلار ھازىر مەخپىي ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بونجىلاقتىن بىرەيلەن سىلەرنى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ خەۋەر ئېلىپ بېرىپتىكەن، مېنى دەرھال بۇياققا ئەۋەتتى، ئائىلەڭلەردىكىلەر سالامەت، ئۇلارغا ھېچ زىيان - زەخمەت يەتمىدى، ئۇ يەردىمۇ ئەھۋال جىددىي، باراتلار. . .

ئۇ يۇرتتا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى ناسىراخۇن باشقىچە روھلىنىپ، باراتنىڭ دېگىنىدەك قويلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمىدۇق، — ئۇ ئاقاشقا قاراپ قويدى، — بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز. بۇمۇ ياخشى بولدى. بۇرادەرلەرگە ئېيتىپ قوي، بىز ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، ئۇلار ھەرىكەتنى توختاتمىسۇن. بىزمۇ خاتىرجەم بولدۇق، ئەمدى بىز ئاقاشلار بىلەن ھەرىكەتنى باشلايمىز.

— مەنمۇ قېتىلاي، — دېدى قارا قۇۋان قوشۇملىرىنى تۈرۈپ.

— ھازىرچە بولمايدۇ، بۇ ئىككىلىنىڭ ھايات - ماماتى ساڭا باغلىق بولۇپ قالدى. سەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن: تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننى پارتىزانلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، مېنىمۇ تۇتۇۋالغان، مەن ئاران قېچىپ چىقتىم. ئۇلارنى گومىنداڭغا خىزمەت قىلدىڭ دەپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ دەيسەن، شۇ چاغدا بۇلار بۇ يەردە خاتىرجەم ھەرىكەت قىلالايدۇ. بولسىغۇ سەندەك ئەزىمەت ئارىمىزغا قېتىلسا خۇشال بولۇپ مالخىيمىزنى ئاسمانغا ئاتاتتۇق. بىراق ئامال يوق. سىلەرمۇ ھەرىكىتىڭلارنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىزمۇ بۇ يەردە ھەرىكەت قىلايلى، باراتقا مەندىن سالام ئېيتقىن.

— ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ. ھازىر يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە بۇلارنىڭ گېپى.

— ناسىراخۇن، بىر تال ئوق ئاتماي داڭقىمىز چىقىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ؟

ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قىزىق نېمە جۇمۇ سەن تۇداخۇن، — دېدى قارا قۇۋان.

تاڭ سۈزۈلۈپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قېلىن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۆز جامالىنى كۆرسەتمەي تۇراتتى. ئاچچىق سوغۇق شامال يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. بىرخىل سۈكۈت ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇلۇتلۇق ئاسمان نېمىشقىدۇر غەزەپكە كەلگەندەك تۇرۇلۇپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بىر يېقىمسىز تىمتاس سەھەردە قارا قۇۋان بۇلار بىلەن تەسلىكتە خوشلىشىپ، بۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەپ، يۇرتقا قايتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تويماي قارىشىپ قالدى.

## 3

ئۇزەندىكى پارتىزانلار ئەسلىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئىدى. كېيىنچە ھەربىر قوشتىن بىردىن ئادەم قوشۇلۇپ، ئىككى يۈز ئادەمگە كۆپەيدى. بۇلاردا ئاران قىرىق تال مىلتىق، ئىككى ئاپتومات بولۇپ، تولىسى پالتا، كەكە، ئارىلار بىلەن قوراللانغان. بۇلار ئاساسەن تاغلاردا چېنىققان مەرگەن، پالۋانلار ئىدى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرى مەخپىي رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى. ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، كۈرەش قوينىغا كىرىپ كېتىشكەنىدى.

ئاقاشلار ئۇستاتلىق بىلەن تاش ئۇستىگە كىگىز قالپاق كىيدۈرۈپ، ئۆزلىرى باشقا يەرلەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشاتتى - دە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى «قالپاق»لارغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار يان تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاقاش پارتىزانلارنى تاغ ئەتراپلىرىغا، تاغ كەينىلىرىگە مۆكتۈرۈپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، يېقىنلاپ كېلىپ تاشلارغا كىيدۈرۈلگەن «قالپاق»قا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىگەندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالغا

دەللەپ ئېتىلغان ئوقلاردىن يىقىلىدىغىنى يىقىلىپ، قالغانلىرى كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى - دە، قارارگاھىغا قاراپ بەدەر قاچتى.

پارتىزانلار خېلى كۆپ مىلتىق، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى.

— بۇلارنىڭ ھالى شۇنچىلىك، ئاكىسىغا شىلتىڭ ئاتقان بىلەن، — دېدى تۇردىئاخۇن قوللىرىنى سىلكىپ.

— ياق، بۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، بۇلار بۇداقى قېتىم چوڭ ھۇجۇم باشلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئاقاش.

— قانداق قىلسا قىلامدۇ، كەلسە يەنە جاجىسىنى يەيدۇ.

— شۇنداقتىمۇ سەگەك تۇرايلى. ئۇلار ئەمدى ئورنىمىزنى بىلىپ قالدى، جىم تۇرمايلى.

دېگەندەك ئەتىسىلا گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى بومباردىمان قىلدى.

— دېمىدىممۇ بۇلار ئەمدى جىم تۇرمايدۇ دەپ. . . — دېدى ئاقاش تىت - تىت بولۇپ.

— بىزگە زىيىنى چوڭ بولمايۋاتقاندىكىن، قىلىقدىغىنىنى قىلىپ تۇرسۇن، ئالدىرىماي ئەدىپىنى بېرىمىز، — دېدى تۇردىئاخۇن تاش كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ.

— بۇنداق بولسا قاملاشمايدۇ، بىز ھەمىشە مۆكۈپ يۈرسەك بولماس.

شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بۇ يەرنى توختىماي بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلغان ئاقاش پارتىزانلارغا بىر كۈنى كېچىدە مەسلىھەت سالدى.

— بۇلار ئورنىمىزنى بىلىپ قېلىپ چاتاق بولدى. بۇنى چوقۇم بىرى ئۇلارغا ئېيتىپ قويغان گەپ. . . بولمىسا بۇ يەرنى



قانداق بىلىدۇ؟

— داخىيەنزى باج ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان كەرىم بۇ ياققا كەلگەندەك قىلغان. . . — دېدى بىرى.

— ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەنمىدى؟

— ياق، پەس تەرەپتىن قايتىپ كەتكەن.

— بەلكىم شۇ دېگەندۇ، ئاناڭنى. . . ئۇلار يەنە كەلسە چوقۇم ئاشۇ باشلاپ كېلىدۇ، — دېدى ئاقاش ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئەمدىكى مەسىلە ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشتە، بولمىسا بىزگە ئاراملىق يوق.

— كەرىم دېگەننى ئۆزۈم ئاتىمەن. . . — دېدى ناسىراخۇن ئۆز گېپىنى قىلىپ.

— ئاۋۋال بىز ئايروپىلاننى كەلمەس قىلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى. مۇنداق بولسۇن: ئون مەرگەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئايروپىلان كېلىشى ھامان بىرلا ۋاقىتتا ئوق چىقىرايلى. ئامال قىلىپ بىرلا ئايروپىلاننى يوقاتساق، بەلكىم ئۇلار كېلىشكە پېتىنالماس.

ئۇلار شۇ مەسلىھەتتىن كېيىن، ئەتىسى ئون مەرگەن ئايروپىلان پەس ئۇچىدىغان جايغا كېلىپ جايلىشىۋالدى.

— ناھايىتى دىققەت قىلايلى. ئوبدان چەنلەڭلار - ھە! مۇشۇ بىر قېتىم، — دېدى ئاقاش ئۇلارغا جېكىلەپ.

— خاتىرجەم بول. ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن، — دېدى تۇردىئاخۇن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ.

— كۆرىمىز قېنى. . .

ناسىراخۇن مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ جىددىي ھالدا تۇراتتى.

— ھەممىڭلار تەق تۇرۇڭلار، ئەنە ئايروپىلان كېلىۋاتىدۇ.

— ئات!

ئوق ھەممە مىلتىقتىن تەڭلا ئېتىلدى. ئايروپىلان قۇيرۇق

تەرىپىدىن قارا ئىس چىقىرىپ، ۋۇتەي تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.

— بىز غەلىبە قىلدۇق! بىز غەلىبە قىلدۇق!

جوشقۇن سادالار تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ چىرايىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل خۇشاللىق جىلۋىلەندى، ئۇلار ھەممىدىن بەكرەك ۋارقىرايتتى.

— بىز غەلىبە قىلدۇق!

— خەير خوش ئۇچقۇ، سالىمىمىزنى سىلىنىڭ جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ قوي، مەن سالامەت تۇرۇۋاتىمەن.

تۇردىئاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ئەتراپتا تۇرغان پارتىزانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇردىئاخۇن ئاقاشقا كۆز قىسىپ قويدى.

— ئاجايىپ قىزىق نېمە جۇمۇ سەن، ئۇرۇش ۋاقتىلىرىدىمۇ چاقچاق قىلىپ... — دېدى ئاقاش ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ.

— ئۇنداق ئۇچقۇ دېگەننى بىردە بىر چۈشۈرۈۋېتىمەن، — دېدى ئۇ بويۇنلىرىنى تولغاپ.

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە غىزالىنىشقا مېڭىشتى. گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەرەپكە كەلمىدى.

بىر كۈنى بىر پارتىزان بالا ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە، ئەنسىز ھالدا ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھېلىقى كەرىم دېگەننىڭ يول باشلىشىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ.

— ئاناڭنى... ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىق... — ئاقاش غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، — ھەممىڭلار بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى ئويلىشاي.

— بولىدۇ، — ھېلىقى پارتىزان بالا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.



«گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى تارچۇقتىن ئۆتمەي قالمايدۇ. بىز شۇ يەردىن پايدىلىنىپ زەربە بېرەيلى. بۇ بىر پۇرسەت...» دەپ ئويلىدى ئاقاش، ئاندىن پارتىزانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ھەرقايسى تەرەپلەرگە، قىيا چوققىلىرىغا تەقسىم قىلدى. خىللانغان ئون مەرگەننى تار جىرانىڭ ئالدى - كەينى تەرەپلىرىگە بۆكتۈردى.

كەرىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خاتىرجەم ھالدا تارچۇق يەرگە كىردى. ئۇلار سەل ماڭغاندىن كېيىن، ئاقاش بەلگە ئوقى ئاتتى.

تەرەپ - تەرەپتىن ئوقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ناسىراخۇن چەنلەپ تۇرۇپ، كەرىمنىڭ چېكىسىگە ئېتىپلا، ئۇنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

— مەندەك ئاتىنىڭ، — دېدى تۇردىئاخۇن.

ئەسكەرلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ، قالايمىقان ئوق ئۈزۈشتى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ باشلىقى قاتتىق ۋارقىرىدى.

— چېكىنەيلى، چېكىنەيلى!

جىرانىڭ ئۈستىدە تۇرغانلار تاشلارنى ئۇلارغا قارىتىپ دومىلاتتى. ئالدى - كەينىدىكى مەرگەنلەر ئوق ئۈزۈپ تۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قاچىدىغىنى قېچىپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلدى.

— ھەي، قورال، ئوقنىڭ كەمچىللىكى، — دەپ ھەسرەت چەكتى ئاقاش، — قورال، ئوق تولۇق بولغان بولسا، بىرنى قويماي قىرىپ تاشلايتتۇق - دە.

— شۇ ھالىغا بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلگىنىنى بۇ گۆيلارنىڭ، — تۇردىئاخۇن سۆزلىگەچ ئاقاشنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ناسىراخۇن:

— ئەجەب نوچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ، تۇتۇلۇپ قالغان بولساڭ: «ئاكا، بىز قېرىنداشقۇ» دەيتتىڭ... — دېدى ئۇنىڭغا مەسلىكى كېلىپ چېقىشىپ.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ مەن دېگەن ئەركەك تۈكى بار ئەركەك جۇمۇ؟ يەتتە شەنى سورىغان، — دېدى تۇردىئاخۇن مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— قىزىق نېمە جۇمۇ سەن، — دېدى ئاقاش بايىقى ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ، — سەن بىلەن بىللە يۈرسە كىشى زېرىكمەيدۇ.

ئاقاش ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتقان ئىلى پارتىزانلىرىدىن خەۋەر كېلىپ بۇلارنى چاقىرتتى. ئاقاش ئۆزىمۇ بۇ يەردە ھەممە نەرسىدىن قىسىلىپ ھەرىكەت قىلىپ، چوڭ بىر ئىشنى تەۋرىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇرادەرلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

— بىزمۇ سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەيلى، — دېدى ناسىراخۇن كەسكىن ھالدا.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى تۇردىئاخۇنمۇ، ئۇ شۇنداق دېگەنبىلەن ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى، يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

— سىلەر بىز بىلەن كېتىمىز دېسەڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار، لېكىن مېنىڭچە سىلەر ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتمىساڭلار بولمايدۇ. . .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ئاقاش، بىزنى يەكلەۋاتامسەن يا. . . — دېدى ناسىراخۇن ئالدىغا سەل سۈرۈلۈپ قويۇپ.

— مېنىڭ مۇنداق دېيىشىم سىلەرنى يەكلىگەنلىكىم ئەمەس، — دېدى ئاقاش ئويچان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ، — مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنى ھەم بارات پالۋان باشلىق بۇرادەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاۋاتىمەن، مەن سىلەرنى يۇرتۇڭلارغا قايتۇرۇش ئويىدا يۈرەتتىم. لېكىن، سىلەرگە قىيماي. . . ئەمدى قايتىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى.

بۇرادەرلەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار. . . ھەرىكەتنى توختىتىپ قويمىسۇن، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوراپ قالسا، قېچىپ كەلدۇق، دەپ بىزنى يالغاندىن تىللاپ قويۇڭلار. . .

— سىلەرنى تىللاشقا قانداق تىلىمىز بارسۇن؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— چىن دىلىڭلاردىن تىللىمىغاندىكىن نېمە بولاتتى؟

— بىز سىلەر بىلەن كەتسەك بولاتتى، — دېدى ناسىراخۇن.

— ھۆرلۈك ئۈچۈن قەيەردە كۈرەش قىلسا، يەنىلا خەلققە ۋەتەنگە تۆھپە قوشقان بولىدۇ. . .

ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن كۆپ ئويلاشقاندىن كېيىن، قايتىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ناھايىتى تەسلىكتە ئايرىلىشتى. ئاقاشنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى. پارتىزان يىگىتلەرمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— خەير خوش، ئامان بولۇڭلار.

— خۇداغا ئامانەت، ئۆزۈڭلارنى كۆپ ئاسراڭلار.

تۈن قاراڭغۇسى، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، ئاچچىق سوغۇق شامال ھۇشقۇيتۇپ تۇراتتى. بۇ كېچە كىشىگە بەكمۇ سۈرلۈك تۇيۇلاتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇن ئۈن - تىنسىز يول يۈرمەكتە. بىر چاغدا ئۇلار ستەيگە يېتىپ كەلدى.

تۇردىئاخۇن گومىنداڭنىڭ «ستەي پارتىزانلىرىنى يوقىتىش» ئۈچۈن قۇرغان چېدىرلىرىنى كۆرۈپ:

— ھەي ناسىراخۇن، بىز بىرئويۇن قويۇپ، بۇ يەردىكى ھەرىكىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرمامدۇق. . . — دېدى ئۇنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىپ.

— قانداق ئويۇن قويىمىز؟

ئاستىلىتىپ.

— مەن ئاۋۇ چېدىرغا ئوق ئاتىمەن، سەن مەن تەرەپتىكى چېدىرغا ئوق ئاتىسەن. ئىككىمىز تەڭلا ئاتايلى، — دېدى ئارىلىقى يۈز مېتىر كېلىدىغان ئىككى چېدىرنى كۆرسىتىپ، — ئىككىمىز تار ئۆستەڭ بويىدا تېپىشىپ يولىمىزنــــى داۋام قىلىمىز.

— مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىڭ بەكمۇ يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ.

— مەن سېنى خېلى يۈرىكى چوڭكەن دەپ يۈرسەم، قارا سېنى. . . ھەي ئەخمەق، بىر سىناپ كۆرەيلى، ئۇلار بىزنى سېزەلمەيدۇ. قانداق؟ ماقۇل دېگىنە، خۇش بولۇپ قالاي.

ناسىراخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ماقۇل دېگىنە، ئويۇن چىقىدۇ.

— بوپتۇ، لېكىن مېنى ئېتىۋەتمە.

— ئۇنداق قىلامدىغان، ئاۋۇال ئاتنى بىز ئۇچرىشىدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، خاتىرجەم ئىش باشلايلى.

— ئەجەب ھۇنىرىڭ تولا نېمىكەنسەن.

— ھۇنەر دېگىنىڭ ئەمدى چىقىدۇ تېخى، ئۆزۈم ھۇنەرۋەن تۇرسام. . .

ئۇلار ئاتلىرىنى دېيىشكەن يەرگە ئاپىــــرىپ قويغاندىن كېيىن، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئارىدىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەسكەرلەر چۆچۈپ ئويغىنىشىپ، بىر - بىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

— قانداق، پىلانىم بولامدىكەن ناسىراخۇن؟ — دېدى ئۇ ئاتنى مېڭىشقا قويۇۋېتىپ.

— سەن دېگەندەك ئۇلار ئۇخلاپ قاپتىكەن، قاراۋۇلنى جايلىۋېتىپ، كەينى - كەينىدىن ئىككى پاي ئېتىۋەتتىم. . .

— ئوقۇڭ قولىقىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى كالۋا. . .

— تۇتۇۋالساڭ بولمامدۇ؟ لازىم بولاتتى.

— قارا ئۇلارنىڭ ئېتىشىۋاتقىنىنى. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . خەير خوش پىرقە ئەسكەرلىرى، سىــــلەرگە ئامەت تىلەيمەن، پېقىر سىلــەرگــە ھــۆرمــەتسىزلىك قىلىپ قــويدى. كەچۈرۈڭلار، — تۇردىئاخۇن ئاستا شىۋىرلىدى.

ئۇلار قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى، ئاز ئۆتمەي ئۇلار تەرەپتىن «ھارۋىكەش» ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇ ناخشا تىمتاس ياتقان تاغ باغرىنى مۇڭغا سالدى.

## سەككىزىنچى باب

# بەخت چاقىرىدۇ

*بەخت سېخىي ئادەملەرنىڭ قولىدىن تەييار هالدا ئېلىنمايدۇ. ئۇ كۈرەش بىلەن قولغا كېلىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ.*

*— د. ئى. پىسارېۋ*

1

قىش كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ يۇرتنى زىمىستاننىڭ ئاچچىق سوغۇقى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. هۇشقۇيتۇپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال هەر تەنگە نەشتەر ئۇرۇپ ئۆتەتتى، ئۇچقۇنداۋاتقان قارلارنى هەر تەرەپلەرگە ئۇچۇراتتى. ئاۋامنى بىرخىل ئېغىر غەم - ئەندىشە، ۋەسۋەسە چىرمىۋالغان بولۇپ، تۇرلۇك ئالۋاڭ - ياساق، زورلۇق - زومبۇلۇقلار ئۇلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋېتىپ باراتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان، يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى بار كىشىلەرنىڭ هەممىسىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن هالدا نازارەت ئاستىغا ئالدى. پۇقرالار ئۆز يۇرتىدا كۈن ئالماقنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىشىپ ئاچچىق يۇتۇشاتتى. دۇكانلار تاقىلىپ شەهەر ئاهالىلىرىنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ ئېچىلىپ قالغان دۇكانلارنىڭ ماللىرىنى



گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ساقچىلار بۇلاپ كېتىشەتتى. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. كوچا - كوچىلاردا تىلەمچىلەرنىڭ، يېتىم - يېسىر، مىسكىنلەرنىڭ ئاهۇ زارلىرىنى هەر قەدەمدە بىر ئاڭلىغىلى بولاتتى.

جۇت - شۇۋىرغان ئۇچۇپ تۇرغان بۇ يۇرت چۆلدەرەپ، ئاجايىپ بىر غېرىبانە تۇس ئالغانىدى. بۇنىڭغا قارىغان هەربىر كىشىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېزىلەتتى.

گومىنداڭ هۆكۈمىتى ئۆز خانىدانلىقىنى مەڭگۇ ساقلاپ، بۇ زېمىندا ئەركىن يايراپ ياشاش ئۈچۈن بار ئاماللارنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى. خەقنى شىلىپ قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. پۇقرالارنى هاشارغا، سەيسىگە زورلۇق بىلەن تۇتۇپ مېڭىۋاتاتتى. ئىلىدا قۇرۇلغان «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» ۋە بۇلارنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ بارا - بارا كېڭىيىشى بۇلارنى شۇنچىلىك ئالاقزادە، رەهىمسىز قىلىۋەتكەنىدى. نىهايەت، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىنى ئازاد قىلغانلىق خەۋىرى ۋە ئۇلارنىڭ بارغانچە زورىيىپ بېرىۋاتقانلىقى بارات پالۋان قاتارلىق ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئۆچمەس گۈلخاننى ياقتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار تېخىمۇ روهلىنىپ، تىنچ يېتىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نومۇس بىلدى. پۇرسەت تاپسىلا بوشاشماستىن كۈندە دېگۈدەك گومىنداڭچىلارغا زەربە بېرىپ، يوشۇرۇن قارشىلىق بىلدۈرۈپ تۇردى. ئىلىدىن ئابدۇقادىر كېلىپ، بۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇ بارات پالۋانغا چېچىلىپ هەرىكەت قىلماي، بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ، تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بويىچە هەرىكەت قىلىشنى ئېيتىپ، بارات پالۋاننىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى. ئابدۇقادىر كەتكەندىن كېيىن بارات پالۋان تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ئالدىراشلىقتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ ئارشاڭغا كېلىشى سەۋەب

بولغان ئىدى. بۇ ئىش بۇ يۇرتتا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

— ئىلى پارتىزانلىرى ئارشاڭغا كەپتۇ.

— «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت» قۇرۇلدى. ئۇلار ئارشاڭغا هۇجۇم قىلىپتۇ... ئەمدى بىز گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولىدىغان بولدۇق.

— مىللىي ئارمىيە ئارشاڭنى ئېلىپ بۇ تەرەپكە كەلگۈدەك، بۇلارنىڭ كۈنى ئاز قالدى.

— غۇلجىدىكى گومىنداڭچىلار ئايرودروم دېگەن يەرگە چېكىنىپ يېتىۋاپتۇ، دەيدۇ.

— ئىلى پارتىزانلىرى ئۇلارنىمۇ بوش قويمايدۇ.

— بۇ يۇرت ئازاد بولسا، قانداق بوپكېتەرمىز؟ مەن ئۇ كۈنلەردە خۇشاللىقتىن ئۆلۈپ قالمەن جۇمۇ.

— غېنى باتۇر دېگەن ئادەمنى بەكمۇ يوغان دەيدۇ. كېتىۋاتقان ماشىنىنى تۇتۇپلا توختىتىۋالغۇدەك.

— ئۇلارنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟

بۇ يۇرتتا ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ گېپى بارغانچە ئاۋۇپ، خەلقنىڭ روهىنى بۆلەكچىلا جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز سۆزلىرىگە ناهايىتى دىققەت قىلىشاتتى. زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭ هەممە جايدا لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرەتتى. ئۇلار بىرەر «لوق گۆش» نى ئۈچرىتىپ، زور ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشنى ئارمان قىلىشاتتى. خەلق بۇلارغا نەپرەت ياغدۇراتتى:

— ئىست، بۇنداق قىلىپ جان باققۇچە، خوتۇننى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتسىچۇ، نېمە كۈن بۇلارغا؟

— ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ بېرىۋېتىمىز تووۋا، هېلىقى هوشۇر دېگەن نېمىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بۇلارنىڭ چۆچۈمەيۋاتقىنىنى.

— ئۇلارنىڭ تىرىك ياشىغىنى بىز ئۈچۈن نومۇس!



شامالخان هەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئىلى خەۋەرلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزەتتى. ئۇلارنى ئويغىنىشقا چاقىراتتى. ئۇ بارات پالۋان تاپشۇرغان ئالاقچىلىك ئىشلىرىنى ئۈزۈپ قويمايتتى. بارات پالۋان ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قوياتتى.

بۈگۈن تۈن كېچىدە بارات پالۋان شامالخان بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاكا، — دېدى بارات پالۋان قەتئىي هالدا، — سىز جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز، سىزگە تاپشۇرىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار.

— ئۇنداق جاپا دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭغا ئالماي، ۋەزىپىنى تاپشۇرغىن، سەن بەختىنىڭ بەدەلسىز قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟

— سىز ئارشاڭغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئەھۋاللىشىپ كېلىڭ، بىز تېزدىن ئۇلار بىلەن ئالاقىلەشمىسەك بولمايدۇ. ئەتە كەچتە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى دەريا بويىدىكى نۇراخۇن زەيدىنىڭ ئۆيىگە يىغىپ ئابدۇقادىر دېگەندەك رەسمىي بىر تەشكىلات قۇرايلى. ئەمدى ئوتنى ئۇلغايتىپ ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزنلىرىغا ماسلاشمىساق بولمايدۇ. ئۇلار بىزگە موهتاج، بىز ئۇلارغا موهتاج. گومىنداڭچىلارنىڭ هازىر جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى.

— ناهايىتى ياخشى ئويلاپسەن بارات ئۇكا، ئۇنداق بولسا مەن هازىرلا ماڭاي، ۋاقىت قىس.

— هازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئەڭ ياخشى ۋاقىت، خەير ئەمىسە، خۇداغا ئامانەت، — ئۇ بارات پالۋاننىڭ يېنىدىن كېتىپ، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ياڭرىدى. تۈن كېچە قوينىدا بۇ ناخشا بەكمۇ سۈزۈك جاراڭلايتتى. بارات پالۋان ئۇنىڭ كەينىدىن بىر

ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ تاللىق تەرەپكە ماڭدى.

2

قاراڭغۇ كېچە، يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى كېچە تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ، بۇ كېچىگە سۇر بېغىشلاپ تۇراتتى، قىرلىرىغا ئەمدىلەتىن مۇز تۇتقان دەريانىڭ سۇيى بوغۇق ئاۋازدا شارقىراپ ئېقىپ، باھارنى چىللاۋاتقاندەك قىلاتتى. يالىڭاچلانغان ئورمانلار ئېغىر دەرد - ئەلەمگە ئەسىر بولغاندەك شۇمشىيىپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى يىغىلىشقا كەلگەنلەر تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ھە، ناسىراخۇنكا، شۇنداق قىلىپ، تۇداخۇن چېدىرىغا ئوت قويۇۋەتتى دېسىلە، — دېدى قۇربان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ تۇداخۇن مۆرىمەستەك كۆرۈنگىنى بىلەن تولا قىزىق نېمىكەن بۇ؟ ئۇ يەردىكى پارتىزانلارنى زېرىكتۇرەمدىغان.

— قورسىقىدا گەپ بار دەڭلا، قارىسا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، مۇكچىيىپلا ئولتۇرىدۇ.

— قارا قۇۋاننىڭ ئىشنى ئەپلەشتۇرۇۋەتكىنىنى دەيمىنا، — دېدى ئابلىز قارىي سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا: «ئۇلارنى تۇتۇپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپتۇ، مېنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئاسماقچى بولۇشقان، ئاران قېچىپ كەلدىم» دەپ داۋراڭ سالغىنىچۇ، كېيىن ئۇ تۇداخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەرنى بۇ گەپنى يالغان دەپ، ئىشەندۇرەلمىگىلى تاس قالدى.

— ۋەن سىلىڭ نېمە دەپتۇ؟ — سورىدى قۇربان مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

— نېمە دەيتتى، «سەن ئەقىللىق بولغاچقا قېچىپ



كەپسەن، ئۇلار گالۋاڭلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ: «بولدى بۇ ئىشلار مۇشۇ يەردە قالسۇن، سەن ئىشىڭغا بار» دەپلا قارا قۇۋاننى چىقىرىۋېتىپتۇ.

قارا قۇۋان مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇلار بارات پالۋاننىڭ سۇرلۇك ئەلپازىنى كۆرۈشۈپ شۈككىدە بولۇشتى.

شۇ ئارىدا ئىشىك ئەنسىز غىچىرلاپ ئېچىلىپ، قاسىم جودا بىلەن مۇھەممەت گاڭگۇڭ كىرىپ كەلدى.

— نېمىدېگەن تۇيۇقسىز باشلانغان سوغۇق بۇ؟ — دېدى قاسىم جودا بېشىدىكى يوغان قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، — قانداق، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟

— سالامەت تۇردۇق ئۇكا، — دېدى تۇردىئاخۇن ئۇيان - بۇيان قاراپ، — ئىشىكتىنلا جېدەل باشلاپ كىرىپسەنغۇ؟

— جېدەل بىلەن كىرمەي ۋەن تەتەينى باشلاپ كىرسەم بولاتتىمۇ؟ بۇ دېگەن ئۇرۇش يىللىرى جۇمۇ؟ ئادەم دېگەن جېدەل بىلەنلا يۈرىدىغان گەپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا ۋەن تەتەي بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ياش بولغاندىكىن، نېمە قىلساق قىلىمىز - دە، يۈرەكتە ئوت بار. . . — قاسىم جودا بارات پالۋاننىڭ جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باسقاندىن كېيىن، بارات پالۋان ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ:

— مۇھەممەت ئىشىك ئالدىنى كۆزەتسۇن، بىز بۈگۈن رەسمىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بەزى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىمىز. نەق گەپنى ئېيتساق تەشكىلات قۇرماقچى. . . ھەممەيلەن كېلىپ بولدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ.

— ئاساسەن كېلىپ بولدى، — دېدى ياسىن دوختۇر.

— ئۇرايىم كەلمەيتىغۇ؟ ناسىراخۇن سەن خەۋەر قىلماقچى بولغانغۇ؟

— ئۇ مەن قاتناشمايمەن. ئاتا - ئانامغا قارىمىسام بولمايدۇ، دېگەنتى، مەن ئۇنىڭغا، بولدى بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بول دېدىم.

— ياخشى دەپسەن، — دېدى بارات پالۋان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — كىمنىڭ ئاتا - ئانىسى، خوتۇن - بالىلىرى يوق. كىمنىڭمۇ ئۇلار بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈسى يوق، مىللەت، خەلق ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئىنسان بولالايدۇ. بەختىيار تۇرمۇش، ئازاد زامان مەردلەرچە تۆكۈلگەن قان - تەر بەدىلىگە كېلىدۇ. قاسىمنىڭ يالغۇز ئانىسىنى باققۇسى يوقمۇ؟

ھەممىسى ئوي - خىيالغا چۆمۈپ مۈگدىنىپ كەتتى. قاسىم جودا يېنىك تىنىپ قويدى. ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى.

— بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، تەشكىلات قۇرماقچى بولغانغا خېلى ئۇزۇن بولدى. ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار ئىكەن. ئەمدى بۇنىڭمۇ ۋاقىت، سائىتى كەلدى. ھازىر گومىنداڭنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ، خەلق ئېغىر كۈنگە قالدى. ئىلى تاغلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە ئىنقىلاب ئوتى يالقۇنجاپ كۆيمەكتە، ئارشاڭدا غېنى باتۇر، ئېردەنى پارتىزانلىرى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج بولماقتا. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج. بىز ئۇلارغا زىچ ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزىمىز بىرلىككە كېلىشىمىز، تەشكىللىنىپ پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. خەلق ئېغىر غەملەرگە مۈپتىلا بولغاندا، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلماق ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ، مەرد ئەزىمەتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، قېنى ھەممىمىز ئويلىشىپ كۆرەيلى.

— بارات ناھايىتى توغرا ئېيتتى، بىز مۇشۇنداق بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى ھەم تەشكىلات قۇرۇپ، شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرىكەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەندۇق. مانا ئەمدى ئۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇردۇ. لېكىن، تەكىتلەيدىغان بىر گەپ، بىزدىن خائىن چىقماسلىقى كېرەك. ئەگەر قاتناشمايمەن دېسەڭلار، ھازىر چىقىپ كەتسەڭلارمۇ ئۆلگۈرىسىلەر. . . — دېدى ناسىراخۇن كەسكىن قىلىپ.

— ناسىراخۇنكا، نېمە دەيدىغانسىز، بۇ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش تۇرسا، بۇنىڭغا خائىنلىق قىلساق كېيىن خەلق ئالدىدا بېشىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز؟ — دېدى ئەمەت ئېسىلىپ سۆزلەپ.

— شۇنداق ئەمەسمۇ. . . — دېيىشتى باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن، — بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قاتناشتۇق. ئاللا نامىدىن قەسەم بېرىمىز.

ئۇلار قەسەم بېرىشىپ كونكرېت ئىشلارنى بېكىتىپ چىقتى. تەشكىلات نامى «ب ئى پ ئەترىتى» بولدى. بارات پالۋان تەشكىلات باشلىقى، ناسىراخۇن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، ياسىن دوختۇر كاتىپ بولدى. بۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى مۇنداق بېكىتتى: ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سەزگۈرلۈكنى ساقلاش، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىقتىدارلىق ياشلارنى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىپ مەسلىھەت بىلەن گومىنداڭغا بولغان قارشىلىقنى ئاشۇرۇش، زەربە بېرىش شارائىتى تۇغۇلغان ھامان، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ۋە خائىنلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش، ئىش قىلغاندا ئويلىشىپ ئىش قىلىش،

ئۆز ئالدىغا باشباشتاقلىق ۋە قارامىلىق قىلماسلىق، باشقا ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئارشاڭغا كەلگەن ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۇلار بىلەن ئامال بار بىرلىشىپ كېتىش، ئۇلارغا ياردەمدە بولۇش، ئابلىز قارىي بىلەن ياسىن دوختۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئالدىنقى سەپكە ئۆزلۈك - تۈلۈك توشۇيدىغان ھەرقايسى يوللارنى ئۈزۈپ تاشلاش، بولۇپمۇ جىڭغا بارىدىغان قارا سۇ كۆۋرۈكىنى، سىتەي، سەنتەيلەرگە بارىدىغان تاش كۆۋرۈكنى پارتلىتىش، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن باشچىلىقىدىكىلەر ئارشاڭدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلاردىن قورال ۋە ئوق - دورا ئەكېلىش، قۇربان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياشلار شەھەردە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، شامالخان داۋاملىق ئالاقىچى بولۇپ، ئىشلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرۇش①.

— مەن ئارشاڭدىكى پارتىزانلارغا قېتىلىپلا كەتسەم بولاتتى، — دېدى قارا قوۋان.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — دەپ ئاچچىقلاندى بارات پالۋان، — سەن ئۇ يەرگە كەتسەڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتمەيلى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننىڭ بىزگە ئاقاشلارنىڭ ھەرىكىتىنى، ئۇلارنىڭ يەم - پاراسەتلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنى يادىمىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغان يەرلىرىنى ئۆگىنەيلى. بىز كۈتكەن چاغلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئويۇن ئەمەس، گەپ - سۆزلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلايلى. ئىش ناھايىتى مەخپىي ئېلىپ بېرىلسۇن، ھەرىكەت تامامەن كەچتە بولىدۇ. كۈندۈزلىرى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارسا بولىدۇ. شامالخان ئارشاڭغا غېنى باتۇر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ، قورال، ئوق، دورا ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭىمىز. ئەھۋال جىددىي، ھەممىمىز سەزگۈر بولايلى.

تاشلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەن جۇۋىلارغا ئورۇنۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار دولقۇن ياساپ، گۈزەل باھارنى كۈتۈۋېلىش ئىستىكىدە ھارارەت بىلەن ئاقاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش ئوتلىرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، يۈرەكلىرى ئىپتىخارلىق ھېسلىرىدا تېپىچەكلەيتتى. كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇلار ئاساسەن بۇ يۇرت تۇپرىقىدىن كۆكلەپ چىققان نامى بار باتۇر، قارام ئەزىمەتلەر ئىدى.

بارات پالۋانمۇ بۆلەكچىلا روھلىنىپ، زېمىنىسىدىكى ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك تۇيغۇدا بولدى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى نۆۋەتتىكى ئىشلارغا كۆچۈۋاتاتتى. قورال، ئوق، دورىلارنى ھەل قىلىپ، تەشكىلات ئەزالىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە، ئۆزى باش بولۇپ ئىشقا سېلىش، ئارشاڭدىكى ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئورتاق ھالدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش... ئۇ بۇ ئىشلاردا سادىق باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئويلىدى.

— ئەتە كەچتە، — دېدى بارات پالۋان ھاياجان بىلەن، — شامالخان خەۋەر ئېلىپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بىز ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەرىكىتىمىزنى باشلايلى. ھازىر تارقالساق بولىدۇ. تارقالغاندا توپ - توپ ماڭماي، چېچىلىپ مېڭىڭلار.

تۈن قاراڭغۇسى، ئۇلار ...

① «تاڭ ئالدىدىكى يورۇتالا» دېيىن.

ئۆيىدىن ئىككىدىن، ئۈچتىن چىقىپ ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىشتى. ئاپئاق قارلار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. قويۇق ئورمانلىق تۈن قاراڭغۇسىدا بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئىش ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەمدى ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئەمەس، بەلكى تەشكىلاتنىڭ پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى ناسىراخۇن.

— ئانىمىز بىزنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، مۇشۇنداق كەسكىن چاغلاردا ئەل - يۇرتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مەيدىمىزنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمىساق، قانداقمۇ ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىمىز. ناسىراخۇن، ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ... ئىسسىق بەگۋاشلىقتا جېدەل تېرىپ ئۆتكەن كۈنىمىز...

— ئۆتكەن كۈنگە سالىۋات، بىز ئەقلىمىزگە كېچىكمەي كەلدۇق، خۇداغا شۈكرى... ئادەم دېگەننىڭ ياخشى - يامىنى مۇشۇنداق چاغدا ئايرىلىدۇ. ئورايىمنى بىز پالۋان، باتۇر دەپ يۈرۈپتۇق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئاشكارىلاندى. بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلماي، ئۆتكەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ ياشاش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن مەرد، مەردانە ياشىشى كېرەك. سادىر پالۋاننى خەلق نېمىشقا ھازىرغىچە ئۇلۇغلايدۇ؟ دېمەك، ئۇ ئۆز ۋىجدانى، غۇرۇرى بىلەن ياشاپ ئۆلگەن. دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ نېمە قىلىمىز؟ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلسەك بىز ئۈچۈن شەرەپ ئەمەسمۇ؟ — ناسىراخۇن سۆزلىگەنسېرى قىنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى.

— بىز يۈرەكلىك ئەزىمەتلەرنى ماختىساق شامالخاننى ماختىساق بولىدۇ. ئۇ خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، باھارنى چىللايدىغان بۇلبۇل. ئۇ ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكەندە ئاندىن ئارام تاپىدۇ. مۇشۇنداق سوغۇقتا ئۇ كېچىنى كېچە دېمەي



ئارشاڭغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى بارات پالۋان ئاستا كېتىۋېتىپ.

— راست دەيسەن، ئۇ بىز پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىنسان! — دېدى ناسىراخۇن جەڭگىۋار ھالدا.

قار لەپىلدەپ ياغماقتا. سوغۇق شامال بارغانچە ئەدىمەكتە. ھاۋا ئەلپازىنى يامان قىلىپ تۈرۈلۈپ تۇرماقتا. ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا چۈمگەنىدى.

— ناسىراخۇن بىز ئەمدى ھەرىكەتنى تېزلىتەيلى. يۈر، سادىق باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ بەزى ئىشلارنى كېڭىشىپ كېلەيلى، — دېدى بارات پالۋان قەتئىيلىك بىلەن.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە بارساقمىكىن.

— كۈرەشكە ئاتلانغان ئادەمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بۇرچى ئىشنى كەينىگە سوزماي ۋاقتىدا قىلىش! يۈر...

ئۇلار تۈن قوينىدا كۆزدىن غايىب بولدى. قورقۇمسىراپ كوچىغا چارلاشقا چىققان بىرنەچچە ئەسكەر شەھەر كوچىسىنى شۇنداق بىر ئارىلاپ قويۇپلا، قارارگاھىغا قايتتى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانىدى.

توققۇزىنچى باب

# قاغىنىڭ كۆڭلىمۇ قارا

ئىتتىن كىيىككە ۋە مۈشۈكتىن كەپتەرگە شەپقەت كۈتۈش قىيىن.

— ئە. نەۋائى

1

ۋەن گوتەي ئاچچىقىدا ئۆلەي دەۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكىپ، ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ ئارشاڭ تەرەپكە شۇنچە كۆپ ئەسكەر ماڭدۇردى. ھېچبىر غەلىبىدىن خەۋەر يوق. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، ياڭ ھاكىم، پىرقە باشلىقى لى يەن ۋە ۋۇ شاۋتەنلەرگە ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك قارىشىدىن تۈگۈلۈپ كېتىشتى.

— بىز بۇ زېمىندا خاتىرجەم ياشىمدۇق - يوق، نېمىشقا بىز شۇنچە ئەسكەر، شۇنچە قورال كۈچى بىلەن ئوغرىلارنى يوقىتالمايمىز؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك بىز يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز، ۋۇ جۈيجاڭ جانابلىرى!

— سىلىڭ، بىز بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز.

— نېمە كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، نېمە خىزمەت كۆرسەتتىڭىز؟ ھېچبىر نەتىجىڭىز يوق. . .

— دوكلات!



— ھە نېمە گەپ!

— جىڭ تەرەپكە ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بىلەن شەھەر دەرياسىدىكى كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋېتىپتۇ، ئۆگزىدە قاراۋۇلدا تۇرغان تۆت ئەسكىرىمىز ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. ئارشاڭغا ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى ئۆلۈپتۇ، سەيسچىلەر ھارۋىغا بېسىپ ئەكەپتۇ. . .

— ئاغزىڭنى يۇم! ئاناڭنى. . . — ۋەن گوتەينىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. ئەتىگەندە ئاڭلىغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى.

— ۋۇ جۈيجاڭ، بۇ نېمە ئىش دەيمەن؟ — دېدى ۋەن گوتەي يىغلىغۇدەك بولۇپ، — بۇ يەردىمۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى بار. سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ يوق بىر ئادەملەرنى تۇتۇپ، سوراق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىڭلار. . .

ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋتەنىنىڭ ياپما قاپاقلىرى لىكىلداپ، گۆشلۈك يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېغىر قورقۇنچ چىرمىۋالدى.

— ياڭ ھاكىم جانابلىرى، ھېلىقى تەشكىللىگەن ئادەملەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولدى؟ بارات دېگەن ياۋايىلار نېمىگە ئەسقاتتى؟

— ئۇلار بولغاچقا ئاشلىقلار ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ خېلى تىنچلىنىپ قالغان. . . — دېدى ياڭ ھاكىم ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن باھانە كۆرسىتىپ. ئۇ ئۆزى تاپقان چارىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

— ئەتە كەچتە چوڭ يىغىن بار. بۇ مەخپىي يىغىن، قالايمىقان ئادەملەرنى قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چەنتۇلاردىن

بىرسىمۇ قاتناشمىسۇن. بىز ئەمدى يۇقىرىغا دوكلات يوللاپ، ئەسكەر تەلەپ قىلىمىز. ئاندىن ئارشاڭغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىن ئېلى ئوغرىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز ئورنىمىزنى ساقلايمىز! بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. هازىردىن باشلاپ بۇيرۇق: بۇ چەنتۇلارغا هەرگىز رەهىم-شەپقەت قىلماڭلار، قولىدا نېمە بولسا، شۇنى تارتىۋېلىڭلار، هەربىر ئائىلىگە تاپشۇرۇلغان نان يېقىش ئىشى داۋاملىشىۋەرسۇن. كۆۋرۈكنى تېز ياساش ئۈچۈن سەيسىگە كۆپلەپ ئادەم سېلىنسۇن، ئالدىنقى سەپكە ئوزۇق - تۈلۈك توختاپ قالماي ماڭسۇن، بايلاردىنمۇ يۇلۇپ ئېلىڭلار.

— ياخشى گەپ بولدى، — دېدى لەن شىڭ، — هېلىقى قوي ئاپىرىدىغانلار قايتىپ كەپتىكەن، باشلاپ كېلەيمۇ؟

— بولدى، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا هازىر ۋاقتىم يوق. ياڭ هاكىم سىزمۇ پاڭقىيىپلا ئولتۇرماي، بارات دېگەن نېمىلەرنى ئوبدان ئىشقا سېلىڭ. باشقا ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ. باشقىلارمۇ شۇنداق! قالغان گەپلەرنى ئەتە كەچتە دېيىشەيلى. باشقا گەپ بارمۇ؟

— يوق.

— ئەتە كەچتە ۋاقتىدا كېلىڭلار، ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ. لەن شىڭ سەن تۇرۇپ تۇر، گەپ بار.

لەن شىڭ خۇشلۇقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

## 2

سوغۇق شامال هۇشقۇيتۇپ چىقىۋاتاتتى. شەهەر ئاهالىلىرى ماغدۇرسىز تېنىنى ئاران مىدىرلىتىپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىپىرلايتتى. ئۇلار: «پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. بۇنى تارتماسلىققا نېمە ئامال؟ خۇدا بىر كۈنى بۇلارغا ئىنساپ بەرسە، كۈنىڭ سىرىقىنى كۆرەرمىز. خۇدا بەرگەن كۈنىڭگە مىڭ شۈكرى. . .» دېيىشەتتى. سەيسىگە تۇتۇلغانلارنىڭ بەزىلىرى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلەتتى، بەزىلىرى ئۈن - تىنسىز يوقاپ كېتەتتى. هارۋىكەشلەر هەر قېتىم كەلگەندە، بۇ يۇرتنى مۇسىبەت يىغىسى قاپلايتتى. سەنتەيدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا سېلىش ئۈچۈن ۋە ئالۋاڭغا تۇتۇپ ئاپارغان يەتمىش تۆت پۇقرانى چۆل- ئېدىر بىلەن سەنتەي تاغلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاش يول ئۈستىدە پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلىدى. تاش كۆۋرۈكنى ياساشتىن باش تارتقان بىرنەچچە ياغاچچىنى لەن شىڭ قىلىچ چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە شۇنچىلىك ۋەهشىلىشىپ قانخور جاللاتقا ئايلانغانىدى. ئۇ بارات پالۋان بىلەن ئۆزلىرىگە تۇزۇك نەپ بەرمەيۋاتقان سادىق باينى بىر ئامال بىلەن سەۋەب تېپىپ كۆزدىن يوق قىلىش غېمىدە يۈرەتتى. گاهىدا شۇ ئاچچىقىنى پۇقرالاردىن چىقىرىۋالاتتى.

جۇۋىنغا ئورالغان، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كىيگەن، يوغان، يۈزى قىزىل ئەيسا سۇنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ئېلى بوجاڭ ئات بىلەن هەريان چېپىپ، قامچا ئوينىتىپ خەلققە هەيۋە قىلىپ يۈرەتتى. ئەيسا سۇنجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ:

— قىل دېگەننى قىلماي، هارام تاياق يەيدىغان قاپاقباش هارامزادىلەر، ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداپ، ئىشنى تۈگەتسەڭلار بولدى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بازار سىرتىغىراق جايلاشقان چىمەنگۈلنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ.

— قارا ماۋۇ يالاڭتۆشنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى، — دېدى چىمەنگۈل ئۇنى لەقىمى بىلەن ئاتاپ، — تېخى ئاۋۇ ئېلى پايىنسىچۇ؟ بۇلار ئەجەب تېز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇيا؟ بۇ ئىشلار

ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەسقۇ؟ تۇۋا خۇدايىم...
— ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى قارا قۇمچاق كەلگەن دوستى ھەجەرخان، — بۇلار گومىنداڭچىلارنىڭ تەخسىسىنى يالاپ يۈرگەچكە يوغىناپ كېتىپ بارىدۇ.
— ھەي ۋىجدانسىز، نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋالار! — دەپ ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى چىمەنگۈل، — ھېلىقى ئايىسخان جۇيجاڭ، زاكىر قۇلاق، تۇرسۇن تىڭتىڭ دېگەن نومۇسسىز مۇناپىقلار ئۆز ئادەملىرىمىزنى تۇتۇپ بېرىپ جان باقىدىكەن، بۇلار مۆرىتى كەلسە ئاتا - ئانىلىرىنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىمۇ تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ. تېخى ھېكىمباي، يولۋاسبەگ دېگەنلەر جۇيجاڭ، سىلىڭلارغا قىز، چوكانلارنى سولاپ بېرىپ، مال - مۈلكىنى قوغدايدىكەن. شۇلارنىڭمۇ قىزلىرى بار - ھە، تۇۋا بۇ ۋىجدانسىز، پەس ئادەملەرنىڭ زامانى بولىدىمۇ نېمە؟
— قۇربان ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— تۇۋا دەڭە خېنىم، ئۇ دېگەن ھازىر... — تىلى ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى چىمەنگۈل، — شۇنداق ۋىجدانلىق...
— ئۇ نېمەڭنى ماختاپلا كەتتىڭغۇ؟ بىلىمىز ئۇنى... — دېدى ھەجەرخان ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — كۆلكىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئۇنىڭ ئەزىزلىگۇدەك...
— خېنىم، سىلىنىڭ كۆلۈپ بېرىدىغان نېمەڭلار بارمۇ؟ — دېدى چىمەنگۈل تېرىكىپ.
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، خاپا بولماڭلار، خاپا بولساڭلار تارتىۋالىمەن جۇمۇ؟ شۇنداق قىلسام ئىچىڭلارغا ئوت كېتىدۇ... بۇگۇن كۆرۈشەمسىلەر؟
— ياق، ئۇ ئالدىراش، — دېدى چىمەنگۈل ئويچان كۆزلىرىنى ھەجەرخانغا تىكىپ، — ئۇنىڭدەك ۋىجدانلىق، باتۇر



يىگىتنى تاپماق قىيىن، ئۇ سەنتەي دېگەن يەردە شۇنچىلىك كۆپ جاپا چېكىپ كەلدى. يەنە تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرمەمدۇ، ئۇ ھەممە دەردىنى چاقچاق بىلەنلا خالاس قىلىدۇ. ئۇ يېنىمدا بولسا مەڭگۈ زېرىكمەس ئىدىم...
— سەۋدايى بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ قۇرباننىڭ دوستىدىن بىرەرنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويساڭ بوپتىكەن.
— ئۇ سەۋدايى بولۇشقا ئەرزىيدىغان يىگىت، — دېدى چىمەنگۈل ئاسمانغا قارىغىنىچە، — ساڭمۇ ئاشۇنداق بىرى بولسا بولاتتى، قېنى مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي.
— نېمانداق سوغۇق، سەن قۇرباننىڭ ئوتىدا كۆيۈپ توڭلىمايۋېتىپسەن - دە.
— توڭلامدىغان... ئۆيدە يا ئۇنىڭ گېپىنى قىلغىلى بولمىغان... يۈر، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى...
— بولدى مەن قايتاي، ئاپام ئەنسىرەپ قالمىسۇن، تېخى ھېلىقىلارنىڭ نېنىنى ياقمىسام بولمىغان، خوش ئەمىسە.
— خوش، بىكار بولساڭ كىرەرسەن؟ باھارگۈلنى باشلىۋال.
— ماقۇل، سەنمۇ ئۆيىمىزگە چىقىپ ئولتۇرۇپ كىر، توي قىلغاندا قۇربان بىلەن بىللىلا چىقاي دەمسەنيا، بالا - چاقىلارنى يېتىلەپ...
— ماڭ ئەسكى...
چىمەنگۈلنى خىيال باستى: «توغرا، قۇربان بىلەن توي قىلسام، بالا - چاقىلىرىمىز بولسا، بۇلارمۇ (گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى دېمەكچى) يوقىلىپ جاھان تىنچىسا، ئازادە يوللاردا بەھۇزۇر ئايلىنىپ يۈرسەك، دوستلارنىڭ ئۆيىگە بارساق. ئاھ بىز قاچانمۇ ئازادلىققا ئېرىشەرمىز؟ ھە راست، بىز توي كۈنىمىزنى يۇرتىمىز ئازاد بولغان كۈنگە توغرىلىدۇق - ھە! قاچانمۇ شۇ كۈن كېلەر...»

## 3

سەيسگە تۇتۇلغانلارنى ئېلىپ ماڭغان ما تۇەنجاڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەنىدى. «ئېلى ئوغرىلىرى دېگەنلەر ئەجەب يامان نېمىلەركەن، بۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد بار، ئۇنداقتا كېيىن مېنىڭ تەقدىرىم...»

هارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلار تۇغلىغىنىدىن قوللىرىنى ئانچە - مۇنچە پەلەيدىن چىقىرىپ ئۇۋۇلاپ قوياتتى. ئۇلار ئازابلىق خىياللارغا چۆكۈپ، ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەشەتتى. ئۇلار قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە چىقىش يولى تېپىشنى بىلمەيتتى. يول بويى توڭلاپ ئۆلگەن پۇقرالارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈشكەندە، يۈرەكلىرى جىغىلداپ كېتەتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلار بەكمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى.

بىر خىل سىلكىنىپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان سىدىق كۆك كۆز ئېغىر خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۇ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى ئويلىغىنىدا، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، مېڭىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. «باراتلارنى ئەجەب خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىمەن - ھە، ئۇلارغا قېتىلىپ كەتسەم بولاتتى. ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى...»

بۇلارنى قورشاپ ماڭغان ئەسكەرلەر مىلتىق بىلەن بۇلارنى ئانچە - مۇنچە نوقۇپ ھەيۋە قىلىپ قوياتتى. «ئاناڭنى، ئاز كۈنىڭ قالدىغۇ ئەدىپىڭنى يەيدىغانغا، خەپ» دەيتتى سىدىق كۆك كۆز ئېغىر تىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇلار كېتىۋاتقان تاش يولنىڭ بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن بىر بوۋاقنىڭ ئەنسىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ما تۇەنجاڭ، مەن ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ باقاي، بىر بالا



يامان يىغلاپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، كىرىپ باق.

سىدىق كۆك كۆز قار ئۇستىدە غاچىلداپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆيدىكىلەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى.

ئۆي سوغۇق بولۇپ، بۆشۈكتە بىر بوۋاق ئاچچىق يىغلاپ ياتاتتى. سىدىق كۆك كۆز ئۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە، بۆشۈكنىڭ قېشىغا باردى.

— يىغلىما - ھە، ئاپاڭ ھازىر كېلىدۇ... — ئۇ شۇنداق دەپ بۆشۈكنى تېز - تېز تەۋرەتتى. بوۋاق بىر ئاز پەسلەپ قالدى. سىدىق كۆك كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى ئاختۇرۇپ، ئاران بىر پارچە قاتتىق نان تاپتى. ئۇ ناننى چايناپ بالىغا يېگۈزەي دەپ تۇراتتى. ئۇنى بىرى چاقىردى:

— سىدىق بۇياققا چىق، ماڭىمىز!

— مانا ھازىر... مانا...

سىدىق كۆك كۆز چايناپ نانىنى بالىغا يېگۈزدى، ئاندىن بوۋاققا كۆزى قىيمىغان ھالدا چىقىپ كەتتى. «ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كۈن. خەپ، ئاناڭنى بىر كۈنى ئۆچۈمنى ئالمايدىغان بولسام...» ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ھارۋىسىغا يېتىشىۋالدى.

ئۇلار بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە، ما تۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممىسى ھارۋىلىرىنى توختىتىشىپ، قويۇنلىرىدىن قاتتىق زاغرىلىرىنى ئېلىشتى - دە، ئىشتىها بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر بولسا گىردە يەۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا بىر ئەسكەر سىدىق تەرەپكە دېۋەيلەپ كېلىپ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجايدى.

— ھەي، چەنتۇ، ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجاۋاتامسەن؟

— سۆڭەك غاجىسام ئاناڭنى بېرەمتىڭ؟ — سىدىق كۆك كۆزنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى.

— ھۇ ئاناڭنى چەنتۇ! — ھېلىقى ئەسكەر مىلتىق پاينىكى بىلەن سىدىق كۆككۆزنى بىرنى سالدى.

— ماۋۇ ماڭقىنى قارا، — سىدىق كۆك كۆز چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، بىر كاللا قويۇپ ئۇنى دومىلىتىۋەتتى. ئەسكەرنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەلدى.

ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى بەتلەپ، ئۆزلىرى تەرەپكە دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان ھارۋىكەشلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇلار ھېلىلا مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزىدىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ئەسكەر بۇرنىدىكى قانلارنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى.

— نېمە ئىش بولدى! — دېدى ئەتراپنى كۆزىتىپ كەلگەن ما تۈەنجاڭ.

ھېلىقى ئەسكەر بولغان ئىشلارنى خاتا دوكلات قىلدى.

— ئۇنداق ئەمەس ما تۈەنجاڭ، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز، — مەن نان يەۋاتسام: «ھەي چەنتۇ، ئىتقا ئوخشاش سۆڭەك غاجىلاۋاتامسەن؟» دەيدۇ. . .

ما تۈەنجاڭ ھېلىقى ئەسكەردىن سورىۋىدى، ئەسكەر دۇدۇقلاپ قالدى. ما تۈەنجاڭ ئۇنىڭغا «چاڭ - چۇڭ» ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتتى. ھارۋىكەشلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، داڭ قېتىپ قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ قورقىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھارۋىنى ھەيدەڭلار، يولغا چىقىمىز!

ھارۋىكەشلەر دەرھال جابدۇنۇپ يولغا چىقىشتى.



ئەسكەرلەرمۇ ئۆز جايىغا بېرىپ مېڭىشتى. ئۇلار ما تۈەنجاڭدىن نارازى بولغاندەك قىلىشاتتى.

يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ چوققىلىرى، ئەتراپتىكى قېلىن ئورمانلىق بۇ تىمتاس تەبىئەت قوينىغا سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى. ئاپئاق قار ئۇچقۇندايتتى. قارا سوغۇق يۈزلەرنى چىقىپ ئۆتەتتى.

سىدىق كۆك كۆزنى تىللىغان ھېلىقى ئەسكەر يولدا يەنە بىر ھارۋىكەشنى ئۇرۇپ جېدەل تېرىدى. ما تۈەنجاڭ بۇ قېتىممۇ ئۇنى ئاياپ قويمىدى. تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئۇنى جايىدىلا ئېتىپ تاشلىدى.

ئۇلار ئوتتۇرا شتابقا يېتىپ كەلگىنىدە، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلار تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىشتى.

— سىلەر بۇ نەرسىلەرنى چۈشۈرگەچ تۇرۇڭلار، مەن ئەتراپنى چارلاپ كۆزىتىپ كېلەي. . . سىدىق يۈرە، سەن بۇ يەرنى ئوبدان بىلىسەن. . . — دېدى ما تۈەنجاڭ.

ئۇلار ئىككى پوستتىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچىنچى پوستقا بارغاندا ما تۈەنجاڭ ئۇخلاپ ياتقان ئەسكەرنىڭ پىلىموتىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىپ يەنە ماڭدى. «بۇ ئەمدى نەگە بارىدىغاندۇ؟ نېمانداق ئالاقزادە بولىدىغاندۇ، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن. . .» دەپ ئويلىدى سىدىق كۆك كۆز.

ئۇلار ماڭغىنىچە قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ توختىدى.

— سىدىق، — دېدى ما تۈەنجاڭ ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — سەن پارتىزانلار بار يەرنى بىلەمسەن؟

— مەن. . . مەن. . .

— ماڭا ئىشەن، ئىككىمىزنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش، با
كۆرگەنسەن، سېنى تىللىغان ئادەمنى ئېتىپ تاشلىدىم. يە

ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ . . . مەن ئۇلارغا ئۆچ، ئۆزۈندىن بۇيان
پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم. . . ماڭا
ئىشەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سىلەرنى ھەقىقەتەن بوزەك
قىلدى. خورلىدى، كەمسىتتى، ئەمدى ئۇلار جاجىسىنى
يەيدىغان پەيت كەلدى.

سىدىق كۆك كۆز: «ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ مېنى
تۇتۇۋالسىچۇ؟ ياكى ئۇ بىزگە قوشۇلۇپ بىللە ئىنقىلاب
قىلماقچىمۇ؟ نېمە كۆرسەم مەيلى، ئۇنى باشلاپ
بارمايمۇ؟ . . .» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— ماڭا ئىشەنگىن. مەن ساڭا خائىنلىق قىلمايمەن. بىز
بىرلىكتە مىللىي ئارمىيىگە قېتىلىپ كېتەيلى، — دېدى ما
تۇەنجاڭ ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ.

— بولىدۇ، يۈر، مەن باشلاپ باراي. . .

ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدىن مېڭىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا
سىڭىپ كەتتى. سوغۇق تېخىمۇ ئەدىمەكتە ئىدى. يالىڭاچلانغان
دەرەخلەر غېرىبسىنىپ تۇرۇشاتتى.

ئۇلار قېلىن قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، تاغ تەرەپكە
يۈرۈلدى.

ئۇلار شۇ جىددىيلىكتە توڭلىغىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇلار
قېلىن توقايلىقنى ئارىلاپ مېڭىۋاتقىنىدا:

— توختا! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن سىدىق.

— كىم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر، دۈم يات!

ئۇلار دۈم يېتىشقا مەجبۇر بولدى. قارنىڭ سوغۇق تەپتى
بەدەنلىرىگە ئاستا - ئاستا يامىرىدى.

— ھەي. . . بىزنى دۈم ياتقۇزۇپ قويۇپ، سوغۇقتىن
ئۆلسۇن دەمسەن؟

— ئاۋۇ يېنىڭدىكى كىم؟ فورما كىيىۋاپتىغۇ؟ قورالنى



تاشلىسۇن! ئەجەب ئىشىڭ تۈگىمىدى.

— ما تۇەنجاڭ پىلىموت بىلەن تاپانچىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا
تاشلىدى. ھېلىقى كىشى قورالنى يىغىشتۇرۇپ، بۇلار تەرەپكە
يېقىنلاپ كەلدى.

— ھوي قاسىم جودا، سەن ئادەمنى يەرگە چاپلاپ قويۇپ،
ئۆلسۇن دېدىڭما؟ كالۋا.

— سەندەك قولىدىن ئىش كەلمەس نېمىنىڭ ياشىغىنىدىن
ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ما تۇەنجاڭمۇ؟ بۇ نېمە ئىش؟

— ھەئە، مەن ما تۇەنجاڭ، سىلەرگە قوشۇلاي دەپ
كەلدىم.

— نېمە؟ — قاسىم جودا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ
قالدى، — يۈرۈڭلار باراتكامنىڭ يېنىغا بارايلى، — قاسىم
جودا ما تۇەنجاڭغا گۇمان نەزىرىدە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ماڭدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەملەر بۇ؟ ھوي،
ھاشىمكاممۇ يۈرەمدۇ نېمە؟ — دېدى سىدىق كۆك كۆز
ھەممەيلەنگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ.

— قانداقراق ئۇكاموي؟ — دېدى ھاشىم تۆمۈرچى ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، چار ساقىلىنى سىلاپ
تۇرۇپ، — زۇلۇمنىڭ دەردىنى تارتقۇچە ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ
ئۆلەي دېدىمغۇ؟ ئاكاڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەنغۇ؟ كېچىسى
بۇ يەرگە كېلىپ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىشىمەن. كۈندۈزى
ئۆيدە پالتا، قىلىچ، ئارا ياسايمەن. ئەل - خەلق دەپ سوقۇۋاتقان
بۇ يۈرەك بىزنى جىم ياتقۇزمايدۇ، — ھاشىم تۆمۈرچى ئاتمىش
ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان كىشى ئىدى.

— بارىكاللا ئاكا، ئەزىمەت ئىكەنلا.

ما تۇەنجاڭ بارات پالۋان بىلەن قىزغىن ئەھۋاللىشىپ

ئۆزىنىڭ بۇلارغا قېتىلىش سەۋەبىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىدە، بارات پالۋان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئۇلار ئىككىسى خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتى. لېكىن، سىرداشلاردىن ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئىشىڭ ياخشى بوپتۇ. بىز ئارشاڭدىكى ئېلى پارتىزانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى بارغانچە قويۇقلاشتۇرۇۋاتىمىز. ھازىرچە بىز مۇشۇ چاغانئارالنى بازا قىلىپ، كەچلەردە ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئارشاڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئاتمىش، يەتمىش كىلومېتىرچە كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە چېكىنىپ تاراپ كەتسەكمۇ ئۇلار نەگە كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەي قېلىشىدۇ. كېچىسى بۇ يەردە پالتا، توقماق، ئارا كۆتۈرگەن ئادەملەر مانا مۇشۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇ. كۈندۈزى ھېچ كىشى يوق...

— بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ناھايىتى ياخشىكەن، ئەمما سىلەردە قورال يوق، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاۋۋال قوراللىنىش زۆرۈر...

— قورالنى بىرى ئەكېلىپ قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بىز ئۇنى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىۋالىمىز. ھازىر ئارشاڭدىكىلەرگىمۇ قورال يېتەرلىك ئەمەسكەن، شۇڭا بىز سەن دېگەن يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك!

— ئۇنداق قىلغان بىلەن بولمايدۇ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان، بىز تاياق-توقماق بىلەن نېمە ئىش قىلالايمىز.

— ئۆز ئادەملىرىڭنى ئاسراۋاتامسەن نېمە؟

— ياق، ياق...

— ئۇنداق بولسا، كېچىكتۈرمەي ھۇجۇمنى باشلايلى.

ما تۈەنجاڭ ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ نېمە بولسا بۇلار



بىلەن تەڭ كۆرەي، بۇلارغا ئىشەنچىسىز بولۇپ قالماي دېگەن خىيالغا كېلىپ، بارات پالۋانغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— مەيلى، دېگىنىڭچە بولسۇن، ئەسلى بۇنداق قاراملىق قىلمىساق بولاتتى.

— قاراملىق قىلمايمىز دەپ، بۇ يەردە جىم ياتىمىزمۇ؟ بىز نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم. ئۇرۇش دېگەندە غەلىبە قىلىش بىلەن مەغلۇب بولۇش بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ.

— ئاۋۋال ئازراق ئارام ئېلىۋالايلى، — ئۇ شۇ ئارقىلىق بارات پالۋاننى خىيالىدىن يېنىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— ما تۈەنجاڭ، سەن بىزنى قانداق بىلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ناسىراخۇن تېخىچە گۇمانلىنىپ.

— قۇلاق ئۇزۇنغۇ، — دېدى ما تۈەنجاڭ، — مەن خېلىدىن بېرى باراتلارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتىم. كېيىن شەھەردە ئەسكەرلەرنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى، ئۆلۈشى، كۆۋرۈكلەرنىڭ پارتلىشى، مەندە گۇمان پەيدا قىلدى. سىدىقمۇ مۇشۇ كۈنلەردە جىم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. مەن بۇنى چوقۇم سىدىق بىلىدۇ، دەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدىم. ئەگەر سىدىق بىلمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالغان بولسا مەندىمۇ ئامال يوق ئىدى. تەلىيىمگە ئۇ باشلاپ باراي دەپ قالدى، — ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلەۋاتاتتى.

يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ تەپتى ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىنى قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ھۇجۇم قىلىشقا بەكمۇ ئالدىراۋاتاتتى. ئاخىرى قانلىرى قىزىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— ئىمىنباينىڭ تۈگمىنىدە تۈنەپ قالغان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىڭلار! — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئەنسىز ھالدا تۇرۇپ.

ھەممىسى چۆچۈپ بارات پالۋانغا قاراشتى. ئاندىن ئاتلىرى بارلار ئاتلىرى يېنىغا يۈگۈرۈشتى. پىيادىلەر قوللىرىدىكى تاياق - توقماق، ئارا - كەتمەنلەرنى مەھكەم تۇتۇپ تىزىلىپ تۇرۇشتى. ما تۇەنجاڭ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا بارات پالۋانغا ئاستا قارىدى. بارات پالۋاننىڭ ۋۇجۇدىنى قەھر - غەزەپ ئەسىر قىلغان بولۇپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى.

— قېرىنداشلار، — دېدى بارات پالۋان ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئۇرۇش دېگەندە ئۆلۈش، يارىلىنىش بولىدۇ. بىز قۇربان بەرمەستىن ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. بىز ئۆلسەكمۇ ئازادلىق ئۈچۈن ئۆلۈپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا يۈز يورۇق كېتەيلى! بىز ئەركەك بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەركەكتەك ياشىشىمىز، خەلق ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز لازىم. ئاللا بىزگە مەدەت قىلسۇن، ئاتلىنايلى!

— ئەل - خەلق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

ما تۇەنجاڭ پارتىزانلارنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىگە قاراپ، چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى.

تۈن قوينىدا پارتىزانلار قەيسىرانە روھ بىلەن دۈشمەن قارارگاھىغا قاراپ ئاتلاندى. بارات پالۋان سەپ ئالدىدا ئېتىنى ئويىنىتىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ روھىدا بىرلا ئەل - خەلق ئازادلىقى دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرگەچكە، كۆزىگە شۇ تاپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. قولىدىكى قارا مىلتىقنى پات - پات چىڭ سىقىمداپ قوياتتى. ۋۇجۇدى غەزەپ، خورلۇق ئارىلاشقان تۇيغۇلاردىن سىقىلاتتى.

ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغىنىدا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ما تۇەنجاڭنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ۋە پوستتا تۇرغان ئەسكەرنىڭ قورالىنىڭ يوقالغانلىقىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.

ۋاقىت تاڭغا ئۇلىشىدىغانغا ئاز قېلىۋاتاتتى.



— بارات، ھۇجۇم قىلساق خەتەرلىك، — دېدى ما تۇەنجاڭ ئەھۋالنى كۆزىتىپ.

— يۈرەكلىكرەك بولساڭچۇ، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ ئۆلۈمدىن قورقامدۇ؟ مۇشۇ ھالىڭدا قانداقمۇ تۇەنجاڭ بولغانسەن؟

— مېنىڭ قورقۇۋاتقىنىم يوق، ياخشى كۆڭۈل بىلەن دەۋاتىمەن.

— ناسىراخۇن، ئابلىز قارى، سىلەر كەينى تەرەپتىن تېگىش قىلىڭلار، مەن ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاي، قاراپ تۇرماي ئاتلىنىڭلار! — بارات ما تۇەنجاڭنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماستىن بۇيرۇق بەردى.

— ماقۇل.

ئۇلار ئالدى - ئارقا تەرەپلەردىن ھۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەنلەر دەسلەپتە سەل ھودۇقۇپ، قالايمىقان ئوق چىقاردى. كېيىن ئۆزلىرىنى تۇزۇۋېلىپ، ئۇلارغا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. پارتىزانلاردىكى بىر نەچچە قارا مىلتىق ۋە ما تۇەنجاڭ ئەكەلگەن پىلىموت، تاپانچىدا ئوق تۈگەپ، ئۈچ ئادەم قۇربان بولۇپ، ئۇلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. غالجىرلاشقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلارنى چاغانئارالغىچە قوغلاپ بېرىپ، كېيىن ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالماي تۇرالغۇسىغا قايتتى.

ما تۇەنجاڭ بۇلارنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، بارات پالۋاننى ئالاھىدە ماختاپ كەتتى.

— سىلەر ئۆزۈڭلاردىن كۈچلۈك دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قورقماستىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوندەك ئادىمىنى يوقاتتىڭلار، توۋا، ئاجايىپ قورقماس، باتۇر ئىكەنسىلەر.

— قورقۇنچاقلىق پەس، يارىماس ئادەملەرنىڭ ئىشى، بىزنى باتۇر قىلىۋاتقان بۇلارنىڭ زۇلمى، ما تۇەنجاڭ، ھازىرچە بىز جەڭنى مانا مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت قىلىپلا تۇرىمىز. بۇ

بىزنىڭ كېيىنكى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەشقىمىز، مۇنداق ئۇرۇشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ.

— شەھەردىكى قوغداش ئىشىڭلارچۇ؟

— ئۇ يەرگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملىرىمىز بار. مەسىلە چىقسا خەۋەر قىلىدىغان ئالاقىچىمىزمۇ بار.

— سىلەر ئىشقا بەكمۇ پۇختىكەنسىلەر، ئەپسۇسكى، قاراملىقىڭلارمۇ باركەن.

— قارام ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قارام ئادەملەر يۈرەكلىك بولىدۇ. يۈرەكلىك ئادەم ئىنقىلاب ئوتلىرىغا مەردانە ھالدا ئۆزىنى ئاتالايدۇ. مەن قارام، باتۇر ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن.

ما تۇەنجاڭ ئۈن چىقارمىدى، ئۇ بارات پالۋاننى باشقىلار نېمە دېسە ئاڭلايدىغان، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاسان قايىل بولىدىغان ئادەم دەپ چۈشەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات چۈشەنچىلىرىگە ئىگە، مۇستەقىل پىكىرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئويلىرىدىن ياندى. بارات پالۋاننىڭ قورقماس، باتۇرلۇقى ئۇنى ئېغىر ئويلارغا سالدى.

## 4

بۇگۈنكى يىغىن ناھايىتى جىددىي كەيپىياتتا ئېچىلىۋاتاتتى. ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. ياڭ ھاكىم ئاماكىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي چەككىنىچە، گارنىزون قوماندانى ۋەن گوتەيىنىڭ سۆزلىرىنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

— بىزنىڭ ئاۋۋال ئارشاڭغا ماڭدۇرغان ئادەملىرىمىز يوللاردىمۇ، ئارشاڭدىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ قېتىم ما



تۇەنجاڭنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئوتتۇز ھارۋىغا ئوزۇق - تۈلۈك بېسىپ، ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردۇق. بىز ھەر ئاماللار بىلەن ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسەك مەيلى، ھازىر بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىز تۆۋەن، زەربە بېرىشىمىز ئاجىز، شۇڭا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماي زەربە بېرىپ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىشىمىز كېرەك. ھازىر شەھەر ئىچىدە، يول - يوللاردا پارتىزانلار بىزگە يوشۇرۇن تەھدىت سالماقتا. بىز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تۇتالمايمىز - ھە! ھەممىمىز قاپاقۋاش، دۆت، ھارام تاماق... قېنى قايسىمىز بۇ ئىشتا خىزمەت كۆرسەتتۇق. قېنى دەپ باقايلى. ھەممە ئىش ھازىر ماڭىلا قالدى. قالغىنىڭلار تىنچىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتىسىلەر، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بايلىق توپلاۋاتىسىلەر، ئەيش - ئىشرەت سۈرۈۋاتىسىلەر، قىمار ئويناۋاتىسىلەر، سىلەر مەڭگۈ مۇشۇنداق ياشاپ كېتىمىز دەۋاتامسىلەر؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭلار، ئىلى ئوغرىلىرى بولىدىكەن، بىزگە خاتىرجەملىك يوق... ئوغرىلار بېشىڭلارغا مىلتىق تەڭلىگەندە ئاندىن ئويغىنىسىلەر، بىز ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن بىرمۇ ئوغرىنى تۇتالمايمىز؟ ئەمدى يۇقىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئارشاڭ، بۇ يەر قولدىن كەتسە، كاللىمىز كەتتى دېگەن گەپ، بۇ يەرنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلىرىمىزگە ئاشلىق، يەم - خەشەك نەدىن توشۇلۇۋاتىدۇ؟ مۇشۇ يەردىن، نەق مۇشۇ يەردىن... شۇنچە كۆپ ئەسكەر بىلەن تۆت توك - توك ئوغرىنى يوق قىلالمىساق بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟! ھەممىمىز مۇشۇ ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەۋاتقانلار، بىزنىڭ ئەمدى ھۆكۈمەتكە سادىقلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئۇيقۇمىزنى ئاچايلى... — ئۇ سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ

كېتىۋاتاتتى. گاھىدا ئاغزىنى بۇزۇپمۇ قوياتتى.

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ ۋەھشىي ئەلپازىدىن قورقۇپ، ئېغىر تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىر قىسىملار ئۆچلۈك بىلەن قارايتتى.

قورۇ ئىچى جىمجىت بولۇپ قاراۋۇللار قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇراتتى. دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان بىر قاغا ئەنسىز قاقىلداۋاتاتتى.

— ئوغرىلار بىزنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى. كۆۋرۈكلەرنى ياساپ قويساق يەنە پارتلىتىۋېتىشتى. بىز ئەمدى قانغا قان ئېلىشىمىز كېرەكمۇ - يوق؟... بۇ يەردىكىلەر بىلەن ئالتە ئوغرىنىڭ ئادەملىرىنىڭ گېپى بىر، بۇلارنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ قويىدىغان ۋاقتى كەلدى. سۈكۈت قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. قىساس ئېلىشىمىز كېرەك! قىساس! بىز بۇنى مۇنداق ئېلىپ بارىمىز، يەنى شەنبە كۈنى ھەربىر ئائىلىگە باستۇرۇپ كىرىپ بىردىن ئادەمنى ئېتىپ تاشلايمىز. بۇ ھەرىكەت شۇ كۈنى كەچتە ناھايىتى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا بۇ خەلق بىزگە گەپ - سۆزسىز ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ. يۈرىكى مۇجۇلۇپ باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملىرىمىزنىڭ قىساسىنى شۇنداق ئالىمىز.

— بۇ ناھايىتى ياخشى چارىكەن، بىز مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىساق بولمايدۇ... — دېدى ۋۇ شاۋتەن گەپ قىستۇرۇپ.

— ياخشى ئۇسۇلكەن، كۆڭۈلدىكىدەك گەپ بولدى. ۋەن سىلىڭ بەكمۇ دانا كىشى ئىكەنلا... — دەپ خۇشال بولدى لەنشىڭ.

— ياق، ئۇنداق قىلساق توغرا بولمايدۇ. بىگۇناھ خەلقنى نېمە ئۈچۈن قىرىپ تاشلايمىز، بىزنى بېقىۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ؟! ئۇنداق قىلساق ئۆزىمىزگە چوڭ ئىش تېپىۋالىمىز. ئۇنىڭدىن



كۆرە بىز دىققەت - نەزىرىمىزنى ئېلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىشقا قارىتىشىمىز لازىم، — دېدى ياڭ ھاكىم تاماكىسىنى كولدانغا پېسىپ.

— ياڭ جانابلىرى، نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇ خەقتىن بىزگە نېمە پايدا كەلدى؟ قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ. بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئادەملىرى يوقاتتى. ئەمدى بىزنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىمۇ ياپونلار قىرىۋاتىدىغۇ؟ بۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش، سىز تولا رەھىمدىل بولۇپ كەتمەڭ... — دېدى ۋۇ شاۋتەن ۋەن گوتەيگە قاراپ قويۇپ.

— رەھىمدىل بولۇشقا توغرا كەلسە رەھىمدىل بولغۇلۇق. زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە خەلق چىدىمايدۇ. ھېلىمۇ شۇنچە رايىشلىق بىلەن ئىشلەۋاتامدۇ؟ — ياڭ ھاكىم تەئەددى بىلەن ئېيتتى.

— بولدى، بەس! — دەپ ۋارقىرىدى ۋەن گوتەي.

— دېمەكچى بولغىنىم بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن... باشقىچە ئۇسۇل قوللانساق دەيمەنغۇ؟ — دېدى ياڭ ھاكىم مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ، — نېمە قىلساڭلار نېمە كارىم... شۇ مەنمۇ خاتىرجەملىكىمىز ئۈچۈن قانداق قىلساق ياخشى بولاركىن دەپ... ياخشى كۆڭلۈم بىلەن دەۋاتىمەنغۇ؟... — ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەن گوتەينىڭ ۋەھىملىك قارىشىدىن ئەنسىز سوقۇپ كەتتى - دە، ئاخىرقى سۆزلىرىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى.

— بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن! ھاكىم جانابلىرى بىلەن كېيىن ئۆزۈم ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇنى قايىل قىلىپ قويىمەن، — دېدى ۋەن گوتەي ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، — سىلەر مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاڭلار، ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن، ئىشلارنى ناھايىتى ئىنچىك

ئورۇنلاشتۇرۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، تەڭ ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك. بۇلارغا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئاگاھ بولايلى. يىغىن تۈگىدى. يەنە تەكىتلەپ قوياي: ھەرىكەت شەنبە كۈنى كەچتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كونكرېت ئىشلار ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ، تارقىلىڭلار، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇراتتى.

يىغىنغا قاتناشقان ھەممەيلەن ياڭ ھاكىمنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى - دە: «ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. كىم ۋەن سىلىڭنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ پايدا ئالالىغان؟ ئۇمۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەي ئەمدى چاتاق بولدى، خەتەرلىك، ئۇ بار يەردە سۆزلەمدىغان... ھە دەپ قويسا بولىدىغان ئىش...» دەپ پىچىرلاشتى.

ياڭ ھاكىم ئۆزىمۇ سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆز ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

كېيىن ياڭ ھاكىمنىڭ گېپى ۋەن گوتەينى ئويلاندۇرۇپ قويدى ھەم ئۆزىمۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىسىز جىددىي پەيتتە خەلقنىڭ غەزىپىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىگە ئارتۇقچە ئىش تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ سېلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكىمۇ ئۇنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ شوم پىلاننى كەينىگە سۈردى.



ئونىنچى باب

# يورۇغان ئەقىل

*ئىبادەت ئەسلىدە خەلققە خىزمەت قىلىش،*
*مەسچىت، جەينامازدا ئەمەس بۇ ئىش.*
*— سەئدى شىرازى*

## 1

ۋەزىيەت جىددىيلەشكەنسېرى، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى ھەدەپ يۇقىرىدىن ئەسكەر تەلەپ قىلدى.

1944 - يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، گومىنداڭ غەربىي فرونت قوماندانلىق شتابىدىن چىن تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىسى مول، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك دەپ قارالغان بىر تۈەن ئەسكەر بۇ يۇرتقا قىزغىن تەنتەنىلەر ئىچىدە كىرىپ كەلدى. خەلق بۇلارغا قاراپ غەزەپلىنىك ھومىياتتى.

چىن تۈەنجاڭ ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇپ، ئۇيان - بۇيانغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ كېلەتتى.

ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك خادىملار چىن تۈەنجاڭنى خۇشامەت كۈلكىلىرى بىلەن قارشى ئېلىۋاتاتتى. ئىسمائىل شەنگەن، يولۋاسبەگ، ھېكىمباي، موللا شاگيۇ، موللا نىياز ئاخۇنۇم، زاكىر قۇلاق... لار ھىجايغىنىچە تولىمۇ بىچارە ھالدا چاۋاك چېلىشاتتى. كىشىلەر بۇلارغا قاراپ بوش

شۇرلىشاتتى.

— قارا ئاۋۇلارنى، خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى...

— ئاۋۇ بەتنىيەت ئەمدى يەنە نېمە ئىشلارنى قىلار؟

— ھەي، بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشىدىغان بولدى.

— بۇلار ئارشاڭ پارتىزانلىرىنى يوقىتىۋېتەلەرمۇ؟

— كىم بىلىدۇ؟ ھەي ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، بۇلار نەچچە قېتىم يوللاردا دەككىسىنى يېدى ئەمەسمۇ؟

ۋۇ شاۋتەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئەسكەرنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىۋالدى-دە، چىن تۈەنجاڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھارمىغايلا... جاپا چەككەنلا... — دېدى.

— ئانچە ئەمەس، — دېدى چىن تۈەنجاڭ ۋۇ شاۋتەنگە قاراپمۇ قويماستىن، — ۋەن سىلىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئىشخانىدا سىلىنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، يۈرسىلە مەن باشلاپ كىرەي.

ئىشخانىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئېغىر خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغان ۋەن گوتەي چىن تۈەنجاڭنى كۆرۈپ ئورنىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇردى.

— سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ قېنــــى ئولتۇرۇڭ. مەن ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم، جىق ئادەمنى كۆرسەم بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئاستا ئولتۇرۇپ، — چىن تۈەنجاڭغا چاي كەلتۈرۈڭلار.

— مانا ھازىر، — دېدى بىر ئەسكەر.

— چايدىن كېيىنلا ياخشى تاماق قىلىڭلار، ئەسكەرلەرمۇ ئوبدان غىزالانسۇن.

— خوپ، ھازىرلا ئورۇندايمەن.

ۋەن گوتەي ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرنى باشقۇرالماي،



ياردەم تەلەپ قىلغىنىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتاتتى. ما تۈەنجاڭنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولغانىدى. ئۇنى شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى.

— ئاڭلىسام، — دېدى چىن تۈەنجاڭ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، — ئىلى ئوغرىلىرى ئارشاڭنى ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇمىش، ئۇلار تايىنلىقلا بىرنېمىلەر، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ۋەن سىلىڭ، ئۇلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن، سىلەرگە بۇ يۇرتنى ئامان-ئېسەن تاپشۇرۇپ كېتىمەن. بۇ يەردە تۇرىدىغان ۋاقتىممۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس-ھە...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋەن گوتەينىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، ئىچىنى ئاچچىق قىلىۋەتتى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسا بەكمۇ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. بۇ يالاڭتۆشلەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. تازا بىر ئەدىپىنى بەرمەي بولمايدۇ. ھەممىنى قىرىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ.

— يالاڭتۆش دېگەن بىلەن بۇلارنىڭمۇ پاراكەندىچىلىكى يامان بولۇۋاتامدۇ، — دېدى چىن تۈەنجاڭ ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، مانا مەن كەلدىمغۇ، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق كېتىدۇ. بىز يەنىلا بۇ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرىمىز...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋەن گوتەينىڭ نېرۋىسىغا تېگىپ، بارغانچە ياقماي قالدى. ئۇ ۋەن گوتەينى كۆزگە ئىلمىغاندەك سۆزلەۋاتاتتى.

— ھازىر دەم ئېلىڭ، كەچتە زىياپەت قىلغاچ يىغىن ئاچايلى، شۇ ۋاقىتتا بامەسلىھەت ئىش قىلايلى، — دېدى ۋەن

گوتەي ھارغىن ھالدا.

— بولىدۇ، ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىز.

— ۋۇ جۇيجاڭ، كۆزلىرىڭىزنى سۇغا چۈشكەن مايدەك پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرىسىزغۇ؟ ئەسكەرلەرنى ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

— بولىدۇ ۋەن سىلىك، بۇيرۇقلىرىڭىزغا ھەر زامان تەييارمەن، — ۋۇ شاۋتەن ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.

كەچلىك زىياپەت باشلىنىپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن داۋام قىلدى.

— چىن تۈەنجاڭ سىلىگە ئوبدان قىزدىن بىرنى تېپىپ قويدۇم، كەچتە پەيزى قىلىپ كېلەملا قانداق؟

— ئاۋۋال ئۇرۇش ئاخىرلاشسۇن، ئاندىن ئوينايلى، قانداق ۋۇ جۇيجاڭ؟ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ۋۇ شاۋتەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — سىلىنى دانا، ئۇرۇش تەجرىبىسى مول، بىلىملىك دەپ ئاڭلىدۇققۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، نەدىكىنى؟ — دېدى چىن تۈەنجاڭ قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ، چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ.

— ۋۇ جۇيجاڭ يەنە خوتۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى ۋەن گوتەي چىن تۈەنجاڭغا ھەسەت قىلغاندەك.

ۋەن گوتەينىڭ سۆزىدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

— ۋۇ جۇيجاڭ بەك ئىشقىۋاز ئادەم، خوتۇن دېسە... — دېدى ھېكىمباي بىچارىلەرچە.

— ۋۇ جۇيجاڭ ئويۇنچى بولسا، سەتەڭ تەتەيلەرنى ئۇنىڭغا



تونۇشتۇرۇپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇر. — دېدى لەن شىلىك زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— مەنمۇ تونۇشتۇرىمەن، — دېدى ئىسمائىل شەنگەن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي.

— ۋۇ جۇيجاڭ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ كەتتى. ئوينىسا - ئوينىسا قانمايدۇ، — دېدى ۋەن گوتەي مەسخىرىلىك ھىجىيىپ.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ تولغىنىپ كېتىشتى. بۇ گەپ يولۋاسبەگنىڭ جېنىغا تېگىپ، بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. كېيىن يەنە زورىغا كۈلۈپ قويدى. ياڭ ھاكىم بۇلارغا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى چىن تۈەنجاڭ ئەتراپقا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ، — بۇ يەردە يۇرت چوڭلىرىمۇ، باشقا ھۆكۈمەت ئادەملىرىمۇ بار ئىكەن، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىمىز ئارشاڭدا ئىلى ئوغرىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلىپ، ئوغرىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش، شتاب رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ مېنى ئەۋەتتى. ئەمدىكى گەپ: ئەسكەرلىرىمىز كۆپ، بۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلاش، قولىغا پەلەي ھەل قىلىش مۇھىم. جەڭدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن شارائىتنى ياخشىلاش، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بار ئامالLARنى قوللىنىش لازىم. چۈنكى، ئۇرۇش قىلىدىغانلار ئەسكەرلەر - دە... — ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىقلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋەن گوتەي تولىمۇ بىزار بولدى.

— قېنى ئولتۇرغانلار بىر نېمە دەپ باقسۇن! — دېدى ۋەن گوتەي بۇ زىياپەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ.

— سىلەر ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمىز، — دېدى
ۋۇ شاۋتەن قەتئىيلىك بىلەن، — مانا بايلىرىمىزمۇ
ئۆلتۈرۈۋېتىۋ، بۇلار تۇرغان يەردە بىز نېمىدىن غەم قىلاتتۇق؟
قالغىنىغا پۇقرا بار. قانداق دېدىم بايۋەچچىلەر؟
— توغرا، توغرا، ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، —
دېيىشتى باي - مۆتىۋەرلەر قىزىرىپ - تاتىرىپ كېكەچلەپ
تۇرۇپ.
— بۇنى مۇنداقلا قىلايلى: لەن شىڭ، ۋۇ جۇيجاڭ،
ئىسمائىل شەنگەن سىلەر ماۋۇ بايلارنىڭ ئۇندىن ئېلىپ
ناۋايلارغا ئون بەش مىڭ دانە نان ياقتۇرۇڭلار، يەنە كاسىپلارغا
بىر مىڭ بەش يۈز جۇپ پەلەي تىكتۈرۈپ ئۈگۈنلۈككە سەھەرگە
ئۈلگۈرتۇڭلار. بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش ئۆزۈڭلارغا
باغلىق، ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىن سىلەرگە مۇكاپات
بېرىلىدۇ، — دېدى ۋەن گوتەي چىن تۈەنجاڭغا قاراپ قويۇپ.
— ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇردىڭىز، — دېدى چىن
تۈەنجاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ.
زىياپەت بىردە يىغىن، بىردە ئويۇن بىلەن خېلىغىچە
داۋاملاشتى.

## 2

ئەتىسى سەھەردىلا ۋۇ شاۋتەن بىرقانچە ئادەمنى
ئەگەشتۈرۈپ، بورتالادىكى چوڭ ناۋايخانىدا پەيدا بولدى.
— ھە نۇراخۇن، ئەمەت ئۇستام، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟
— ياخشى، ۋۇ جۇيجاڭ، سىلەرنىڭ شاپائىتىڭلار
بىلەن، — دېدى نۇراخۇن ئۇستام ئاچچىق قىلىپ، ئۇنىڭ
خالتىلاشقان يۈزلىرى قورۇلۇپ، گۆشسىز قاپىقى تۈرۈلۈپ
كەتكەندى. ئۇ «بۇنىڭ كېلىشىدە بىرەر شۇملۇق بار» دەپ



ئويلىدى.
— مەن ئالدىرايمەن، — دېدى ئۇ ئۇيان - بۇيان
مېڭىپ، — مەن سىلەرگە يېڭى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن
كەلدىم. ۋەزىپەڭلار ئېغىر، سىلەر يەنە بىرقانچە ناۋاي تېپىپ،
ئەتە سەھەرگىچە ئون بەش مىڭ نان ئۈلگۈرتىسىلەر، ئۇننى بىز
ئەكېلىپ بېرىمىز...
— ئون بەش مىڭ، ئەتە سەھەر... — دەپ چىرايى
ئۆڭدى ئەمەت ئۇستامنىڭ.
— ھەئە، ئون بەش مىڭ ناننى ئەتە سەھەرگە
ئۈلگۈرتىسىلەر، مەن ناھايىتى ئېنىق دەۋاتىمەنغۇ،
ئۇقمايۋاتامسىلەر؟
— بۇنچىۋالا ناننى قانداقمۇ يېقىپ بولغۇلۇق، — دېدى
ئەمەت ئۇستام خېمىر يۇقى قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ.
— ئەگەر ئەتە سەھەرگىچە نان ئۈلگۈرمىسە، بىزنى رەھىم
قىلمىدى دەپ قالماڭلار. ۋەزىپە ئورۇندالسا سىلەرگە مۇكاپات
بېرىلىدۇ. ئۇننى بىردەمدىن كېيىن ئەكېلىپ بېرىدۇ. مەن
كەتتىم ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن!
بۇلار ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا قانداق قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.
— نېمە ئىش بۇ نۇراخۇن؟ بۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا
كېلىدۇ.
— ئاۋۋال ئويلىشىپ كۆرەيلى. بىرەر ئامال چىقىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس.
— ناننى ياقماقتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن ياكى سىلەر
قېچىپ كېتەيلى دېمەكچىمۇ؟
— بالا - ۋاقىنى تاشلاپ نەگىمۇ قاچىمىز ئەمەت؟ بىز
ئۇزۇن يىل ناۋايلىق قىلغان ئادەملەر، — دېدى نۇراخۇن
ئۇستام ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ ناننى ياقماي ھەرگى

قۇتۇلالمايمىز. باشقا ئۇستاملارنىمۇ چاقىرىپ كېلەيلى.

— نېمە دەۋاتىدىلا؟ بۇلار بىزنى بوزەك قىلىۋاتسا، ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتسا، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشىگە ياردەم قىلىمىزمۇ؟ ياق، مەن ياقمايمەن. بۇ ئىشنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. . .

— قايىنمىسىلا ئەمەت ئۇستام، ئامال بار. . .

— قانداق ئامال؟ — ئالدىراپ سورىدى ئەمەت ئۇستام.

— قارىسىلا، خېمىرنى چالا ئېچىتىمىز - دە، تونۇرنى بولۇشىغا قىزدۇرۇپ، ناننى ياقساق كۆچلۈك ئوت تەپتىدە ناننىڭ يۈزى قىزىرىدۇ، بىز شۇ هامان ناننى سويۇپ ئېلىۋېرىمىز. . .

— ها. . . ها. . . ها. . . ئاجايىپ ئادەم - دە سىز، ئۇنداقتا بىز ئۇلارغا ياردەم قىلماي، ئۆز ئادەملىرىمىزگە ياردەم قىلغان بولدۇققۇ؟

— شۇنداق، نان سوغۇققا چىققان هامان چويۇندەك قاتىدۇ.

— كارامەت ئەقىل بولدى - دە بۇ، مېنىڭ بۇنى ئويلىمىغانلىقىمنى قارا، ئەستا، ئەمدى مەن باشقا ئۇستاملارنى چاقىراي، هە - هۇ بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىمىزغۇ ئۇنى، — ئۇ بۇ ئەقىلدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.

* * *

كاسىپلار ئىشخانىدا لەن شىڭغا هەرخىل باهانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، قاقشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ئادەملىرىگە قارا كۆڭۈللۈك قىلىشنى خالىمايۋاتاتتى.

— بۇنى قانداق قىلغۇلۇق، شۇنچە كۆپ پەلەينى ئەتە سەهەرگىچە قانداق ئۇلگۈرتكىلى بولىدۇ؟



— بۇ بىزنى تەتۈر قىينىغانلىق ئەمەسمۇ؟

— هۈنەرۋەن بولغانغا تويدىغۇ ئادەم.

— بۇ نېمە كۆرگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق؟

— بىز بۇنى قىلالمايمىز.

— قىلساڭمۇ قىلىسەن، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن، بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ جىددىي بۇيرۇقى، ئەگەر قىلمىساڭلار بارار يېرىڭلارنى ئويلىشىپ قويۇڭلار، سىلەر هۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق قىلساڭلار هۆكۈمەتكە قارشى ئىش قىلغان بولىسىلەر. ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ — لەن شىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەپ، پوپوزا قىلاتتى. گاهىدا تىللاپمۇ سالاتتى.

— بولىدۇ، لەن شىڭ ئۇكا، بىز قىلايلى، سىلىمۇ سۆزلەپ چارچاپ قالدىلا، ئارام ئالسىلا، — دېدى باياتىن بېرى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن هاشىماخۇن ئۇستام، — يۈرۈڭلار بېرىپ ئىشقا چۈشەيلى.

هەممىسى هاشىماخۇن ئۇستامغا ئالىيىپ قاراشتى.

— هە، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ياخشى، ناهايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا قايتىپ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار، بۇ دېگەن كاللا كېتىدىغان ئىش، — دېدى لەن شىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ. ئۇنىڭ كاللا دېگەن سۆزى هەممىسىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى - دە، شۇ هامان ئۇلار ئۇ كاللىسىنى ئالغان ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى.

— قورقۇپسەن - دە، هاشىماخۇن، بۇلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلاپ قاپسەن، — دېدى يۈسۈپ ئۇستام ئاچچىق قىلىپ.

— نېمە دەيدىغانسىلەر يۈسۈۋاخۇن؟ ئىش دېگەننى پەم،

ئەقىل بىلەن قىلىش كېرەك.
— نېمە ئەقىل ئويلىشىپ كەتكەنسىلە؟ تايىنلىق، ھەي ئۆز ئادەملىرىمىزگە قانداق يۈز كېلەرمىز؟
— ھەي، مۇشۇ ھاشىماخۇن ئىتتىكلىك قىلىپ قالدى.
— توختاڭلار، ئاۋۋال بۇنىڭ تاپقان چارىسىنى ئاڭلاپ باقمامدۇق. قېنى، سۆزلەڭلا ھاشىماخۇن؟
— قاراڭلار، مۇنداق قىلىمىز: خام تېرە ئارقىسىغا بولۇشىچە سۇ پۈركۈپ باستۇرۇپ قويىمىز. تېرە يۇمشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاق ئۇننى سېپىپ ئاقارتىمىز - دە، ئالماپ بولۇشىغىلا تىكىپ قويىمىز، ئۇ سوغۇقنى كۆرگەندىن كېيىن...
— ھا... ھا... ھا...
ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ، خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.
— يارايسەن ھاشىماخۇن!
— سىلىنىڭ كاللىلىرى سېتىۋالغۇدەك كاللىكەن.
— سېتىۋېلىپ ۋەن سىلىڭغا سوۋغا قىلاي دەمسەن؟
ئۇلار يەنە كۈلۈشتى، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى.
ئەمەت، ھاشىماخۇن ئۇستاملار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلىرىنى خىلۋەت بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى باشقا ناۋاي، ئۇستاملارنى ۋە شاگىرتلىرىنى باشلاپ، پارتىزانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئارشاڭ، چاغانئاراللارغا قاراپ ۇرۇپ كەتتى. كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇنچە ىنتىپمۇ، ئۇلارنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئون بىرىنچى باب

# قايدىسەن باھار

*بۈركۈت بوراندىن قورقماس،*
*باتۇر ئۆلۈمدىن.*

*— ئۇيغۇر خەلق ماقالى*

1

بارات پالۋان «چارلاش» ئېلىپ بېرىۋاتقاچ ئاستا مېڭىپ غېنى باتۇر بىلەن كۆرۈشكەن گۈزەل دەقىقىلىرىنى ئەسلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلارغا تولغان قەلبى تاڭلارغا تۇتاشتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىياللىرىنى ئاچچىق سوغۇقنىڭ نەشتەر ئۇرۇشلىرى، دەرەخلەرگە غۇژمەكلىشىپ قونۇۋالغان قارا قاغىلارنىڭ ئەنسىز قاقىلداشلىرى، ئېغىر قەدەملىرىدىن ھاسىل بولغان غىچىرلاشلار بۇزۇلمايتتى. غېنى باتۇرغا ئوق تېگىپ ئىلىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئۇنى خېلىلا ئازابلاپ ھەم ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

*

بارات پالۋان ئادەملىرىنى باشلاپ تاڭ سەھەردە ئارشاڭغا يېتىپ بارغىنىدا، ئىلى پارتىزانلىرى دۈشمەنلەر ئۆۋۈسىغا

قەھر - غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. غېنى باتۇرنىڭ ئۆزگىچە سالاھىيىتى مەردلەرنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

— سالامەت كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى غېنى باتۇر يوغان قولىنى بارات پالۋانغا سۇنۇپ.

— سالامەت كەلدۇق. ئۆزۈڭلار قانداقراق تۇردۇڭلار؟

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇلارنى ئۇۋىسىغا قويىنى قوتانغا سولىغاندەك سولاپ قويدۇق. بۇلارنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن، قورال كۈچى زور ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاناڭنى.

— بىز ئەمدى، — دېدى بارات پالۋان، — بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمنى تېزلىتەيلى.

— ھەي پالۋان، — دېدى غېنى باتۇر قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، — مانا بىزمۇ ھۇجۇم قىلىمىز دەپ تۇرمامدۇق؟ سىلەر بىزگە كۆپ ياردەمدە بولدۇڭلار، مۇشۇ سوغۇقتا كېچە-كۈندۈز قاتناپ ئالاقىلىشىپ تۇردۇڭلار، ھەممىڭلار ئۆلۈمدىن قورقماس ھەقىقىي ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر، ئەركەك دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

— بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىمىز، سىلەرمۇ بىزنى ئوق، دورا، مىلتىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردۇڭلار، — دېدى بارات پالۋان نېمىدىندۇر خىجىل بولۇپ.

بۇ كېلىشكەن، بەستلىك ئىككى پالۋانغا ھەممىسى زوقمەنلىك بىلەن تويماي قاراشتى.

— سىلەرنىڭ ھېلىقى شامالخان دېگەن ئادىمىڭلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. ئۇ جاڭ - جاڭ سوغۇقتا بۇ يەرگە نەچچە قېتىم كەلدى. مۇھىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. ئۆزى چوكانسىمان بولغان بىلەن قەلبى ئاتەشكەن، ۋۇجۇدىدا مىڭ يىگىتنىڭ جاسارىتى بار ئىكەن. سۆزلىرىمۇ بەك ئورۇنلۇق، ئادەمنىڭ ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. ناخشىلىرىچۇ تېخى... ئۇ قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب



بولىدىكەن. تۇۋا ئەۋلىيامۇ نېمە ئۇ...

— ئۇ يۇرتىمىزنىڭ، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ يۈرىكى.

— ئۇنى ئاسراش كېرەك، ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— شەھەردە تەشۋىقات ئېلىپ بارىمەن، بىرەر ئىش بولسا، سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن، دەپ كېتىپ قالدى، ئۇزاق ئۆتمەي پەيدا بولىدۇ... — دېدى بارات پالۋان شامالخاننىڭ ھاياتىدىن سەل خەۋپسىرەپ.

— ما تۇەنجاڭ بۇ تەرەپكە كەپتىكەن، ئۇ ئىلىغا بارىمەن، دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ خېلى جىگىرى بار نېمىكەن، — دېدى غېنى باتۇر، ئاندىن كەسكىن قىلىپ، — بىز ئۆزىمىزنى ئەرتىپكە سېلىۋېلىپ، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمنى باشلايلى، يۇرە ئېرەدەنى، نازارۇفلار بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى.

— بولىدۇ، — دېدى بارات پالۋان ھاياجىنىنى باسالماي. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق تىپچەكلىدى. ئۇ غېنى باتۇر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. بۇ خىل تۇيغۇلار ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. مۆكۈپ يۈرۈپ قىلغان ئۇرۇشلار ئۇنىڭ ئىچىنى سىقمايمۇ قالمىغانىدى. شۇڭا بۈگۈن ئۇ...

ھاۋا بۇلۇتلۇق، سوغۇق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ھەريان ئۇچۇراتتى. ئاپئاق قارلارغا پۈركەنگەن زېمىن ئېغىر مۇسىبەت ئىلكىدە قالغاندەك مۇڭلۇق سۈكۈتلەرگە چۆمگەنىدى. ئانچە يىراقتا بولمىغان تاغلار نېمىدىندۇر غەزەپلىنىپ، بىردە تۇرۇلگەندەك كۆرۈنسە، بىردە ئۆز ئوغلانلىرىدىن پەخىرلىنىپ مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا قويۇق بېيلىپ تۇرغان يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى.

قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا چېكىنىپ جېنىنى دالدىغا ئالغان گومىنداڭچىلار ئۇزاق ئۆتمەي پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاق بايراق چىقاردى. بىر قىسىم جاھىل گومىنداڭچىلار بۆكە يامۇلىغا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇيرۇق بىلەن تىزگىنلەپ قويۇلغان پارتىزانلارنىڭ قەلبىدىكى قىساس دولقۇنلىرى ھېچ پەسەيمەيتتى. . .

— بارات، — دېدى غېنى باتۇر بىر كۈنى، — سىلەر بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىسىلەر، شامالخاننىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شەھەردىن بۇلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەسكەر كەلگۈدەك، شۇڭا سىلەر يول - يوللاردا ياردەمچى قوشۇنغا زەربە بېرىشكە كۆپرەك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، بۇلار ئەمدى بۆكە يامۇلىغا قامىلىۋالدى. ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلماق قىيىنراق، ئەتراپى تۈزلەڭلىك. . . شۇڭا بىر ئامال قىلىپ، بۆكە يامۇلىدىكىلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرايلى، شۇ چاغدا بۇلار قانداق قىلىدىكىن؟ ئاناڭنى، ئاشلىق، يەم - خەشەكتىن قىسىلىپ. . .

سوغۇق شامال ھۇشقۇيتۇپ چىقىۋاتاتتى. ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن بولۇپ، ئاپئاق قارلار زېمىنغا سېلىنغان پاياندازلاردەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرى بۇ زېمىننىڭ قاراۋۇللىرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. . .

*

— بارات نېمىنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ؟ ئۆتتۇ بۇلاقتىكى ئاشناڭنى سېغىنىۋاتامسەن؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ نېرىدىن بارات پالۋاننى كۆرۈپ يېقىنلاپ كەلگەن قارا قۇۋان.

— ھە سەنمىتىڭ، — دېدى بارات پالۋان بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇلارغا كۆرۈنۈپ قوياي دەپ ئايلىنىپ يۈرۈشۈم ئىدى. ئاڭلىسام ئەتە ۋاڭ سىلىڭ دېگەن يەنە بىرى ئەسكەر



باشلاپ كېلىدىكەن، شامالخان ئارشاڭغا خەۋەر قىلغىلى كەتتى. بىزمۇ چاغانئارالغا ئاتلىنايلى. كەچتە نۇراخۇن زەيدىننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ كونكرېت ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى.

— نېمە دېگەن تولا سىلىڭ - پىلىڭ، تۇەنجاڭ - پەنجاڭلار بۇ؟ ئۇلار تېخى ئارشاڭنى پارتىزانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالامدىكەن؟ ئاناڭنى. . . كۆرۈۋاتىمىز تۇەنجاڭلىرىنى، ئەسكى تامنىڭ ئىچىدە چاشقاندەك ياتىدۇ.

— سۆزگە پەخەس بول.

زاكىر قۇلاق بىلەن تۇرسۇن تىڭتىڭ ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ يوقاپ كېتىپ، يەنە پەيدا بولۇپ قېلىۋاتقان بارات پالۋان بىلەن قارا قۇۋانغا گۇمان ئارىلاش قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار يېڭى بىر خەۋەرگە ئىگە بولۇشنى شۇنچىلىك ئارمان قىلاتتى. بۇ خىل ئارمان ئۇلارنى جىم ياتقۇزماي، دېرىزىمۇ دېرىزە مارىتاتتى. گاھىدا ئۇلار تۇيۇقسىز زەربىدىنمۇ ساقلىنىپ قالالمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «مۇقەددەس ۋەزىپىسى» نى ئادا قىلىشقا تىرىشاتتى.

بۇ يەردىكى باللارنىڭ ئاغزىدىن كىم توقۇغانلىقى نامەلۇم مۇنداق بىر قوشاقنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

ئىشىك باقار تۇرسۇن تىڭتىڭ،
ئارام بەرمەس زاكىر قۇلاق.
جۇيجاڭ قىپتۇ ئايىسخاننى،
ۋىجدان سېتىپ يۈرگەچ شاللاق.

## 2

— ۋۇ جۇيجاڭ، — دېدى ئالدىراپ - تېنەپ كىرگەن زاكىر قۇلاق، — ئاشخانىدا غەيرىي ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ گېپىگە زەن سالسام، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ

گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.

— نېمە؟! — دېدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسىنى تاشلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — قانداقراق ئادەملەركەن ئۇ؟

— ساقاللىق، قۇلاقچا، جۇۋا كىيگەن. بەستلىك ئادەملەركەن.

— ئېيتى قانداق؟ قايسى ئاشخانىدا؟

— قۇيرۇقى قىرقالغان تورۇق ئاتكەن، مۇھەممەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىدا.

— نەق شۇ، ياخشى، بۇ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولدۇق، بىز ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي دەرھال بارايلى.

ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يېنىغا قىستۇرۇپ، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، مۇھەممەت ئۇستامنىڭ ئاشخانىسىغا يېتىپ باردى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىدە راست دېگەندەك بەستلىك كەلگەن، جۇۋا كىيگەن ئىككى ئادەم مانتا يەپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىڭلار! — دېدى ۋۇ شاۋتەن تاپانچىسىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ.

— بىزنى نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ — دېدى قارا ساقاللىق، كۆزى يوغان بىرى.

— تولا سۆزلىمەي ماڭ، ساقچى ئىدارىسىگە بارغاندا ئاندىن سۆزلىشىۋالىمىز.

— ئاجايىپ ئىشتە، بۇ يۇرتقا كەلگىلى بولمامدۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، ئۇ ئاشخانىغا كىرگەنلەرنى بىرمۇ بىر ئەسلەۋاتاتتى.

— تولا سۆزلىمەي ماڭ!

ساقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ كىملەرنىدۇر ئىزدەيتتى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىشتى. ئۇلارغا قاراپ قالغان مۇھەممەت ئۇستام: «زاكىر



دېگەن جوھۇت بۇ يەرگە كىرگەندەك قىلغان، ئالدىراشچىلىقتا ئەجەب بۇلارغا دەپ قويماپتىمەن، كىم بىلىدۇ بۇنداق بولارنى؟ ئىست، بۇلار نېمە ئادەملەر بولغىيتتى...» دەپ ھەسرەت چېكىپ قالدى. ئاشخانا ئالدىغا توپلاشقان كىشىلەر بوش ئاۋازدا پىچىرلىشىۋاتاتتى:

— زاكىر قۇلاق ئاشخانىدا بىردەم ئولتۇرغاندەك قىلغان.

— ئۇلارمۇ ئېغىزىغا باقماي سۆزلەپ كەتتى.

— ھەي، ھەق سۆزلىگەنتى.

— ئۇلار ھەممىمىزگە تىكىلىپ قاراپ كەتتىغۇ؟

— ئۇنىڭ سۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇق.

ۋۇ شاۋتەن ئۇلارنى ھەيدەپ، ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى.

— بۇلارنى مەھكەم باغلاڭلار! ، — دېدى ئۇ خام سېمىز بىر ساقچىغا، ئاندىن يەنە بىرىگە دېدى، — سەن غاپپار بەگنى چاقىرىپ كەل!

— بولدى ئۇنى چاقىرماڭلار، ئۆزۈم تەرجىمانلىق قىلىمەن، — دېدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىراش كىرىپ كەلگەن لەن شىڭ.

— بولىدۇ، — دېدى ۋۇ شاۋتەن لەن شىڭغا قاراپ قويۇپ، — ئاۋۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار. ئاۋۋال ماۋۇ قارا ساقال چەنتۈنى سوراق قىلايلى.

ئىككى ساقچى يەنە بىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، قارا ساقاللىقنى ئېلىپ قالدى.

— ئولتۇرە، — دېدى ۋۇ شەۋتەن قولاشمىغان سەممىي تەلەپپۇزدا، — راستچىللىق بىلەن ھەممىنى ئىقرار قىلساڭ، كەڭچىلىك قىلىمىز، ئەگەر ئېيتمىساڭ سېنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن.

لەن شىڭ ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— نېمىنى ئېيتىمەن؟ مەن ھېچنېمە قىلمىغان تۇرسام.

— بىز نېمىنى سورىساق شۇنى ئېيتىسەن، بەكمۇ ئاددىي ئىش، ئېغىزىڭنىڭ يېلى جېنىڭنى ساقلاپ قالىدۇ؟ ئېيتە، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟

— بىز چۆچەكتىن كەلدۇق.

— يالغان! غۇلجىدىن كەلدىڭ! شۇنداقمۇ؟

— يالغان سۆزلەپ نېمە قىلاي، چۆچەكتىن كەلدۇق، غۇلجىدىن كەلگەن بولساق، غۇلجىدىن كەلدۇق دېمەمتۇق؟

— نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— نېمە ئىش بولسا شۇنى قىلىمىز.

— ئېنىق دېگىن!

— قوي، كالا، كىيىم - كېچەك سودىسى قىلىمىز. ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىپ بۇ يەردە ساتىمىز، بۇ يەردىن ئېلىپ ئۇ يەرگە ئاپىرىپ ساتىمىز. بىز بۇ يەرگە مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىمىزنى ساتقىلى كەلگەن. ئېنىق بولدىمۇ؟

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئابدۇللا.

— ئاغىنەڭنىڭچۇ؟

— راخمان.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ماڭا ئوخشاش تىجارەت قىلىدۇ.

— بۇ يەردە كىمنى تونۇيسىلەر؟

— ھېچكىمنى تونۇمايمىز.

— يالغان سۆزلەپ، مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ سەن؟ بۇنى تامغا ئېسىپ، جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار.

— بىكاردىن - بىكار ئادەم ئۇرۇش سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلارمۇ؟ بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە؟ بىز سىلەرگە نېمە قىلدۇق؟



— سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمى! گۇناھىڭ شۇ.

— مەن ئىلى ئوغرىلىرىنى تونۇمىسام.

— ھېلى تونۇيدىغان بولىسەن، ئۇنى ئېسىپ ئۇرۇڭلار.

ساقچىلار ئۇنىڭ كەينىگە قىلىپ باغلانغان قولىنى يېشىپ، يالىڭاچلاپ تامدىكى قوزۇققا ئىككى قولىنى كېرىپ باغلىدى. مىخلىق كالتەكنى تۇتۇپ ئىككى ساقچى قاراپ تۇردى.

— سەن ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادىمىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئېيتساڭ سېنى قويۇپ بېرىمىز ھەم ياخشى ئاتتىن ئىككىنى ئىنئام قىلىمىز، — دېدى لەن شىڭ.

— ياق، مەن ئوقەتچى.

— ئۇرۇڭلار ئۇنى، ئۆلگۈدەك ئۇرۇڭلار! — لەن شىڭ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.

ھەربىر كالتەك تەگكەن يەردىن قان ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، كالپۇكىنى چىشلەپ تولغىناتتى.

— توختاڭلار، — دېدى ۋۇ شاۋتەن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — ئېيتە، ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن، سەن نېمە ئادەم؟

— مەن سودىگەر...

— قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كېلىڭلار.

ھايالشىماي ئىككى ساقچى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئامبۇر ئېلىپ كەلدى.

— تۆمۈرنى بەدىنىگە ياق!

قىزىتىلغان تۆمۈر ئۇنىڭ بەدىنىنى ۋاژىلداپ كۆيدۈردى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ تاشلىدى.

— سەن نېمە ئادەم؟

— مەن سودىگەر.

— ئۇنىڭ تىرنىقىنى يۇلۇڭلار!

بىر ساقچى ئورۇندۇققا دەسسەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تىرنىقىنى

بىر - بىردىن يۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەربىر تىرنىقى يۇلۇنغاندا ئاچچىق تولغىناتتى. كالپۇكلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى.

— توختا، سەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادىمىمۇ - يوق، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟

— ئوقەت...

— بۇنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ توڭلىتىڭلار! — دېدى ۋۇ شاۋتەن ناھايىتى خاپا ھالدا، — يەنە بىرىنى سۆرەپ كېلىڭلار، — دېدى - دە، لەن شىڭنىڭ قۇلىقىغا: «بۇ راست سودىگەرمۇ نېمە؟» دەپ پىچىرلىدى.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، — دېدى لەن شىڭ كەسكىنلىك بىلەن، — سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادىمى. بۇنداقلارنى قانچە قىيىنىسام شۇنچە ياشىرىپ كېتىمەن. مەن بۇلارغا ئۆچ!

ئىككى ساقچى راخماننى ئەكىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى.

— سېنىڭ دوستۇڭ، — دېدى ۋۇ شاۋتەن مۇلايىملىق بىلەن، — ھەممىنى ئېيتتى، سىلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنسىلەر، بۇ يەرگە تەشۋىق قىلىپ، قوتراتقۇلۇق قىلغىلى كەپسىلەر، شۇنداقمۇ؟ دوستۇڭغا ئوخشاش ھەممىنى ئېيتساڭ، كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىمىز.

ئۇنىڭ مېڭىسىدە «يالت - يۇلت» قىلىپ چاقماق چاقناندەك بولدى. قارا كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقال باسقان يۈزلىرى تامدەك تاتاردى. «ئۇ ھەممىنى دەۋېتىپتۇ، خائىن، بولمىسا بۇلار نەدىن بىلىدۇ... ئۇ دېمەيتتى، قانداقلارچە دەۋەتكەندۇ؟» دېگەننى ئويلىدى ئۇ.

— ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى ۋۇ شاۋتەن «راست بۇلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن» دېگەننى خىيال قىلىپ، — ئېيتساڭ ساڭىمۇ كەڭچىلىك قىلىمىز.

ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى: «ياق مەن ئېيتماسلىقىم كېرەك، ئۇنىڭدەك خائىن بولسام كېيىن خەلققە قانداق يۈز كېلىمەن؟ بۇلار قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقسۇن قېنى».

— بىز سودىگەر، ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ، — ئۇ شۇنداق دېيىشىگە قورۇدا ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئابدۇللانىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدى - دە، «ھە، بۇ يالغان سۆزلەپتۇ» دەپ ئويلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇنى ئېيىبلىگىنىگە پۇشايمان قىلدى.

— لەن شىڭ چىقىپ قاراپ باق، ساقچىلار ئۇرۇشۇۋاتامدۇ نېمە؟ بۇلارنىزە.

لەن شىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ سىرتقا چىقتى. ئابدۇللاغا ساقچىلار قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سۇ چېچىۋاتاتتى. ئابدۇللا توڭلاپ، لاغىلداپ تىترەپ، ئۇلارنى ۋارقىراپ تىللاۋاتاتتى.

— ئاناڭنى... گۇيلار... ئادەم ئەمەس ھايۋانلار...

— بولدى. بولدى، سۇ چېچىشنى توختىتىپ، ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىڭلار، — دېدى لەن شىڭ ئابدۇللاغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ.

— بۇنى قانداق قىلىمىز؟

— سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى. ۋۇ شاۋتەن تاماكا چېكىپ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. مەشتە ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى.

— سوراقنى باشلايلى! — دېدى لەن شىڭ.

— ئېيت، نەدىن كەلدىڭ؟

— چۆچەكتىن.

— يالغان، ھېلىقى ئىلىدىن كەلدۇق، دېدى.

— ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ.

— ياق، ئۇ سىنىڭ ئىسمىڭنىڭ راخمان ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

— بۇنى توغرا دەپتۇ.

— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟

— سودىگەرچىلىك بىلەن.

— يالغان، سىنىڭ ئىقرار قىلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي، ئېسىڭلار بۇنى! — دېدى ۋۇ شاۋتەن غەزەپتىن تىترەپ.

— لەن شىڭ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ھېلىقى نېمە ۋارقىرىسىغان بولسا بۇ چوقۇم ئېيتاتتى. باياتىن كۆرمىدىڭمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى، راست سەن دېگەندەك بۇلار ئىلى ئۇغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن.

— ۋەن سىلىڭنى باشلاپ كېلەيمۇ؟

— ئالدىرىماي تۇر، بىرەر نەتىجە چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، خىزمەت كۆرسىتىمىز ئەمەسمۇ؟

راخمان ھەربىر مىخ كالتەك تەگكەندە ئاچچىق تولغىناتتى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانتىتىۋېتەتتى. بەدەنلىرىدىن توختىماي قان ئېقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا: «ھەر نېمە بولسىمۇ خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن» دېگەن بىرلا ئىرادە ھۆكۈمران بولغاچقا، ئۇ ھەممىگە چىداشلىق بېرىشكە رازى ئىدى.

— توختاڭلار! — ۋۇ شاۋتەن شۇنداق دەپ راخماننىڭ ئالدىغا كەلدى، — سەن ئىلى ئۇغرىلىرىنىڭ ئادىمى، بۇ يەرگە تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن كەلگەن، شۇنداقمۇ؟

— ئاناڭنى دەپ كەلگەن، تۈفى نومۇسسىز ئەبلەخ، سىنىڭ دەستىڭدىن بۇ يەرگە ئاياغ باسمىساق بولاتتىمۇ؟ سەن نېمە دەپ كەلگەن؟

— ئۇرۇڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى لەن شىڭ.



ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— لەن شىڭ راخماننىڭ سۆزىنى ۋۇ شاۋتەنگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەندى، ۋۇ شاۋتەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى - دە:

— ئۇر ئۇنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

مىخ كالتەك ئۇنىڭ بەدىنىگە زەردە بىلەن تېگىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى تىتىۋەتتى. راخماننىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— توختاڭلار! — دېدى ۋۇ شاۋتەن بىر چاغدا، — ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ سۇ چېچىپ، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار.

— ئەمدى ۋەن سىلىڭنى چاقىرىپ كەلسەك بولارمىكىن؟

— بولىدۇ، سەن بېرىپ دەرھال چاقىرىپ كەل، ئەمدى چاقىرماي ئامال بولمىدى، ئۇ كەلگەندە بىرلىكتە سوراق قىلايلى.

— بولىدۇ. مەن كەتتىم ئەمىسە؟

ساقچى ئىدارىسى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ۋۇ شاۋتەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى: «ئەجەب جېنى چىڭ نېمىكەن بۇ، قانداق ئادەملەردۇ بۇ؟ ئەگەر مېنى شۇنداق قىينايدىغان بولسا ئاللىقاچان. . .» ئۇ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، يەنە چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

بىر ئەسنادا ۋەن گوتەي مەغرۇر ھالدا كىرىپ كەلدى. ۋۇ شاۋتەن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشىمۇسىز سىلىڭ؟

— ياخشى، قېنى ئۇ ئادەملەر؟

— مەن ئېلىپ كىرەي، — دېدى لەن شىڭ خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن.

نىمجان بولغان ئابدۇللا بىلەن راخماننى ئىككى ساقچى سۆرەپ ئەكىردى، ئۇلارنىڭ ئىچ كىيىملىرىدىن باشقا ھەممە

كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، قان سۇ تامچىلىرى
بىلەن ئارىلىشىپ، بەدەنلىرىدە قېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ
كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق تۇراتتى.

— بەك قىيناۋېتىپسىلەرمۇ نېمە؟ — دېدى ۋەن گوتەي
ساختا رەھىمدىللىق بىلەن. كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى
رەھىمسىزلىك قاپلاپ، كۆزلىرى قانغا تولدى.

— ئانچە قىيناۋەتمىدۇق ۋەن سىلىڭ، — دېدى لەن شىك
قىسىق كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— ئولتۇرغۇزۇڭلار.

ساقچىلار ئۇلارنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزالماي، ئىككى
بىلىكىدىن يۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇلارنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ھالى قالماپتۇ.
قانداق سوراق قىلىمىز؟ ئۇلار سىلەر سوراق قىلغاندا نېمە
دېگەن؟

— بىز سودىگەر، چۆچەكتىن كەلدۇق، ئات ساتىمىز
دېگەن. بۇلار يالغان سۆزلىدى. زاكىر ھەممىنى ئاڭلاپتۇ،
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ. . .

— ئۇلار نېمە دەپتىكەن؟

— ئېلى ئازاد بولدى. بۇلارنىڭمۇ كۈنى ئاز قالدى، ئاز
ۋاقىتتىن كېيىن بۇ يەرمۇ ئازاد بولىدۇ. سىلەر
ئويغىنىپ. . .

— بولدى ئاشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، — دەپ ۋەن گوتەي
ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى، — ئۇلارنىڭ سوئاللىرىمىزغا
جاۋاب بەرگۈدەك ھالىنىمۇ قويماپسىلەر. ھەي، ماڭا خەۋەر
قىلماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىپسىلەر، بوپتۇ، بۇلارنى
تۇتقىنىڭلار چوڭ ئىش بوپتۇ. ئەگەر تۇتمىغان بولساڭلار
نەچچىلىگەن ئادەملەرنى زەھەرلەپ بولغايتتى.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي ئۆزىمىزلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى



دېدى ۋۇ شاۋتەن ھىجىيىپ تۇرۇپ.

دېگەن، — خىزمەت كۆرسەتتىڭلار، ياخشى، زاكىرنى
مۇكاپاتلاتتىڭلار، — سىلەرنى مەن ئۆزۈم مۇكاپاتلايمەن. بۇلارنى
ئەمدى ئۈن - تىنسىز جىمىقتۇرۇۋېتىڭلار. كېلەر قېتىملاردا
ماڭا خەۋەر قىلارسىلەر. خوش، مەن كەتتىم. خىزمەتنى مانا
مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۇلار ئېيتامدۇ -
ئېيتمامدۇ، تۇتقىنىمىز ئەۋزەل، خوش.

ۋەن گوتەي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لەن شىك بىلەن
ۋۇ شاۋتەن ئۇلارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— قانداق قىلىمىز لەن شىك؟

— بۇلار قىينىلىپ ئۆلسۇن، سوغۇق ئۆيگە سولاپ
قويايلى.

— بولىدۇ، بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ سوغۇق ئۆيگە سولاپ
قويۇڭلار.

شۇ ئارىدا تۇرسۇن تىگىتنىڭ ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە:

— ۋۇ جويجاڭ، — دېدى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ بوش
ئاۋازدا، — مۇشۇ باراتلارنىڭ ئىشلىرى بەكمۇ گۇمانلىق،
ئۇلارنى تۇتساق بولارمىكىن دەيمەن.

— ئاساس بولۇشى كېرەك، ئاساس. ئۇلار ھۆكۈمەتكە
قارشى گەپ قىلدىمۇ ياكى ئېلى ئوغرىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ
قۇترانقۇلۇق قىلدىمۇ؟ سەن ئاۋۋال بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە
بولۇۋال. ئاندىن تۇتساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.

— ماقۇل، ماقۇل مەن يەنە پايلاي.

— ئوبدان ئىشلە، تۆھپەڭ يەردە قالمايدۇ.

— سادىق خۇيجاڭمۇ چاتاقمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ يە
ئۆدۈل ئىككى چىشىنى چىقىرىپ ھىجايغىنىچە.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— شۇنداقتەك كۆردۈم.

— ھەي كالۋا، ئۇنداقتەك كۆردۇم، مۇنداقتەك كۆردۇم دېمەي، تۇتقىغان ساپاق تاپ. ئاندىن بىز بار ئەمەسمۇ؟ ئۇ دېگەن يۇرتتا ئابرۇيى بار ئادەم، ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدۇ. داۋاملىق كۆزەت، ئىشىكىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمە، شۇ چاغدا بىرەر ئاساسقا ئىگە بولىسەن. كۆرگەنلا يەرگە ئۇسۇپ، ئېزىپ قالغان كالىدەك يۈرسەڭ، ئۇلار ئۆزلىرى ئالدىڭغا كېلىپ جىنايىتىنى ئاشكارىلىمايدۇ... مانا بۈگۈن زاكىر ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىككى ئادىمىنى پايلاپ يۈرۈپ بايقىدى. ئۇ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنى ئەمدى مۇكاپاتلايمىز. تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپىنى سوراق قىلىپ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي ئولتۇرۇۋەتتۇق. بولدى، چىقىپ كېتىپ ئىشىڭنى قىل.

ئۇ «خوش، خوش» دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. «زاكىر ئەمدى مۇكاپاتلىنىدۇ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئايىسخان بىلەن تازا ياشاۋاتىسىز-ھە! — دېدى لەن شىڭ باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋۇ شاۋتەنگە.

— ئۇ مۇھىم ئادەم، خەۋەرچىم دېگىنە، — دېدى ۋۇ شاۋتەن پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ئىشقىلىپ، ئۇ سىزنى رازى قىلىدۇ. سىلەر قانداق تونۇشۇپ قالغان؟

— ھېكىمباي ئۇنداقلارنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — يۈر، سەنمۇ قىزىپ قېلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ئاپىرىپ كېلەي.

— بوپتۇ، يۈرۈڭ ئەمىسە، بۇمۇ بۇلارنى بابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

— توغرا دەيسەن، ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرى تۇتۇپ بېرىدۇ

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كېتىشتى.

سوغۇق ئۆيدە ئابدۇللا بىلەن راخمان سۆزلىگۈدەك ماجالى يوق مۇزلاپ ياتاتتى. قانغا بويالغان بەدەنلىرى بارا-بارا قېتىشقا باشلىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالدى. ئۇلارنىڭ تېنىگە ئاستا-ئاستا ئىسسىق بىر ئېقىم يامرىغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا گۈزەل باھار پەسلى كۈلۈپ، نۇرلىنىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كېيىن، كېيىن... كۆزلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇلار ئابدۇقادىر بارات پالۋان بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# ئىبلىس تېپىرلايدۇ

*كىم بىراۋ باغرىنى زۇلۇمدا تىلدى،*
*ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى.*

*— فەرىدىددىن ئەتتار*

1

تۈن قاراڭغۇسى بولۇپ، ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلىغانىدى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ بىمەھەل ھاڭراشلىرى، قاغىلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت قاقىلداشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. جاندىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سوغۇق يەنىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

چىن تۇەنجاڭ ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەسكىرى بىلەن بۆكە ئامبىلىنىڭ يامۇلىغا ئاران قېچىپ كىرىپ جېنىنى ئامان ساقلاپ قالغاندىن كېيىن، ۋەن سىلىڭنىڭ يەنە يۇقىرىدىن ئەسكەر تەلەپ ىلىشى بىلەن بۇ يۇرتقا داغدۇغىدا كىرىپ كەلگەن ۋاڭ سىلىڭ ەسكەرلىرىنى باشلاپ ئارشاڭغا ئاتلانغانىدى. ئۇنىڭ شۇ اقىتتىكى مەغرۇر ھالى، ۋەن گوتەينى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ اڭ قىلماي بويۇن تىكلەشلىرى ۋەن سىلىڭنى ئاچچىق تقۇزغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بۇنىڭغا چىدىماقتىن ئۆزگە ارە بولمىغانىدى. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش چۈن ۋاقتىنچە ۋىجدان، غورۇر بىلەن ھېسابلىشىپ



ئۆلتۈرماسلىقنى ئاخىرى تونۇپ يەتتى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ئەسلىگە كېلىۋالالايتتى. يۇقىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان يالغۇز ئۇلا ئەمەسقۇ؟ ئۆزىدىن باشقا يەنە ئالدىنقى سەپتە «ئىلى ئوغرىلىرى» دىن ئۆزلۈكسىز زەربە يەۋاتقانلارمۇ بارغۇ؟ بۇلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭ پاراكەندە كۆڭلى خېلى تەسكىن تېپىپ قالىدۇ.

قوماندانلىق شتاب قورۇسىدا ۋەن سىلىڭ پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ، تاماكىنى ئۇزۇلدۇرمەي چېكىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ۋاڭ سىلىڭنىڭ ماڭغاندا قىلغان سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدا: «سىلەر بەش كۈندىن كېيىن، قوي سويۇپ گۆش پىشۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئېسىل تاماكا - ھاراقلارنى، ھەرخىل قورۇمىلارنى تەق قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىپ، كاتتا زىياپەتكە داخىل بولاي... ئارشاڭنى قايتۇرۇپ ئېلىش، يامۇلدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش قانچىلىك ئىشتى...»

گۆشنىڭ قازاندا قايناۋاتقانلىقىغا بىر كۈن بولدى. قازاندىكى سۇ قايناپ يېرىمدىسا، يەنە سۇ قۇيۇلۇپ تۇردى. ھېچ خەۋەر يوق. ۋەن گوتەي ھېلىدىن - ھېلىغا قورۇدىن چىقىپ قار باسقان ئاپئاق يوللارغا قارايدۇ. ھەممە يەردە سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان... ئۇ قايتىپ كىرىپ، ھەممە نەرسىنى تەقلەپ ئەسنەپ ئولتۇرغان ئاشپەزلەرگە زەھرىنى چاچىدۇ، كەينىدە ئەگىشىپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنى بىرنەچچە كاچات ئۇرۇۋېتىدۇ. تىت - تىتلىق ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ، ئۇنى شۇنچىلىك بىئارام قىلىۋېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغىنىدا، ئاتلارنىڭ ئەنسىز دۈپۈرلەشلىرى بىلەن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

— بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۇ بەلكىم غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقاندۇ، — ۋەن گوتەي شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا

قاراپ ئىتتىك قەدەم تاشلىدى. دەل شۇ ئەسنادا بىر ئات پۇشقۇرۇپ ئۇزەڭگىدە پۇتى ئېسىلىپ قالغان بىرىنى ئاستا سۆرەپ كىردى. بۇ ۋەن گوتەينىڭ ۋاڭ سىلىڭغا ھەدىيە قىلغان چىلان تورۇق ئېتى ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ۋەن گوتەينىڭ قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ئۇ كېكەچلەپ ئاران:

— قاراپ باق... ئۇ... ئۇ... كىمكەن؟ — دېيەلىدى.

— خوپ سىلىڭ، — كانۋىيى بۇرۇلۇپ ئات يېنىغا كەتتى ۋە ئەنسىز ۋارقىرىدى، — سىلىڭ، بۇ... ۋاڭ سىلىڭكەن... ئۇ ئۆلۈپتۇ... ئوغرىلار كەپتۇ...

ۋەن سىلىڭ ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن ھاڭۋېقىپ ئورنىدا قېتىپ قالغان كانۋىيىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بايا نېمە دېدىڭ؟ — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ئۇ ۋاڭ سىلىڭكەن، ئۆلۈپتۇ...

— ئۇنىڭ كەينىدىن نېمە دېدىڭ؟

— ئوغرىلار...

— سېنىڭ مۇشۇنداق كېكەچلەپ يۈرگەنلىكىڭدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم. ئاناڭنى... ئېشەك، — ۋەن سىلىڭ تاپانچىسىنى بېلىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى.

ئاندا - ساندا ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى يەنىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ۋەن سىلىڭ ئوغرىلار كەپتۇ! — بىر ئەسكەر قورۇغا ئەنسىز ۋارقىراپ كىردى.

— ئاناڭنىڭ ئوغرىسى كەپتىما؟ — ۋەن سىلىڭ ئۇنىمۇ ئېتىپ كەينىگە ئۇچۇرۇۋەتتى - دە، ئىشخانىسىغا ئىتتىك مېڭىپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھىدىن ئايرىلغان بىر



كانۋىيى ئۇنىڭ كەينىدىن قورۇنۇش ئىچىدە قەدەم باستى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى.

«ئوغرىلار راست كەلگەنمىدۇ؟ ياق، ياق، ئۇلار كەلمىدى...» ۋەن سىلىڭ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆزىگە قاراپ تىك تۇرغان مۇھاپىزەتچىسىنىڭ كاچىتىغا چاڭ - چاڭ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋېتىپ:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن لەقۋا؟ سەنلەر ئاشۇ ئوغرىلاردەك چەبدەس بولغان بولساڭ، مەن مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىم. ئىسىت سەنلەرنى ئەتىۋارلاپ باققانلىرىم، يۈگۈر كوچىلارغا قاراپ باق، ئوغرىلار كېلىۋاتامدۇ؟ نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى ۋارقىراپ.

— ئۆزىڭىز... مېنى ساقلاڭلار... ھېچ... ھېچ... يەرگە بارماي... دېگەنتىڭىز... — بايىقى شاپىلاق تەسىرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى.

— ماڭ دېگەندىكەن، ماڭ!

— خوپ سىلىڭ!

«ئوغرىلار زادى قانداق ئادەملەردۇ؟! تۇتۇۋالسام نېمىمۇ قىلىۋېتەرمەن؟ بۇ ئەجەب بىر ۋەھىمىلىك كۈن بولدى...»

— دوكلات!

— كىرە... — دېدى ۋەن گوتەي ئىشىككە چۆچۈپ قاراپ.

— ئەتراپنى چارلاپ كەلدىم. ۋاڭ سىلىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىدىن باشقا نەرسىنى ئۇچراتمىدىم.

— بارلىق ئەمەلدارلارغا خەۋەر قىل ئەتە ئەتىگەندە جىددىي يىغىن بار، — ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇشىغا، يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىپ كەتتى. بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان ياپما قاپاقلىرى، قارىيىپ تارتىشقان

يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— باشقا گەپ بارمۇ سىلىڭ؟

— ئەسكەرلەرگە ئېيت، مۇھاپىزەتنى كۈچەيتسۇن!

— خوپ سىلىڭ!

كانۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەن گوتەي ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ، ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ تاماكىنى ئۇلاپ چېكىشلىرى دەرد - ئەلەملىرىنى باسالمىدى. كالپۇكلىرى يىرتىق چاپاننىڭ مېزىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ نېمىگىدۇر كۆزى قىيمايۋاتقاندەك، بىر ئىشنى قىلالمىغاندەك، بىر ئىشنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا يانپىشىغا يىڭنە سانجىلغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى. «ئوغرىلار» كىرىپ ئۆزىنى ئېتىپ تاشلايدىغاندەك ھېلىدىن - ھېلىغا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى.

بارات پالۋان باشچىلىق قىلغان پارتىزانلار يول - يوللاردا ۋاڭ سىلىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، شەھەرگىچە قوغلاپ كىرگەنىدى... بارات پالۋان ئەمدى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پارتىزانلارنى بىر قۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، شەھەردىكى گومىنداڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئۇلاردىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بارات پالۋاننىڭ رايىچە بولسىغۇ ئاللىبۇرۇنلا شىددەتلىك جەڭنى باشلىغان بولاتتى. بىراق، ئېردەنى بىلەن نازارۇف ئۇنى سوغۇق قان بولۇشقا ئۈندەپ، ئىشنى بىر - بىرلەپ قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما، بارات پالۋاننىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ۋەن سىلىڭغا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى.

تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ بارات پالۋان باشچىلىقىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئاتقان ئوقى ئىدى.



ئوق ئاۋازى ۋەن گوتەينى تېخىمۇ ئالاقزادىلىككە سالدى. ئۇ مۇشۇك ئالدىدىكى چاشقاندەك ئۇيان - بۇيانغا ئۆزىنى ئاتاتتى. بۇ كېچە ۋەن گوتەي كىرپىك قاقماي ۋەھىمە ئىچىدە ئاران تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىنلا كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر نەرسە ئىچىنى تاتىلاپ تولغاندۇراتتى. ئۇ چىدىيالمايۋاتاتتى...

## 2

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ۋەن گوتەينىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ: «بىر ئېغىز سۆزنى خاتا قىلىپ قالساق چاتاقكەن، بولدى سۆزلىمەيلا قويايلى، ئاخشامقى ئوق ئاۋازى بىزگە ئوخشاشلا ئۇنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ بىئارام قىلغان ھەم ۋاڭ سىلىڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇنى خېلىلا ئازابلىغان ئوخشايدۇ...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىشاتتى. لېكىن، ياڭ ھاكىم ۋەن گوتەيگە: «ئىشنى بۇزغان مۇشۇ...» دېگەندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن قارايتتى.

ۋەن گوتەي ھەسرەت، ئازابتىن چىرايى قاقتەك قورۇلۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغاننىمۇ تىت - تىتچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، يېگىنى يېگەن، ئىچكىنى ئىچكەن بولمىدى. شۇ تاپتا يىغىندا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ بىر مەخلۇقلاردەك غەلىتە، بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ، بەدەنلىرى تىكەنلەشتى، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، يەنە ئاچتى. يەنە شۇ مەنزىرە...

يىغىنغا كەلگەنلەر باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ۋەن گوتەينىڭ بۇنچە جىددىي يىغىن ئېچىشىدا قانداق سەۋەب بارلىقىنى بىلىشكە

ئالدىرىشاتتى.

— بىز ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدۇق. ئالدىنقى سەپتىكىلەردىنمۇ خۇش خەۋەر يوق. ئۇلار جىڭغا چېكىنىۋاتىدۇ. بىز بارلىق ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇق. بۈگۈن كەچتە چېكىنىمىز، — ئۇ ئاخىر گەپىنىڭ نەق ئۆزىنىلا ئېيتتى. گەپنى ئەگىتىپ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىشنى خالىمىدى. ھېلىمۇ بۇ گەپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ناھايىتى تەسلىكتە چىقتى، — جىڭ قوماندانلىق شتابىدىن تەستىق ئېلىشقا بىزنىڭ ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ. تەييارلىقنى ئوبدان قىلايلى، — ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاس - تاس قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن مەڭگۈ ئايرىلىش خىيالى يوق ئىدى...

ئۇنىڭ سۆزى ئولتۇرغانلارغا مايدەك ياقتى. بىراق، باياشادلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى ئۇلارنى قان يۇتقۇزۇۋاتاتتى.

— نېمىشقا چېكىنگۇدەكمىز، تېخى ئەسكەرلىرىمىز بارغۇ؟ ئۇلار بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىپ كۆرەيلى ياكى يۇقىرىدىن يەنە ياردەم تەلەپ قىلايلى، — دېدى لەن شىڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— بولدى، مۇشۇنچىلىك بولسۇن، بۇ يەرگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كەلگەن ئالتە مىڭ ئەسكەردىن تۆت يۈزگە يېقىن ئەسكەر قالدى. بىز ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرەلمىدۇق. بۇلار ئۆزلىرىنى تونۇدى. ئۆزىنى تونۇغانلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىزنى قىينىمايلى، — دېدى ۋەن گوتەي سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ، ئۇ لەن شىڭنىڭ قاراملىقلىقىنى، رەھىمسىزلىكىنى ۋە يۈرەكلىكلىكىنى ياقتۇرغاچقا، ئۇنىڭغا قاتتىق تەگمەيتتى.

ۋەن گوتەي ئولتۇرغانلارغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقتى. ۋۇ شاۋتەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. ياڭ ھاكىم ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە، «غۇژژىدە» ئاچچىقى كېلىپ، يەنە



ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ياڭ ھاكىم، بارات دېگەن نېمىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئويلاپ تاپقان ئەقلىڭىز ئاخىرىدا نېمە پايدا كەلتۈردى؟! — دېدى ۋەن گوتەي ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ.

— ئۇلار بارغۇ؟ — دېدى ياڭ ھاكىم قىزىرىپ - تاتىرىپ.

— يالغان سۆزلىمەڭ، بىزنىڭ ئادەملەر ئۇلارنى ھېچ يەردە ئۇچراتماپتۇ؟ ئۇلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرىكەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، بەلكىم سىرتقا چىقىپ كەتكەندۇ؟

— ئۇلارغا يەنە چاپان يېپىۋاتامسىز؟ ئوغرىلارغا قېتىلىپ كەتكەندۇ دەڭە... — ۋەن سىلىڭ ئارتۇق سۆزلەشنى خالىماي قالدى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر خىيالى جىڭغا ساق - سالامەت بېرىۋېلىش ئىدى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— بولدى، بولدى ئۆزىڭىزنى ئاقلىماڭ، قالغان ئىشلارنى جىڭغا بارغاندا بىر نېمە دېيىشەرمىز، بۇنى تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق ھەم بۇ تالىشىدىغان ۋاقتىمۇ ئەمەس. ئەسلىگۇ بۇلارنى ئۆيىمۇ ئۆي كىرىپ قىرىپ تاشلايدىغان ئىشتى، سىز يەنە شۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىپ...

— ئۇلار نېمە قىلغان؟ — دېدى ياڭ ھاكىم سىلىق تەلەپپۇزدا.

— نېمە قىلغان؟ — ۋەن گوتەينىڭ ئەسەبىيلىكى يەنە تۇتتى، — يەنە نېمە قىلسا بولاتتى! نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ نان دەپ نېمە يېقىپ بەردى، پەلەي دەپ نېمە تىكىپ بەردى. بىز ئۇلارنى كېيىن تاپالىدۇقمۇ؟ ئۇلار بىزگە قانداق ياردەم قىلدى؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئاشۇلار سەۋەبچى! باراتلار قېنى؟ دۆت، چوشقا، ئېشەك!

— ئاغزىڭنى يىغ! بىز نان، پەلەي دەپ ئاز ئادەمنى قىرىپ

تاشلىدۇقمۇ؟ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزغا ئۆزىمىز سەۋەبچى! گەپ قىلمىسام هازىرغىچە مېنى مەسخىرە قىلىپ كەلدىڭ. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — ياڭ هاكىم يان قورالىنى ئالغۇچە ۋەن گوتەي چاققانلىق بىلەن بەتلەكلىك تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىڭلار. ئۇ خائىن! بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى.

ئەسكەرلەر دەرهال ئۇنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇردى.

— مەن ئۆز خەلقىمگە خائىنلىق قىلغىنىم يوق، بۇ يۇرت خەلقى بىزنى باقتى. سەمرىتتى... سەن جاللاتچۇ؟ بىگۇناھ خەلقنى تالىدىڭ، بۇلىدىڭ، ئۆلتۈردۈڭ، چاندىڭ، ئەزدىڭ،... قىلمىغىنىڭ قالمىدى. يەنە تېخى خوتۇن - قىزلىرىنى... — ئۇنىڭ چىرايى بىلەيدەك كۆكىرىپ، چېكىلىرىدىن مۇزدەك تەر چىقتى، — مەن بۇ يەرگە قىيالمايۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دېمىسىمۇ ياڭ هاكىم بىرخىل قىيماسلىق تۇيغۇسىدا تېپىچەكلەۋاتاتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — غەزەپتىن جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن ۋەن گوتەي ۋارقىرىدى، — ئۇنى قويۇۋېتىڭلار!

ياڭ هاكىم ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، سەل پەسكويغا چۈشۈپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ ۋەن گوتەينىڭ قولىدىكى تاپانچىنىڭ تەپكىسى بېسىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

ۋەن گوتەي چېكىنىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ۋۇ شاۋتەن تەرەپكە بۇرۇلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا دەقىقە ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆزئارا جاڭجاللىشىپ، ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىدى.



— ۋۇ جۇيجاڭ — دېدى ۋەن گوتەي تاپانچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ، — سەن چەنتۇ جاسۇسلارنىڭ هەممىسىنى يىغىپ، بىرنى قالدۇرماي ئۆلتۈرۈۋەت!

— نېمىشقا؟... ئۇلار بىز ئۈچۈن... خىزمەت قىلغان تۇرسا... — دېدى ۋۇ شاۋتەن رەڭگى ئۆچكەن هالدا.

— ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئۇلار بىر ئۇچۇم هېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ۋىجدانسىزلار. قورساق غېمىدە ياشىغان ئىككى پۇتلۇق ئادىمىي هايۋانلاردىن خەتەرلىك نەرسە يوق.

— ئۇلار... ياخشى... ئىشلىگەنتى...

— ئۇلار ئازغىنا نەپنى دەپ ئۆز ئادەملىرىنى ساتقان يەردە، كېيىن بىز قىيىن كۈندە قالغاندا، بىزگە ساتقىنلىق قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرى بولسىمۇ ئۆلگىنى ياخشى، ئامال بار بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن!

— چۈشەندىم، چۈشەندىم، سىلى بەك داناكەنلا...

— ئۇلار ناهايىتى كۆپ ئىشلىرىمىزنى بىلىپ كەتتى. ئۇلارنى هايات قالدۇرۇش بىز ئۈچۈن زىيانلىق.

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى باشقىلار تاتارغان چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— هەممەيلەن تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ، كەچكىچە چېكىنىشنىڭ يولىنى قىلايلى، تەييارلىق پۇختا بولسۇن. بۇ ئىش ئىنتايىن مەخپىي بولسۇن. لەن شىڭ سەن بۇ يەردە ئالاهىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ. جىڭغا بارغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلىپ، دەرىجەڭنى ئۆستۈرىمەن، مۇكاپاتلايمەن.

— رەهمەت سىلىڭ، ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر.

— هەممىمىز لەن شىڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولايلى. يەنە قانداق ئىش بار؟

— بۇكە ئامبىلىنىڭ يامۇلىدىكى ئادەملىرىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى بىر ئەمەلدار قورقۇمسىراپ.

— ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىنى ئۆزىدىن كۆرسۇن، باشقا گەپ بارمۇ؟

— يوق...

ھەممىسى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىپ، ئۆز تەييارلىقلىرىنى قىلىشقا ئالدىراۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا تەييارلىق ئىشلىرىغا شەپە چىقارماي كىرىشىپ كېتىڭلار، يەنە جېكىلەپ قوياي، بۇ ئىش ئىنتايىن مەخپىي بولسۇن، ۋۇ جۇيجاڭ ھېلىقى ئىشنى ھازىرلا...

— مەن قىلاي، — دېدى لەن شىڭ.

— بولدى، ۋۇ جۇيجاڭ ئۆزى يېتىشىدۇ. سېنى بۇ ئىشقا سالمايمەن، ساڭا ئايرىم ئىش بار.

— نېمە ئىش باركىن جانابلىرى؟ سىز تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى جېنىم بىلەن ئادا قىلىمەن.

— سەن بىز چېكىنىۋاتقاندا بارات بىلەن سادىقنى جايلىۋەت! ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىزنى ئالدىدى. بىرى بىزنى قوغدايمىز دەپ ئىلى پارتىزانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، ھەي بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساقچۇ؟ يەنە بىرى بىزگە ئىشانە بەرمەي، پارتىزانلارغا ياردەم قىلدى... بۇنى مەن سەزگۈلىرىم ئارقىلىق جەزملەشتۈردۈم.

— ئەجەب يۇرىكىمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، بۇنى چوقۇم ئورۇندايمەن، ھېكىمباي، موللا شائىيۇ، موللا نىياز ئاخۇنۇملارنىچۇ؟

— ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلار ھامان بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدۇ. ھەي... ھەربىر ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى رەقىبلىرىنى باشلاپ كېلىدىكەن... — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك.



يىغىندىكىلەر تارقىلىپ كېتىشتى. ۋەن گونەي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، تاماكىنى كۈچەپ شوراپ، قۇرۇقدالغان، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن نى - نى شۇم پىلانلار پىلانلىغان يىغىن زالىغا قاراپ ھەسرەتلەندى. ئۇ ئەسلىدە بۇ يەردە ئۆزى خان، ئۆزىگە بەگ بولۇپ، قانداق ياشىغۇسى كەلسە، شۇنداق ياشاش خىيالىدا بولغانىدى. بۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يەنە نەدىن تېپىش مۇمكىن؟ «مەڭگۈلۈك پادىشاھ، مەڭگۈلۈك ھۆكۈمران مەۋجۇت ئەمەس...» ئۇ ئويلىغانسېرى ئازابلىنىپ، بىئارام بولاتتى. كۆڭلىگە تەسەللى بولىدىغان سۆزلەرنى تېپىشقا ئۇرۇناتتى. كوچىغا چىقىپ كۆرۈنگەنلىكى ئادەمنى چېپىپ قىرىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۈششۈك ھەرىسىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

— ئەجەب يەر ئىدى بۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، ئاندىن، — مۇھاپىزەتچى، نەرسىلەرنى تېز يىغىشتۇر، — دەپ ۋارقىرىدى يىغلامسىرىغاندەك ئاۋازدا.

بۈگۈنكى يىغىندا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئىشىكنىڭ يېنىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان غاپپار بەگ ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى بارات پالۋان، سادىقبايلارغا قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي، قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئەمدى بۇلاردىن مەڭگۈگە ئادا - جۇدا بولماقچى...

ھەممە يەردە بىر خىل ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. قورۇ ئىچىدە ئەسكەرلەر ئالدىراش ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. بىر - بىرىگە قاراشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. ھەممە يەردە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بوران ئۇچۇپ، كۆڭۈلسىزلىك يېغىپ تۇرغان بۇ قورۇدىن قان ھىدى پۇراپ تۇراتتى.

غاپپار بەگ قاراڭغۇلۇق ئەمدىلا زېمىنغا يېيىلغاندا، سادىقباينىڭ ئۆيىگە ئارقا كوچىلار بىلەن ئالدىراش بېرىپ

ئىچكىرىكى قورۇغا كىردى - دە، ئۆينىڭ دېرىزىسىنى چەكتى.

— كىم؟ — دېدى سادىق خوجاڭ.

— مەن غاپپار بەگ، مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم: بۈگۈن ۋەن سىلىڭلار جىڭغا قاچماقچى، ئۇ قېچىش ئالدىدا سىز بىلەن باراتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى لەن شىڭغا تاپشۇردى. قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار، ئۇلار ھازىرلا كېلىدۇ، مەن باراتقا خەۋەر قىلاي، — غاپپار بەگ شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇنى بىر خىل قورقۇنچ بېسىپ تۇراتتى.

سادىقباي غاپپار بەگنىڭ سۆزلىرىدىن شۈبھىلىنىپ، دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز گۈپۈلدەيتتى. ئۇ ئۆيدىن قورۇغا چىقىپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ، قار ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى. سوغۇق بارغانچە ئەدەۋاتاتتى. قەيەردىندۇر ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «بۇلار راست قاچارمۇ؟ ھەي تاڭ، بۇنداق ئاسان قېچىش نەدە بار؟ غاپپار بەگ خاتا ئاڭلاپ قالغاندۇ؟...» ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن ئارسالدىلىق ئىچىدە خېلى تۇرۇپ قالدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە...

دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئېتىلغان ئوق ئۇنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. بۇ 1945 - يىلى 17 - فېۋرال ئىدى. لەن شىڭ بارات پالۋاننى ئىزدەشكە ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدى.

## 3

18 - فېۋرال، جۈمە.

قۇياش قان رەڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئالتۇندەك نۇرلىرىنى چېچىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. نېپىز ئاقۇش بۇلۇتلار



ئاسماندا قاپاق ئېسىلغان كەپتەرلەر غۇڭۇلداپ يېيىلىپ تۇرغان ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچۇۋاتاتتى. ئەتراپتىن بىر خىل ئەنسىز لىگۈسىز ئازادىلىك يېغىپ تۇراتتى. سوغۇق يەنىلا جاندىن ئۆتەتتى.

بارات پالۋان قەيسەر ئەزىمەتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تىنتىش ئېلىپ باردى. ئۇ چۆلدەرەپ قالغان بورتالا گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا كىرگىنىدە قۇرۇقدالغان بۇ قورۇنىڭ ھەممە يېرىدىن غېرىبلىق يېغىپ، قەغەز پارچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. بارات پالۋان رەت - رەت سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ، ۋەن سىلىڭنىڭ بىر چاغدىكى مەغرۇر ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ھەم بۇ جاھاننىڭ غەلىتىلىكىگە ھەيران بولدى.

— ھېچ ئۆيدە ئادەم يوقكەن، — دېدى بىر پارتىزان يىگىت.

— يۈرۈڭلار، ساقچى ئىدارىسىگە بارايلى، — بارات پالۋان چاپچىپ تۇرغان ئاق بوز ئېتىنى كەينىگە بۇرىدى. ئاتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ ئاتقا قامچا كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد بولغانلىق خەۋىرى، ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، گومىنداڭچىلارنىڭ شەرمەندىلەرچە قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ، جىڭغا قېچىپ كېتىشى بارات پالۋاننى ئېتىدەك بىر جايىدا تۇرالماس قىلىۋېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، تارتقان جاپالىرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتاتتى ھەم قېنى قىزىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ بۇ يەرگە بالدۇرراق ھۇجۇم قىلمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتاتتى.

ئۇلار جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ جانلارنىڭ شەپقەتسىز قۇشخانىسى بولغان ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا ئاتلىرىدىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈشتى.

— باراتكا، ماۋۇ ئۆيدە جەسەتلەر تۇرىدۇ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز قولى بىلەن چوڭراق بىر خانىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى جىددىيلەشكەنىدى.

بارات پالۋان ئۆيگە كىرىپ، جەسەتلەرگە زەن سېلىپ قارىدى.

زاكىر قولاق، تۇرسۇن تىكتىنىڭ، هاشىم ماشكا، ئايىسخان... قاتارلىقلارنىڭ جەسەتلىرى بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتاتتى.

— خائىن دېگەنگە هەر ئىككى تەرەپتىن ياخشى كۈن يوق - دە، بۇلار ئاسان ئۆلۈپتۇ، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولۇپ سۆرۈلۈپ يۈرگەن بولسا... هە... ئەسلى مۇناپىقنىڭ ئۆمرى بۇنداق قىسقا بولمايتتى... — دېدى بارات پالۋان ئۇلارغا يىرگىنىچ بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىۋاتاتتى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، — دېدى بىر پارتىزان، — تىرىك قالغان بولسا بەربىر خەقلەر ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

— بۇلارنى يەرلىكدە قويۇۋېتەيلى، — دېدى بارات پالۋان. ئۇنىڭ قەلبىدە بۇلارغا نىسبەتەن هېسداشلىق پەيدا بولغانىدى.

— بۇلار بىزگە شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان تۇرسا، نېمشقا يەرلىكدە قويغۇدەكمىز؟ — قاسىم جودا ئۆڭدى.

— بۇلار ئازغان بەندىلەر، كەڭ قورساق بولايلى.

— كەڭ قورساقلىقىمىز، ئاق كۆڭۈللۈكىمىز بىر كۈنى پۇشايمان يېگۈزىدۇ. «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىتىڭىز؟ رەقىبلەر بىلەن جەڭ قىلغان ئادەم رەھىمسىز بولۇشى كېرەك. يىلاننى تىرىك قالدۇرسا، ئۇ هامان بىر كۈنى تىرىك قالدۇرغۇچىنى چاقىدۇ...

— باراتكا، بۇ يەردە يەنە جەسەت تۇرىدۇ.

بارات پالۋان يۈگۈرۈپ ئەڭ چەتتىكى ئۆيگە كىردى.



قالغانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىشتى.

جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللا بىلەن راخمانىنىڭ جەستى ئېچىنىشلىق هالدا ياتاتتى. ئۇلار تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

— تاش يۈرەك جاللاتلار، بۇلارنى ئەجەبمۇ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ! تۆتىڭلار بۇ يەردە قېلىپ، قالغانلار مەن بىلەن مېڭىڭلار، ئۇلارنىڭ نەگە قاچقانلىقىنى، قايسى يول بىلەن كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئەڭ يېقىن يول بىلەن قوغلايلى، ئاناڭنى، خەپ.

ساقچى ئىدارىسىگە روهسىز كىرىپ كەلگەن شامالخان بارات پالۋاننىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى - دە، دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەندەك ئارسالدىلىق ئىچىدە قالدى. ئاخىر شامالخان دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى.

— بارات، سادىقباينى لەن شىڭ ئېتىۋېتىپتۇ...

— نېمە؟! ئۇ يوشۇرۇنماپتىكەن - دە! — بارات پالۋاننىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ سەلدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، — ئاناڭنى، ئىتنىڭ بالىسى! سېنى بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈۋەتسەم بوپتىكەن، ئىست، ئىست، ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتمىسۇن دەپتىمەن، خەير، ئۆلۈمگە كېيىن بارايلى، ئاۋۋال ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ قىساس ئالايلى، سادىقباي بىزگە كۆپ ياردەملەرنى قىلغانىدى، — بارات پالۋاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش لىغىرلىدى - دە، ئېتىنى شەهەر كوچىسىغا قاراپ چاپتۇردى.

پارتىزانلارنىڭ قانلىرى قىزىپ، قان تولغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى.

ئۇلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ كوچىغا شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن چىقىشتى. خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرغان خەلق ئۇلارغا ئالقىش ياڭراتتى.

— ياشاپ كەت ئوغلانلار!

— باققان ئاتاڭلارغا ھەشقاللا!

— ئاللا سىلەرگە رەھمىتىنى ئايىمىسۇن!

— بارات پالۋانغا بارىكاللا!

بارات پالۋان ئاتىنىڭ يۈگىنىنى سول قولىدا كۆچەپ تارتىپ، ئوڭ قولىدا مىلتىقىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئاق بوز ئات كىشنەپ ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— يۇرتىمىز ئازاد بولدى! ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!

شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر نەچچە پارتىزان چۇقان - سۈرەن قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشۋاتاتتى.

— ئازادلىققا چىقتۇق، ھۆر بولدۇق!

— يۇرتىمىز ئازاد بولدى!

خەلق سەلدەك ئېقىپ كېلىپ، باتۇر ئوغلانلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈشتى. ئاتلىرىغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئۈزەڭگىلىرىنىمۇ سۆيۈپ كەتتى. ياڭراق سادالار بۇ يۇرتنى لەرزىگە سالاتتى.

چىمەنگۈل پارتىزانلار ئارىسىدىن ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ قۇربانىنى ئىزدەيتتى. قۇرباننىڭ كۆرۈنمەسلىكى ئۇنىڭ باغرىنى قان قىلىپ، شۇم خىياللار كاللىسىدا ئەگمىدى - دە، بېشى پىرقىراپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. قاسىم جودا ئۇنىڭغا قۇرباننىڭ ئارشاڭدا قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا چىمەنگۈلنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، قايغۇ - ھەسرەتلەر قاينىغان كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلاندى. ئۇ قاسىم جودانى قۇچاقلىۋالغىلى تاس قالدى...

— جامائەت! — دېدى بارات پالۋان يۇقىرى ئاۋازدا، — ۋاقىت قىس، بىز ماڭمىساق بولمايدۇ. بىز دۈشمەننى يوقىتىپ، قىساس ئېلىشىمىز لازىم...

— سىلەرگە خۇدادىن مەدەت تىلەيمىز، — خەلقنىڭ



ئاغزىدىن ياڭرىغان گۇلدۇرمامىدەك ئاۋازلار بوشلۇقنى زىلزىلىگە سالدى.

— بىزمۇ بارىمىز، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق! — دەپ ۋارقىراشتى بىر قىسىم چوڭلار.

— جامائەت تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق. سىلەر قېلىپ قېلىڭلار، سىلەر سادىقبايىنىڭ ۋە تۈرمىدە يېتىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىگە قويۇۋېتىڭلار، بىز دۈشمەنگە تېزلىكتە يېتىشىپ، ئۇلارنى تارمار قىلايلى، قېنى ئوغلانلار، ئاتلىنايلى!

پارتىزانلار شىددەت بىلەن ھۆررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى قويۇپ بېرىشتى.

جامائەت دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئازاب پەردىلىرى يىرتىلغان كۆزلىرىدە شادلىق قايناپ، چىرايىدا بەخت قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پارتىزانلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆركەشلەيتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتى. يۇرتنى ئازاد قىلىشقا ئەينى ۋاقىتتا ئىشەنچ باغلىيالمىغانلار ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىدىكى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشۇۋاتاتتى.

— بىز يولۋاسبەگ، موللا شاكىيۇ، ھېكىمبايلاردىن سوراپ باقايلى، ئۇلار قايسى يول بىلەن قاچتىكىن؟ — دېدى ياسىن دوختۇر.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى.

ئۇلار موللا شاكىيۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئۇ ئات ئېغىلىغا مۆكۈنۈۋالغانىدى. ئۇنى ئابلىز قارىي ئىتتىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ چىقتى.

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلەر، ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم، —

دېدى بارات پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى، — ئۇلار قېنى؟

— كىم؟ — دېدى موللا شاكىيۇ جالاقلاپ تىترەپ.

— كىم بولاتتى، گومىنداڭچىلارنى دەيدۇ، بىلمەس بولۇۋالغىنىنى قارا، بۇ قېرى ئىشەكنىڭ، ئەمدى خەلق ئالدىدا يۈزۈڭنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ ياشارسەن؟ — دېدى سىدىق كۆك كۆز ئۇنى يېيۋەتكۈدەك ئالىيىپ.

— بۇنداق لاتىدا يۈز نېمە ئىش قىلىدۇ، تېز ئېيت!

— بىلمەيمەن، راست بىلمەيمەن، خۇدا ھەققى.

— خۇدانى تىلغا ئېلىۋاتقىنىنى بۇ مۇناپىقنىڭ!

— ياسىن، سەن يولۋاسبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قاراپ باق، مەن ھېكىمباينىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي.

بارات پالۋان ھېكىمباينىڭ ئۆيىگە بارغىنىدا، ھەشەمەتلىك قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى. پارتىزان يىگىتلەر ئەتراپىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇ يەردىكەن، — دېدى سىدىق كۆك كۆز ھېكىمباينى مەڭگەن ئارىسىدىن سۆرەپ چىقىپ، — ماڭ! ئاناڭنى، نېمانداق قورقىسەن، ئىتتەك سۆرىلىۋالما دەيمەن، — سىدىق كۆك كۆز ئاچچىقى بىلەن ئۇنى بىر نەچچىنى دەسسىۋەتتى.

— ئۇنداق قىلما سىدىق! — ۋارقىرىدى بارات پالۋان.

— بۇنداق چايانلارغا ئىچ ئاغرىتىش گۇناھ، بۇلار ھامان بىر كۈنى چاقىدۇ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز ھېكىمباينى بارات پالۋاننىڭ ئالدىغا ئەسكى پالازنى تاشلىغاندەك تاشلاپ.

— گومىنداڭچىلار نەگە كەتتى؟ تۇرە ئورنىڭدىن! — بارات پالۋان ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قىز - چوكانلارنى پۇل بىلەن بۇزغان قىلمىشلىرىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا نەپرىتى قوزغالدى. ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ يەنە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تەرتىپنى ساقلاشتا، يۇرتنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى قوغداشتا باشلامچى



بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىشنى باشلاپ بەرسە، باشقىلار...

سىدىق كۆك كۆز ھېكىمباينىڭ شىللىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدى.

— سىلەر قوغلىماڭلار، ئۇلار ئايرودرومدا... ئادىمى كۆپ... ئۇلار يەنە كېلىدۇ... سىلەر بارماڭلار... بىكار قىرىۋېتىدۇ... خۇش بولۇپ كېتەي... سىلەر نېمە دېسەڭلار بېرەي...

— قىرىۋېتىدۇ دەۋاتامسەن ئاناڭنى! ئۇ كىم؟ بىز كىم؟ دەۋاتقان گېپىنى قارا، بۇ مۇناپىقنىڭ — شۇنداق دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن قاسىم جودا ئۇنىڭ مەيدىسىگە كۈچەپ بىرنى تېپىپ، ئۇنى كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتتى.

— نېمانداق قىلىسەن قاسىم... — دەپ قويدى بارات پالۋان.

— بۇ توڭگۇزغا بىر پەشۋا ئازلىق قىلىدۇ، ئۇ بىزگە ئاز ئەسكىلىكلەرنى قىلدىمۇ؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، مېنى نېمە قىلساڭ قىلىش... — قاسىم جودا ئۇنىڭغا قاراپ قاپلاندەك ئېتىلدى. بارات پالۋان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ توختىتىۋالدى.

— جىم تۇرغان ئادەمنى ئۇرۇش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئىت جېنىدا قويرۇقىنى ئىچىگە تىقىۋالغان قانجۇقتا يېقىن يولىمايدۇ، ئۇرىدىغانلار ئالدىڭدا تېخى، يۈر... بۇلار بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمىز.

— تۇفى، ۋىجدانسىز ئەبلەخ... خەپ سېنى!

ئۆي ئىچىدىن يىغا - زارى ئاڭلاندى. ئۇلار قورقۇپ سىرتقا چىقالمايۋاتقانىدى. پارتىزانلار قورۇدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ھېكىمباينى يۆلەشتى. ئۇلار ئۇنىڭ خوتۇن -

باللىرى ئىدى. چوڭ ئوغلى دادىسىغا يىرگىنچ ھەم ئېچىنىش بىلەن قاراۋاتاتتى.

— يولۋاسبەگ ئۆيىدە يوقكەن، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، — دېدى ياسىن دوختۇر بارات پالۋان بىلەن كوچا ئېغىزىدا ئۇچرىشىپ.

— بۇلار ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ، چوقۇم تاشيول بىلەن ماڭىدى، بىز كونا يول بىلەن ماڭايلى، تېز بولمىساق يېتىشەلمەيمىز.

ئۇلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، مەھەللە ئىچىدىن شاۋقۇن - سۈرەنلەر بىلەن چىقىپ كېتىشتى. ئات تۇياقلىرى ئاپئاق قارلارنى ھەر تەرەپكە چاچاتتى. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر بۇلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىشاتتى. ئۇلار كەڭ دالىغا چىققاندا، دۈشمەنلەر خىرە - شىرە كۆرۈندى. پىيادىلىرى ھېرىپ قالغان بولسا كېرەك، قەدەملىرى ئاستا ئىدى.

— ئەنە ئاۋۇ يەردىكەن.

ئۇلار ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇشتى. دۈشمەنلەر بارا - بارا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پىيادە كېتىپ بارغانلىرىنىڭ دولىلىرىغا ئېسىلغان مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرى يەرگە ئاندا - ساندا سۆرۈلۈپ قالاتتى. ئۇلار پارتىزانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. بىر قىسىملىرى پارتىزانلار يېقىنلىغاندا، ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى.

— ياخشى، ئەسىرگە چۈشسە بىرىنىمۇ ئاتقىلى بولمايتتى. قارشىلىق كۆرسەتكىنى بەك ئوبدان ئىش بولدى، — دېدى قاسىم جودا، ئاندىن ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇۋېتىپ، قورالىنى قولىغا ئالدى.

— ئاتايلى، نەگە بارىدۇ قېچىپ بۇ ئۆلۈمتۈكلەر...

— ئۆلۈمتۈك دېمەڭلار، شىللىمىزگە قانچە يىل مىنىپ



كەلدى. ... بارات پالۋان بى...

سەكرەپ چۈشتى - دە:

— پۇقرالارنى ئاتماڭلار، ئاتتىن چۈشۈپ ھۇجۇم قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

پارتىزانلار ئاتتىن چۈشۈپ ھۇجۇم قىلدى. قاسىم جودا ئاتتىن چۈشمەي، ئۇلارنى چەنلەپ ئېتىۋاتاتتى.

— قاسىم بولدى قىل، ئۇلار ئەل بولدى، — دېدى بارات پالۋان قاسىم جوداغا پەخىرلىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ.

ئەل بولغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئەسكەرلەر بولۇپ، قالغانلىرى ئاساسەن خەنزۇ پۇقرالار ئىدى. بۇ چاغدا ۋەن گوتەي، ۋۇ شاۋتەن، ياڭ ھاكىم، لەن شىڭلار بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن داخىيەنزىگە ماشىنا بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەستا، لەن شىڭنىڭ قېچىپ كەتكىنى ئەجەب يامان بولدى، — دېدى ئابلىز قارىي ھەسرەت چېكىپ.

— ۋەن گوتەي بىلەن ۋۇ شاۋتەننىڭ قېچىپ كەتكىنىچۇ؟

— ئالدىرىماڭلار، خۇدا بۇيرۇسا، ئۇلار بىر كۈنى ئۆز جاجىسىنى يەيدۇ.

— توغرا دېدىڭ، ئۇلار جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ. بىزدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، ئىلى پارتىزانلىرىغا تۇتۇلىدۇ، شۇنداق جاھان بۇ...

— بۇ يەردە قۇربان بىلەن تۇردىئاخۇن بولسا نېمىلەرنى دەۋېتەتتى - ھە! پىچاقنى ئوتتۇرىدىن تەڭمۇ تەڭ يېرىۋېتىمەن، ئۇقۇمنى ياماقنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، دېگەنلىرىچۇ؟ ئەجەبمۇ سېغىندىغۇ كىشى...

— قۇربانغا: سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ، چىمەنگۈلنى مەن

ئالىمەن، دەپ قويسام تېرىكىپ چىچاڭشىپ كېتەتتى.

— بىز شەھەرگە كىرىپ، كۆپ تۇرمايلا، ئارشاڭغا ئاتلىنىمىز، — دېدى بارات پالۋان بىپايان قارلىق دالىغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ.

— بۇ گەپ جايىدا بولدى، — دېدى قاسىم جودا ئەسىرگە ئېلىنغانلارغا ئالىيىپ قويۇپ، — ئەسلى مۇشۇ يېتى داخىيەنزىگە ھۇجۇم باشلىۋەتسەك بولاتتى.

— ئاز قالدى، ئالدىرىمايلى.

بۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان خەنزۇ پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر بۇلارغا قورقۇمسىراپ قارايتتى. پارتىزانلار ئۈسكىلەڭ ساقال، تاشلىرى سۆكۈلۈپ، تېرىلىرى كىرلەشكەن جۇۋا، سالۋا قۇلاقچىلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر سۇرلۇك ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ياۋايىلاشقان ھالىتى، غەزەپتىن ئوت ئالغان كۆزلىرى ۋە بەستلىك قامىتىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنمەي قالمايتتى.

بۇلار شەھەرگە كىرىپ، قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن يېڭى بىر دۇنيانى كۆردى. بارات پالۋان: «ئازادلىق دېگەن-ھە!» دەپ پىچىرلىدى ئۆز-ئۆزىگە.

شامالخاننىڭ شادلىقى ئەۋجىگە چىقىپ، بىر دەم ئۇسۇل ئوينىسا، بىر دەم ناخشا ئېيتاتتى.

پەرۋاز قىلدى بۈركۈتلەر
بورانلاردا تاۋلىنىپ.
قۇيرۇق تىقتى تۈلكىلەر،
بەدەر قېچىپ شۈمشىيىپ.

— ياشا شامالخان، ياشايدىغان زامان كەلدى! —



دېيىشەتتى كىشىلەر. بىر چاغدا شامالخان بىردىنلا زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ئويلاپ قالدى-دە، ئالدىراش ھالدا بارات پالۋاننىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

ئېردەنى بورتالا شەھىرىنىڭ ئازاد بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ھايال بولغاندىن كېيىن، بارات پالۋان بىلەن بىرلىكتە يەنە ئارشاڭغا يۈرۈپ كەتتى. يۇرت خەلقى ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قالدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# تاڭ ئالدىرىتىدۇ

*چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭ ئاتىدۇ دەپ چىللاڭ،*
*تاڭ ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىللاڭ.*
*— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر*

1

بۇكە ئامبىلى يامۇلىدا قورشاۋدا تۇرغان چىن تۆەنجاڭ باشلىق گومىنداڭچىلار ئىككى ئاي ئون بىر كۈن بولغاندا، ئۆۋۈسىدىن يېمى تۈگىگەن چاشقاندەك چىقىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ قاچتى. ئېردەنى، نازارۇف ۋە بارات پالۋان باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئۇلار تۈزلەڭلىككە چىققاندا توشقان قوغلىغاندەك قوغلاپ زەربە بېرىپ، پۇتۇنلەي تارمار قىلدى ۋە قويتاش تەرەپتىن بىرنەچچە تۆەنجاڭ، لېەنجاڭلارنى تىرىك تۇتۇپ كەلدى①.

ئېردەنى، نازارۇفلار ۋەن سىلىڭ تۇرغان قورۇغا جايلاشتى. ئېردەنى موڭغۇللاردىن جەڭگىۋار بىر قىسىم تەشكىللەشنى ھەم ئۇلارنى سىستېمىلىق مەشىق قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بارات پالۋان ئولجا ئېلىپ ئۆزىگە مەردلەرچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قوراللارنى قورالسىز ئەسكەرلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

① «تاڭ ئالدىدىكى بورتالا» دىن



بارات پالۋان بۇرادەرلىرى بىلەن كېڭىشىپ داخىيەنزىڭە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى. بۈگۈن ئۇ ئېردەنى ۋە نازارۇفنىڭ يېنىغا بۇ پىلان ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلدى. ئېردەنى ۋەن گوتەي ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇراتتى. نازارۇف كۆرۈنمەيتتى.

— كېلە بارات، قانداقراق ئەھۋالىڭ؟

— ئوبدان، ئۆزۈڭنىڭچۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، — دېدى ئېردەنى ئۇنى ياندىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — سىلەر بۇ كۈنلەردە بىزگە ھەمدەمدە بولۇپ كۆپ جاپا تارتتىڭلار...

— يوق گەپنى قويۇپ، نەق گەپكە كېلەيلى، — دېدى بارات پالۋان ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرالماي ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ، — بىز ئەمدى داخىيەنزىڭە ھۇجۇمنى باشلايلى دەۋاتىمىز.

— ئاۋۋال يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتەيلى، ئادەملىرىمىزنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، قاتتىق مەشىق قىلدۇرايلى، تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتەيلى، ئاندىن ھۇجۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، ئالدىراقسانلىق ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئىشنى ئەقلنى ئىشلىتىپ پۇختا قىلايلى...

— ئىشنى پۇختا قىلىمىز دەپ بۇ يەردە خوتۇن كىشى ئۆي ساقلىغاندەك ياتساق، سەت ئەمەسمۇ؟ بىز دەرھال ھۇجۇم باشلىشىمىز كېرەك.

— بۇ دېگەن ئۇرۇش، ئويۇن ئەمەس، قان تۆكۈلىدىغان گەپ. داخىيەنزىدە گومىنداڭنىڭ ئىككى مىڭدەك ئەسكىرى تولۇق قوراللىنىپ ياتىدۇ. ئەتراپى پۇتۇنلەي پوتەي، ئاكوپ...

شۇ ئارىدا نازارۇف كىرىپ كېلىپ، بۇلار دېيىشىۋاتقان پاراڭلارنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندى.

— بارات، — دېدى نازاروۋ تەمكىن ھالدا، — قارامىلىق، ئالدىراقسانلىق ئادەمنى پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ. داخىيەنزىدىكى دۈشمەننىڭ كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ھەربىي دەستۇرلاردا: «ئۆزۈڭنىمۇ بىل، ئۆزگىنىمۇ بىل، شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇرۇشتا يېڭىلمەيسەن» دەيدىغان ھېكمەت بار، شۇڭا...

— بولدى، شۇڭا - پۇڭانى قوي، ماڭا ئەقىل ئۆگىتىشمە، توغرا بولامدۇ، خاتا بولامدۇ، ھەممىسى ئۆزۈمگە ھېساب، مىكى - مىكى گەپ قىلغان ئادەم بىلەن ئەزەلدىن خۇشۇم يوق. خوش ئەمىسە، — بارات پالۋان شۇنداق دەپ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

ئېردەنى بىلەن نازاروۋ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

بارات پالۋاننىڭ غۇرۇرى ئۇلاردىن قورال تەلەپ قىلىشقا يول قويمىدى. «غەنىيمەت ئالغان قورالنى ئۇنىڭغا بەرمىسەم بوپتىكەن. بوپتۇلا قورال دېگەننى دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىپ ئالىدىغان گەپقۇ. ئۇقى بولمىسا ئۇ يەنە ئەسكى ياغاچ...» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بۇ يەردىن چىقىۋاتقىنىدا، شامالخان ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. بارات پالۋان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ناخشىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئېتىنى توختىتىپ شامالخاننىڭ ناخشىسىنى زوقلىنىپ ئاڭلىدى. ناخشا شۇنچىلىك مۇڭلۇق ئىدى.

باتۇر بولۇپ بەخت تاپساڭ سەن ئۆزۈڭ،
تېنىڭ يايراپ، كۈلۈپ تۇرار قارا كۆزۈڭ.

«ياشاپ كەت شامالخان، ناخشاڭنى توختىتماي ئېيت، سەن ئەمدى خان بولىدىغان بولدۇڭ»، بارات پالۋان شۇلارنى



پىچىرلىدى - دە، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان شامالخانغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ بايىقى كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدى.

— بارات پالۋان، بىز تارىختىن بۇيان باتۇر ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق — دېدى شامالخان بارات پالۋانغا يېقىنلاپ كېلىپ، — ئەپسۇسكى، بىز تولا ھاللاردا ئەقلىمىز بىلەن ئىش قىلمايمىز. بارات، مېنىڭ غۇلجىغا بارغۇملا كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.

— بوپتۇ، بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ، — دېدى بارات پالۋان ئۇنىڭغا قىيمىغاندەك يېنىشلاپ قاراپ.

— مەن سىلەر ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، قايتىپ كېلىپ، يەنە سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن. ھايال بولۇپ قالسام مەندىن زەنجىمەڭلار...

— يوق گەپنى قىلماڭ. سىز بىز ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدىڭىز.

— يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپلا تۇرىدۇ. ئاخشام چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ... تۇۋا خۇدايىم، ئاجايىپ بىر چۈش... خۇدا ساقلىسۇن... ئەتىگەن بېشىمدىن بىر نانىنى ئۆرۈپ ئۆگۈزگە تاشلىۋەتتىم... خۇداغا ئامانەت، بارمىسام بولمايدۇ. ئاڭلىدىڭىزمىكىن، ھېكىمبايىنى بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. موللا شائىيۇ كاللىدىن كېتىپ قاپتۇ. موللا نىياز ئاخۇنۇم بىلەن يولۋاسبەگ ئۈن - تىنسىز غايىب بوپتۇ... «كۆزلەر ئاللانى كۆرمەيدۇ، ئاللا كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.» سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، خەير... — شامالخان شۇنداق دەپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

بارات پالۋان بىر ئىزىدا تۇرالمايدىغان، كىشىلەر بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ غەلىتە كىشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

قارىغىنچە ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئەنسىز ۋارقىرىدى:

— شامالخان! شامالخان!

يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىرقانچە كىشى بارات پالۋانغا چۆچۈپ قاراشتى.

بۇ كېچە بارات پالۋان خوتۇنىنىڭ «مېھرى» گە تاڭغا يېقىن قېنىپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

## 2

بۈگۈن شەھەر بايرام تۈسى ئالغانىدى. يېزا-قىشلاقلاردىكى كىشىلەر شەھەرگە قاراپ ئېقىۋاتاتتى. قارلار ئەمدىلەتىن ئېرىشكە باشلىغان كوچىلار پاكىز تازىلانغانىدى. خەلقنىڭ روھى بۆلەكچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، مەسچىت ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا ئالدىراش مېڭىشاتتى. باشسىز تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەردە ئانچە-مۇنچە قىساس ئېلىش ئىشلىرىدىن باشقا چوڭ ئىشلار سادىر بولمايۋاتاتتى. «ئىلىدىن ئادەم كېلىپ بۇ شەھەرگە ھاكىم سايلاپ بېرىپ كېتىدىكەن» دېگەن گەپ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى. خەلقنىڭ رايىچە بولسىغۇ، بارات پالۋاننى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالاتتى. بەزىلەر بارات پالۋانغا بۇنى دېگىنىدە بارات پالۋان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ: «نېمە دەيدىغانسەن؟ ئاۋۋال بۇ دىياردىن گومىنداڭچىلارنى تەلتۆكۈس يوقىتايلى. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئالىي ۋەزىپىمىز، ئازاد بولغاندىن كېيىن، كىملا باشلىق بولسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ بويىنىدىكى كىشەن پاچاقلىنىپ، ئۇلار باياشات ياشىسا، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدى، ئېتىقسىز گەپنى تولا قىلماي، داخىيەنزىدىكى دۈشمەنلەرنى ئويلاڭلار، بۇرنىمىزغا باشقىلار مىلتىق تەڭلەپ تۇرسا، دەۋاتقان گېپىنى» دېدى.

بارات پالۋان مەسچىت پېشايۋىنىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ، دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ تۇرغان خەلققە كۆزىنى يۈگۈرتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

— ھۆرمەتلىك يۇرت خەلقى، — جامائەت تىنچلىنىپ، ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىغا قۇلاق سالدى، — يۇرتىمىز زومىگەرلەر، جاللاتلاردىن خالىي يېڭى بىر دۇنياغا ئايلاندى، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز بەگ، خان بولىدىغان، ئېزىلىش، خورلىنىش، كەمسىتىش بولمىغان يېڭى بىر زاماندا ياشاش نۆۋىتى بىزلەرگە كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. گومىنداڭچىلار تۇرغۇنلىغان ئادەملىرىمىزنى، تاڭغا تەشنا شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىزنى قىردى، چاپتى، ئاتتى، ئۇلارنىڭ ئاققان قېنى زايە كەتمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى نانغىمۇ ئىگە بولالماي خورلۇق ئىچىدە ياشىدۇق. شامالخاننىڭ مەنىلىك ناخشىلىرىنى چۈشەنەلمىدۇق. زۇلۇم بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، ھەقىقىي ئادەملەرنى ئايرىيدىغان كەڭرى بىر مەيدان ھازىرلاپ بەردى. ئوغلانلىرىمىز بىردە ئاچ، بىردە توق يۈرۈپ، قەھرىتان سوغۇقلاردا جەڭ قىلىپ، گومىنداڭچىلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلسىلا ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقنى ئىسپاتلىدى. ھازىر پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە زۇلۇمغا قارشى، باراۋەرلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. گومىنداڭچىلار قاچىدىغان يەر تاپالماي، ئۇلارغا چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئىنقىلابنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىشىمىزدىكى ياخشى بىر پۇرسەت! بۇ دۇنيا ئاللانىڭ سىناق ئۈچۈن ياراتقان دۇنياسىدۇر. بۇ دۇنيادا ۋىجدان، غۇرۇر بىلەن ئەل-ۋەتەن

ئۈچۈن ياشايدىغانلار ئۇ دۇنياغا يورۇق يۈزى بىلەن كېتىدۇ. تېخى تونۇگۈنلا گومىنداڭچىلارنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ يۈرگەنلەر بۈگۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقى، تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ئۆزۈڭلارغا ئايان. ئۇلار گومىنداڭچىلار مەڭگۈ بۇ زېمىندا تۇرىدىغاندەك، پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولىدىغاندەك قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىشىپ يۈرمىگەنمىدى؟! قېنى ئۇ گومىنداڭچىلار؟!!

— ياشاپ كەت بارات پالۋان! — خەلق سۈرەن سېلىپ، يەنە تىنچلاندى. ئەجەرقان ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى.

— بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، قانداق ياشاش ھەربىر ئادەمنىڭ ئېتىقادىغا باغلىق. مال - دۇنيانىڭ قۇلى بولۇش بەختسىزلىكنىڭ ئاساسى. باللىرىڭلار ئازادلىق ئۈچۈن قۇربان بولغان بولسا، ياش تۆكمەڭلار. ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن قىزىلگۈل ئۈنىدۇ. بىز ئەۋلادلارغا ئۇلار پەخىرلەنگۈدەك بىر تارىخنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق تارىخنى يارىتالمىساق، ئەۋلادلار ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالىمىز. بىزنىڭ شانلىق تارىخىمىزنى ئەۋلادلار يازسۇن، كۆرەشتە ئامان قالغانلىرىمىز باسقان يوللىرىمىزنى ئۇلارغا سېخىيلىق بىلەن سۆزلەپ بېرەيلى. نامەردلىك قىلمايلى. بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىمىز. «ياماندىن داد، ياخشىدىن ئات قالىدۇ.»

كۆرەش تېخى ئالدىمىزدا، تاڭ بىزنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. دۇنيا ئويغاندى. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇيدىغان ۋاقىت كەلدى. پۇرسەت قولدىن كەتسە، ئەۋلادلار ئالدىدا مەڭگۈ جاۋابكار بولۇپ قالىمىز. ئازادلىق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاللاغا مۇناجات ئوقۇغان بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلىشىمىز ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

ھۆرمەتلىك يۇرتداشلار بىز بۈگۈن كەچ داخىيەنزىدىكى دۈشمەنلەرگە قاراپ ئاتلانماقچى، بىز سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارغا،



مەدىتىڭلارغا موھتاج. بىز گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلمىنى تارتقانلارنىڭ، ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ۋە ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قانلىق قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك. تاڭ بىزنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. قېنى يۇرت ئەھلى بىزگە دۇئا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بىلەن نۇسرەت بىزگە يار بولۇۋاتىدۇ. قېنى...

خەلق بىر داۋالغۇپ، پەلەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەم قەلبتە ئوت پەيدا قىلىدىغان يېقىملىق بىر دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ئاللا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن!

— باسقان يوللىرىڭلار ئاق بولغاي!

— ئاللا سىلەرگە يار بولغاي!

بۇ دۇئالار يۇرت ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، يىراق - يىراقلارغا ۋەھىمە سېلىپ تارالدى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. بۇ ياشلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى يۇيۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى پارلاق بىر نۇر، گۈزەل بىر ئوتلۇق ئارمان چۇلغاپ ئالدى...

خەلق بارات پالۋان تەرەپكە سەلدەك ئاقتى.

— مەن بۇ بالامنى، — دېدى بىر بوۋاي بارات پالۋاننىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ، — بىر ئات بىلەن سىلەرگە قوشۇپ قوياي.

— بۇ ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم...

— مەنمۇ بۇ ئوغلۇمنى...

— مەنمۇ...

— بارات، ئوغلۇم سەيسىگە تۇتۇلۇپ يوقاپ كەتكەن، ئۆزۈم ئۇرۇشقا بارىمەن. شۇ بالام ئۈچۈن بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈۋالسام، بۇ دۇنيادا ئارمىنىم يوق. مەن قېرى بولساممۇ تېخى كارغا كېلىمەن، ھازىر ئوۋ ئوۋلىساممۇ خېلى - خېلى

يىرتقۇچ ھايۋانلار قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مېنى ئېلىۋالسىڭىز؟

— تاغا بولدى سىز بارماڭ، بىز بار، قىساسىڭىزنى بىز ئېلىپ بېرىمىز. ياخشى كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، — دېدى بارات پالۋان بوۋاينىڭ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ.

— ياق بالام، ئۆلسەم ئازادلىق يولىدا ئۆلەي، بۇ يولدا ئۆلگەن ئادەم ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس، دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزنى شۇنچىلىك ئەزگەن، خورلىغان... شۇلارنى يوقىتىش يولىدا ئۆلسەم مەن رازى، بولمىسا كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ...

— جاسارەتلىرىڭگە ئاپىرىن! سىلە ياشىنىپ قاپتىلا، سىلى ئارقىمىزدا بىزگە مەدەتكار بولۇپ، پارتىزانلارغا ئوزۇق-تۈلۈكنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرسىلىمۇ يەنىلا دۈشمەننى يوقىتىش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن بولىلا...

بارات پالۋان مۇشۇ كىشى دېمەتلىك بىرنەچچە بوۋاينى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئاران يولغا سالدى.

بارات پالۋاننى قورشاپ تۇرغان كىشىلەر بوۋايلارنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق ھاياجانلاندى.

— زۇلۇم ئىچىدە ياشىغان ئادەمنىڭ قەلبىنى قىساس ئوتى قاپلاپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— بىز نېمىشقا قاراپ تۇرىمىز، بارات، ھەي بارات ئۇكا، بىزنى...

— مەن ياشىنىپ قالغان تول ئايال، بالامۇ يوق، مۇشۇ ئالتۇن ئۈزۈكۈمنى خەيرلىك ئىش ئۈچۈن ئىئانە قىلاي، يولدىشىم رەھمەتلىك تويلۇقۇمغا ئالغان ئۈزۈك ئىدى.

— بىزمۇ قاتنىشىمىز، — توپ ئىچىنى يېرىپ كىرگەن بۇۋىخەلچەم بىلەن چىمەنگۈل بارات پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، — بىزنىمۇ ئېلىۋېلىڭ.

— بولمايدۇ. قەتئىي بولمايدۇ. ئەر كىشى تۇرغان يەردە سىلەر جەڭگە قاتناشساڭلار بولمايدۇ.

— مەن بارىمەن، — دېدى بۇۋىخەلچەم قەتئىيلىك بىلەن، — ئېرىمنى ئۇلار سەيسىگە تۇتۇپ يوق قىلىۋەتكەن. ھېلىقى لەن شىڭ دېگەن ماڭقىدىن ئۆچۈمنى ئالمىسام ئادەم بولماي كېتەي.

— مەنمۇ بارىمەن، ئۇلار ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم، — دېدى چىمەنگۈل. ئۇ ئاخشام قۇربانغا يېلىنىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئاران ماقۇلغا كەلتۈرگەنىدى.

— سىلەر كېيىنچە بارىسىلەر، بىزگە ياردەم قىلىمەن دېسەڭلار، ئوخشىتىپ نان يېقىپ بېرىڭلار. شۇمۇ ئىنقىلاب قىلغىنىڭلار بولىدۇ.

بۇۋىخەلچەم بىلەن چىمەنگۈلنىڭ ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلىنىپ، «لەسسىدە» بولۇشتى-دە، باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە توپ ئىچىنى يېرىپ چىقىپ كېتىشتى.

— بۇلارنى كۆرۈپ باشقىچە جانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ناسىراخۇن مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ.

— خەلقنىڭ پىغانى تاشقان گەپ.

كىشىلەر قولىدا بارلىكى نەرسىنى ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەدىيە قىلىشتى. بارات پالۋان بۇنىڭغا بىر ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى پارتىزانلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. نازارۇف بارات پالۋاننىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى. بارات پالۋان پارتىزانلارغا كەچتە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نازارۇفقا تىنىپمۇ قويمىدى. «ئۆزۈملا تېتىيمەن ئۇ گۇيلارغا، بۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى كىم قويىدى ماڭا. ئادەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئۆزىگە تايانغىنى ئەۋزەل. گومىنداڭچىلار چاغلىقكەنغۇ، ھە، دېس

قاچىدىكەن...» بارات پالۋان بۇلارنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى. خەلقنىڭ بۈگۈنكى قىزغىن كەيپىياتى ئۇنىڭ جاسارىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، گومىنداڭچىلارنى كۆزىگە چۈمۈلىدەك كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى.

شۇ كۈنى كەچ بارات پالۋان ئۆزى تاللىغان بىر يۈز ئەللىك سەر خىل ئەزىمەتنى ئەگەشتۈرۈپ داخىيەنزىگە ھەيۋەت بىلەن ئاتلاندى. يۇرت خەلقى بۇلارغا ئاقيول تىلەپ، خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. پارتىزانلارنىڭ قولىدا قىرىق دانە قارا مىلتىق، ھەربىر مىلتىقتا ئوتتۇز تالدىن ئوق بار ئىدى. مىلتىق يەتمىگەنلىرى توقماق، ئارا، نەيزە بىلەن قوراللانغانىدى.

بارات پالۋاننىڭ بېلىگە ئېسىلغان تاپانچىسى ۋە ھاشىم تۆمۈرچى سوقۇپ بەرگەن قىلىچى ئۇنى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر سەركەردىلەردەك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق بىر ئارمان تېپىچەكلەيتتى. ئۇ تاڭغا ئالدىرايتتى.

تۈن قاراڭغۇ، ئەتراپ تىمتاس سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ ئەنسىز دۈپۈرلەشلىرى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. سوغۇق شامال باھاردىن شەپە بېرىپ ھۇشقۇيتاتتى. ئاسمان قازان قارىسىدەك كۆرۈنەتتى. زېمىن تاڭنى كۈتۈپ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا چۈشەكەپ ياتاتتى.

قىران بۈركۈتلەرنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدە يېڭى بىر ۋىسالنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى ياناتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىرلا ئارمان يېلىنجايتتى. ئۇ بولسىمۇ بۇ زېمىندىكى تەڭسىزلىك، زوراۋانلىق، زومىگەرلىكنى يوقىتىپ، يورۇق تاڭنىڭ نۇرانە جامالىنى كۆرۈش، باھار قوينىدا ئەركىن يايراش ئىدى. شۇ ئۈمىد، شۇ ئارزۇدا قەھرىتان سوغۇقتا دۈم يېتىپ، بىردە ئاچ،



بىردە توق يۈرۈشكە رازى. بىرلا ئارمان ئۇلار ئىرادىسىنى تاۋلاپ، كاللىسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، يامغۇردەك ئوقلارغا ئۆزلىرىنى ئېتىشقا ئۈندەيتتى: «ئازادلىق ئۈچۈن ئۆلسەك رازى.»

ھەي زېمىن، دەريا — دەريا بولۇپ ئاققان قانلار بىھۇدە ئاقمىسىكەن دەپ ئوغلانلىرىڭ ئەنسىرەيدۇ، بۇ قانلار سېنىڭ باغرىڭغا سىڭدى. سەن بۇنىڭ گۇۋاھچىسى، بىر كۈنلەردە سەن ئۇلارنىڭ باسقان ئىزىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەرسەن؟!...

بارات پالۋان يۇرتتىن قوزغىلىشتىن بۇرۇن، داخىيەنزىنىڭ يەر شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان ياسىنجان بىلەن ئەمەتنى داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىش يوللىرىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى ئىگىلەشكە يولغا سالدى. ئۇلار ئەتىسى كەچكىچە قارىسۇ لەڭلەك كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا چىقالمىسا، ھۇجۇمنى باشلاۋېرىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

بۇ كېچىدە تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوق دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئۇرايىمنىڭ جېنىنى ئالدى. ئوقنى ئارشاڭدىن قېچىپ كېلىپ مۆكۈنۈپ يۈرگەن بىر قاچاق ئەسكەر ئاتقانىدى. ئۇ يەنە كۆكرىكىگە پىچاق ئۇرغان بىر قىزغا يېقىلىش ئالدىدا ئوق ئۈزدى. قىز ئېچىنىشلىق ئىڭراپ ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا نەچچە قېتىملاپ «قۇربان» دەپ توۋلىدى.

پارتىزانلار يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شىخو، جىڭلاردىن ئۇچۇپ چىققان گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى تېرەك بويى ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ بورتالا شەھىرىنى خالىغانچە ئوققا تۇتتى. بۇ يەرلىكلەردە ئايروپىلان ئاتىدىغان قورال بولمىغاچقا، ئامالسىز لېۋىنى چىشلەپ مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى[①].

① «تاڭ ئالدىدىكى بورتالا» دىن.

# ئون تۆتىنچى باب
# ئېغىر تىنىقلار

مەرد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت،
قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ - جىنايەت.
— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

1

شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەنسېرى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بۇ خىل ھالەتكە كۈچلۈك سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن قارىشىدىغان بولدى. تۇمەنلىگەن كۆزلەر ئارىسىدا بىر سۈيىقەست بىلەن تىكىلىۋاتقان جاسۇسلارنىڭكىدەك كۆزلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. ئانا يۇرت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغانلار بۇ گۆھەر ماكانغا كۆز تېگىشتىن ئەندىشە قىلىپ، يۈرىكى ئەنسىز ئاغاتتى. تۇرۇپ، تۇرۇپ چۆچۈيتتى.

ئۇرۇمچىدىكى رەئىس ۋۇ جۇڭشىن باشلىق ئەمەلدارلار يولۋاس ئالدىدىكى تۈلكىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قولى تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ئاجرىماي، بۇ خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى جىياڭ ئاتىسىدىن تەرلەپ - پىشىپ سوريشاتتى. تېلېگراممىلارنى ئۈزۈلدۈرمەي يوللاپ تۇراتتى. جىياڭ جېيشى ئاخىر ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنى جىلىڭ، شىخولارغا چېكىندۇرۇپ، ئۇ يەرنى چىۋىنمۇ ئۇچۇپ كىرەلمەيدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەم مۇداپىئە قورغىنى قىلىش



ھەققىدە تېلېگرامما[illegible] مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىدى، لېكىن ئۇلارغا قانداقلا قىلغان بىلەن بۇ ئوت يالقۇنىنى ئۆچۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

ئىلىدا ھەرقايسى ئورگان، مەھكىمىلەر، بىرلەشمە ئىدارىلەر جىددىي قۇرۇلۇپ، بۇلارغا مەسئۇل ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن تەيىنلىنىۋاتاتتى. ھەربىي قىسىملار مۇنتىزىملىشىپ، دۈشمەن ئۈۋىسىغا ئېتىلىشقا قىساس ئوتلىرى ئاراملىق بەرمەي، ئالدىرىتىۋاتاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دىيار ئوت ئىچىدە قالغانىدى. ھەممە يەردىن يىغا - زارە، ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلەتتى، ئۈمىد نۇرلىرى پارلايتتى، ئازابقا تولغان قەلبلەردىن يىغا ئارىلاش ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۈلكىلەرنى ھەم ئۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ئۆزىنى ئاتقان ئوغلانلارنىڭ شىر كەبى ھۆركىرەشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. يوللارغا چىقىپ ئۈمىد بىلەن يارىنى، يۈرەك پارىلىرىنى كۈتىۋاتقانلارنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس ئىدى...

ئالتۇنى بار ئادەم مەڭگۈ خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ. ئوغرىلار ھامان ئۇنىڭ تېمىنى شورا قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئويلىمىغان يەردىن ئالتۇنىنىڭمۇ ئىگىسى چىقىپ قالىدۇ... بۇ ھىيلە - مىكىرگە تولغان بىر جاھان. ئەقىل سۈيى بىلەن سۇغىرىلمىغان مەردلىك ھەم ئاق كۆڭۈللۈكمۇ بىر كۈنلەردە ئادەمنى داغدا قالدۇرىدۇ. ھىيلە - مىكىرمۇ گاھىدا ئادەم ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، «ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» ئەمەسمۇ؟

تەڭرىتاغ ئاتا قار - مۇزلارغا مەھكەم ئورۇنۇپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى ھەم «ئاھ، بىچارە خەلق، ساڭا نېمە بولغان بولغىيتتى؟ تەقدىرىڭ نېمانچىلا كاجدۇ؟» دەپ ھەسرەتلىنەتتى.

نامەلۇم، هازىرچە ۋۇتەيگە چىقىپ ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالايلى.

بارات پالۋان بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مۇشۇ يەردە غىزالانغاچ ئارام ئېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ۋۇتەيگە يۈرۈپ كېتەيلى.

زېمىنغا گۈگۈم پەردىسى تارتىلىشى بىلەن تەڭ بارات پالۋان يەتتە باتۇرنى داخىيەنزىگە يېقىنلاپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى ۋۇتەي تەرەپكە يول ئالدى.

يەتتە يىگىت داخىيەنزىگە يېقىنلاپ بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆگزىسىدە پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەرنى كۆردى.

— ئۇلارنى ئاتساق، ئۇلارنىڭ ئوت كۈچى مەركىزىنى بىلەلەيمىز، — دېدى نۇراخۇن زەيدىن دېگەن پارتىزان.

— ئۇنداق بولسا ئۈچىمىز ئاۋۇ قارىياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزەيلى.

— باراتكام خاپا بولۇپ كەتمەس، — دېدى نىياز دېگەن يىگىت.

— باراتكام دۈشمەننى ئاتساق، خۇش بولىدۇ. قېنى ئىشنى باشلايلى.

ئۈچ يىگىت دەرەخ شېخىغا چىقىپ، پوستتا تۇرغان ئۈچ ئەسكەرنى بۆلۈشىۋالدى - دە، ئۇلارنى تەك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. ئاندىن دەرەختىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى ۋە دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى مەركىزىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. گومىنداڭچىلار قىيا - چىيا قىلىشىپ، پىلىموتلىرىدىن بولۇشىچە ئوق ئۈزدى. ئۇلار ئوقنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئاتاتتى. دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى غەربىي جەنۇب تەرەپكە مەركەزلەشكەندەك قىلاتتى. دۈشمەنلەر ئەتىسى بۇ ئىشنى قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىسى بار دەپ گۇمان قىلغان بەش كىشىنى جادۇغا بېسىشتى. بۇ

سارغايغان ياپراقلارغا نىمە ئۈچۈندۇر ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى - دە، سىقىلىشتىن پارتىلغۇدەك بولاتتى. . .

## 2

بارات پالۋان قارىسۇ لەڭلەڭ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىقتا پارتىزانلارنى باشلاپ كەلگىنىدە ياسىنجان بىلەن ئەمەتنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى. بارات پالۋان رەللە بولۇپ، دۈشمەن ئۇۋىسىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. تۈزلەڭلىك ۋە قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلەر بارات پالۋانغا ھەممىگە پەرۋاسىز ھالدا، خاتىرجەم ياشاۋاتقاندەك كۆرۈندى - دە، ئاچچىقتىن ئېغىر تىنىدى. ئۇ ئەل - يۇرتنىڭ ئۈمىدىنى تېزرەك ئاقلاشقا ئالدىرايتتى.

— بىز ھۇجۇمنى باشلايلى، نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، يۇرتداشلىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويساق بولمايدۇ.

— توغرا بىز باستۇرۇپ كىرەيلى، — پارتىزانلار ئۈنلۈك ۋارقىراشتى.

— ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىن، يەنىلا بىز ئويلىنىپ ئىش قىلايلى، بارات، بۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ناسىراخۇن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— بۇ يەردە سەۋر قىلمىساق دەپ قول باغلاپ تۇرامدۇق، باستۇرۇپلا كىرەيلى، ئۇلار قورقۇنچاق نېمىلەر، چوقۇم قاچىدۇ، — دېدى بارات پالۋان كۈچەپ سۆزلەپ.

— ئىككى - ئۈچ كۈن ھۇجۇمنى كېچىكتۈرگەنگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ياسىنجان بىلەن ئەمەتنىڭ تەقدىرى بىزگە

بىگۇناھ بەش كىشىنىڭ تېنىدىن ئاققان قىپقىزىل قانلار داخىيەنزى تۇپرىقىغا سىڭدى. شۇ كۈنى گومىنداڭچىلار پۈتۈن ئاممىنى مەسچىتكە يىغىپ: «كىمكى ئوغرىلار بىلەن بىرلەشسە، ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغان» لىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقچى بولۇشتى. لېكىن، خەلقنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يوغىناپ گومىنداڭچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ تاشتى. نۇرغۇن كىشىلەر پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇش ۋە جېنىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن يۇرتتىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار يەنە بۇ يەردە تۇرىۋەرسە قۇياشنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى.

بارات پالۋان ۋەتەيگە يېتىپ كېلىپ، پارتىزانلارنى ھاردۇق ئېلىشقا بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا شەرق تەرەپتىن ئاتلارنىڭ ئەنسىز دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلاندى.

— ناسىراخۇن، كېلىۋاتقانلار كىمدۇ؟ — دېدى بارات پالۋان نەزىرىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئىتتىك بۇراپ.

— بىلمىدىم، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى.

پارتىزانلار مۆگدەك باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، جىددىي ھالەتتە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشتى.

كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇرغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانچە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلار ئات تىزگىنلىرىنى تارتىشىپ، ئەتراپقا زەن سېلىشتى.

— ئوق ئۈزەمدۇق؟ — دېدى قارا قوۋان.

— ياق، ئۇلار ئۆز ئادىمىمىزدەك قىلىدۇ، — دېدى ناسىراخۇن.

— مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاي، — دېدى بارات پالۋان.

— خەتەرلىك، ئۇنداق قىلما، — دېدى تۇردىئاخۇن.



بارات پالۋان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. پارتىزانلار قوراللىرىنى بەتلەپ، ئاتلىقلارنى نىشانلاپ تۇردى. ناھايىتى سۈرلۈك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. بارات پالۋان ئېغىر قەدەمى بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئاتلىقلاردىن بىرى ئاتتىن چۈشۈپ بارات پالۋانغا يېقىنلاپ كەلدى. بارات پالۋان توختاپ، ئۇلارنىڭ تۇرقىغا باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتتى.

— بىز بارات پالۋان پارتىزانلىرىغا قوشۇلايلى دەپ چىققان. . .

— مەن بارات بولىمەن، ئۆزۈڭلارچۇ؟

— بىز جىڭدىن كەلگەن پارتىزانلار، مېنىڭ ئىسمىم توختى ياسىن، بىز جەمئىي 12 ئادەم.

— ياخشى بوپتۇ، ئەزىمەتكەنسىلەر، — بارات پالۋان ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. باشقىلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورىشىپ كۆرۈشتى.

— سىلەر ھازىر قايسى تەرەپتىن كەلدىڭلار؟ — دېدى بارات پالۋان ئۇلارنى ئەمدىلا يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

— ئاچالدىن كېلىشىمىز، ئۇ يەردىكىلەر مۇشۇ ئەتراپتا پارتىزانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. . .

— ئەلنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن دېگەن شۇ - دە، قېنى ئەھۋالىڭلارنى تەپسىلىيرەك ئاڭلاپ باقامدۇق؟

جىڭدىن كەلگەن پارتىزانلار بارات پالۋاننىڭ ئوتتۇرا بويى، گەۋدىلىك، بوينى بۇقىنىڭكىدەك سەل قىسقىراق، مۈرىلىرى كەڭ، قاڭشارلىق، قويۇق ئۆسكەن بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى يۆگىشىپ تۇرغان، كۆرەك جۇۋىسى ئىچىدىكى بەلۋېغىغا ماۋزۇر قىستۇرغان ھالىتىگە تويماي قارىشاتتى.

— دېسەم گەپ تولا، — دەپ سۆز باشلىدى توختى ياسىن كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككەن هالدا، — 1944 - يىلى 9 - ئايلاردا ئىلى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغانىدۇق. شۇ ۋاقىتلاردا جىڭنىڭ ۋەزىيىتى بەكمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. مەن سىرتتا هەرىكەت قىلىش ئۈچۈن توغ بېشىغا كەتكەنىدىم. بىر كۈنى بازارغا كىرسەم، نۇرغۇن ئادەملەر تامغا چاپلانغان خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئېگىز بوي بىر كىشىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

بارلىق ئېزىلگۈچى قېرىنداشلار پىچاق سۆڭەككە يەتتى. گومىنداڭنىڭ زۇلمى چېكىگە يېتىپ، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس هالغا كەلدى. مۆھتەرەم قېرىنداشلار، گومىنداڭنىڭ قانلىق قىلىچىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيۈڭلاردا پالتا، گۈرجەك، ئارا بولسىمۇ ئېلىپ قوزغىلاڭ، كۆتۈرۈلۈشكە تەييارلىنىڭلار. پۇرسەت غەنىيمەت. ئازادلىق تېڭى بىزنى چاقىرماقتا. هەقىقىي مەرد ئوغلانلارنى سىنايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. بۇ دۇنيا سىناق دۇنياسى. شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇڭلار. ئىنقىلاب ئوتلىرىغا ئۆزىمىزنى ئاتايلى. پات يېقىندا غۇلجا شەھىرى گومىنداڭنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن قۇتۇلىدۇ.

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا بەزىلەر توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. بەزىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشۇپ قالدى. بۇ چوقۇم بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ قىلغان ئىشى ئىدى. شۇ كۈنى هەممە ئادەمنىڭ هەرىكىتى تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندەك، گويا بۇ يۇرت سېھىرلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. كىشىلەر گەپ قىلىشسىمۇ ناهايىتى قىسقا ۋاقىت پىچىرلىشىپ ئايرىلىشاتتى. سەلدىن كېيىن كوچىلارغا ساقچىلار يېغىپ كەتتى. مەن سوكال



ئېتىمنى مىنىپ، توغ بېشىغا قاراپ يول ئالدىم. تەشكىلاتتىكى ئادەملىرىم بىلەن ئالاقىلىشىشكە كۆزۈم يەتمىگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئىلى پارتىزانلىرى توغرۇلۇق ئاجايىپ گەپلەر تارالغان. بۇنى سىلەرگە دەپ بېرەي:

— نىلقا تاغلىرىدا بىر كۆزلۈك يوغان بىر ئادەم پەيدا بوپتۇدەك، ئۇ ئادەمگە قىلىچ، ئوق ئۆتمەيدىكەن. كېچىدە كىيىملىرىنى سالسا ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر تالاي ئوقلار شاراقشىپ تۆكۈلىدىكەن، بېشىغا سۇلايمان مىس قالپىقىنى كىيىۋالسا غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. ئەتىگەندە نىلقا تېغىغا بەش - ئالتە ماشىنا ئەسكەر چىقسا، كەچتە باشقا ئەسكەرلەر بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇ ناهايىتى باتۇر ئادەم بولۇپ، پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆزى بار ئىكەن، كەچتە ئۆيگە چىراغ ياقمىسىمۇ، كۆزى يورۇتىدىكەن...

بۇ گەپ - سۆزلەر قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ، كىشىلەر: «ئاخىرقى زامان بولغان بولسا كېرەك» دېيىشەتتى هەم نامازخانلىق قىلىشقا باشلايتتى. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئاشۇ بىر كۆزلۈك ئادەمنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىدى. يەنە بىر كۈنى بازارغا كىرسەم، ئەسكەرلەر بازار ئىچىگە چۈمۈلىدەك يامراپ كېتىپتۇ. مەكتەپلەرمۇ تاقىلىپ، ئۇ يەرلەرگە باي - غوجاملارنىڭ قورۇلىرىغا ئەسكەرلەر ئورۇنلىشىپتۇ. بىر قىسىم كىشىلەر بويىغا يەتكەن قىزلىرىنى ياتلىق قىلىۋېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئەهۋال ناهايىتى جىددىي تۈس ئالغانىدى. مەن مەخپىي تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ، تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەهۋالىنى ئاران ئىگىلىدىم. بىر خائىن تەشكىلاتنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، جىڭدىكى ئون ئۈچ ئادىمىمىزنى قولغا ئېلىپ، ئاغزىغا لاتا تىقىپ تىرىك كۆمۈۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ناهايىتى ئازابلاندىم، يۈرىكىم ئېچىشىپ كۆيدى. مەن دەرهال ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ،

ھېلىقى خائىننى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. شۇ چاغدا يەنە مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈز بەردى: ئون بەش يېتىمچى بالىنى گومىنداڭچىلار ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئادەملىرى، دەپ تاختا ئۈستىگە ياتقۇزۇپ باغلاپ، چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىمۇ بىر خائىن چېقىشتۇرۇپ قويۇپتىكەن. مەن تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ بالىلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ بەرگەن ئىنسن گەيجاڭ دېگەن مۇناپىقنى ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىر ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتىم. شۇ ۋاقىتلاردا گومىنداڭچىلار: «ھېچكىم ئوغرىلار تەرەپكە قاچمىسۇن، قاچسا بالا - چاقىلىرىنى قوشۇپ ئۆلتۈرىمىز» دەپ ئېلان چاپلاپ داۋراڭ سېلىشىۋاتاتتى. تەشكىلاتتىكى بىر دوستۇم (ئۇ ئارىمىزدا ھازىرمۇ بار) ماڭا: «بۇ يەردە ئىش چاتاق ئوخشايدۇ. ئاچالدا پارتىزانلار بار ئىكەن، شۇ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەردىن ئاڭلىدىم. بىز شۇ يەرگە كېتەيلى» دېدى. مەن: «كەتسەك كېتەيلى، ئاۋۋال ئادەم توپلىۋالايلى» دېدىم. بىز بىر مەزگىل مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، ئادەم توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدۇق. ماڭىدىغان چاغدا، بەزىلەر يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ مېڭىشتىن يالتايدى. بەزىلەرنى ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقانلىرى ئەۋەتمىدى. يەنە بەزىلەر ئاشنىسىغا قىيماي قېلىپ قالدى. بىز تۆت كىشىدىن چىقىپ، قالماق كېچىككە كەلگەندە ئون دۈشمەن ئەسكىرى دالدىخانىنىڭ قۇمى تەرىپىدىن چاڭ توزىتىپ كەلدى. مەن پارتىزانلارنى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدۇم. ئۇلار كېچىكتىن ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم ھېس قىلدى بولغاي، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئاتلىرىنى تېرەككە باغلاپ، قوراللىرىنى تېرەككە يۆلەپ قويۇپ، يانلىرىدىن نىمىلەرنىدۇر ئېلىپ يېيىشكە ئولتۇردى. بىز شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يانلىرىمىزدىكى پىچاقلارنى ئېلىپ ئۇلارغا قول سالدۇق، نەتىجىدە ئۇلاردىن بىرىمۇ ئامان

قالمىدى. بىز ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ، ئاتلىرىنى ئولجا ئېلىپ، ئاۋۋال قازان بولاقتا، ئاندىن ئاچالغا كەلدۇق. لېكىن، ئاچالدا پارتىزانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ يەرگە ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قېچىپ چىقىۋالغان بىرقانچە موڭغۇل بىزگە: «ۋۇتەي تەرەپتە پارتىزانلار بارمىكىن؟» دېدى. بىز تەۋەككۇل قىلىپلا بۇ تەرەپكە ئات سالغانىدۇق، خۇداغا شۈكرى سىلەر باركەنسىلەر، بىز ئۆزۈڭلاردىن بېرى باراتكامنىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، مانا خۇدا بىزنى ئاخىر كۆرۈشتۈردى. . .

ئۇيۇق قۇياش تۇغۇلۇش ئالدىدىكى تولغاقتا قىزىرىشقا باشلىغانىدى. نەمخۇش سوغۇق شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. جاھان ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە تولغىناتتى. نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، زېمىنغا قوزۇق بولۇپ قېقىلغان تاغلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا سوزۇلۇپ ياتقان، چەكسىز كەتكەن سايلىقتىن تارىلىۋاتقان بىر خىل غېرىبلىق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى.

— مۇناپىقلار، — بارات پالۋاننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدى غەزەپ - نەپرەتتىن سىلكىندى. ئۇ داخىيەنزىگە قىلىدىغان ھۇجۇمنى كېچىكتۈرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

بىرنەچچە پارتىزان يىگىت گۈلخاننى ئۆلغايتىپ چايغا تەرەددۇت قىلدى. بىر قىسىم پارتىزانلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئىلىنغانىدى. شۇ ئەسنادا مەرگەن يىگىتلەر يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بارات پالۋانغا دوكلات قىلدى.

بارات پالۋان داخىيەنزى تەرەپكە چوڭقۇر قىساس تۇيغۇسىدا قارىدى - دە، كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. ئۇ قەھر - غەزەپ بىلەن چوڭقۇر بىر تىندى.

پارتىزانلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولۇپ، كەچتىكى جەڭگە جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقىنىدا، داخىيەنزى تەرەپتىن هارغىن، ئۇستۇېشى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر كىشى چىقىپ

كېلىپ، بۇلار يېنىغا هاسىراپ - هۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. بارات پالۋان ئۇنىڭغا دەرهال چاي بېرىپ هاردۇقىنى ئالغۇزغاندىن كېيىن ئەهۋال سورىدى:

— هە، قەيەردىن كېلىشىڭ؟

— داخىيەنزىدىن چىقتىم، دۈشمەنلەردىن ئاران قۇتۇلدۇم دېسىلە، خۇداغا شۈكرى، سالامەت چىقىپ سىلەرگە قېتىلىۋالدىم. ئۇلار نۇرغۇنلىغان پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مېنىڭ ئاكامنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاخشام ئۇلارنىڭ پوستىدا تۇرغان ئۈچ ئەسكىرى ئۆلۈپتىكەن. مەن ئاران جېنىمنى ئالدىم، — ئۇ شۇنداق دەپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

بارات پالۋان ئۇنىڭ «داخىيەنزىدىن چىقتىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ، باشقىچە هاياجانلاندى - دە:

— ئۇ يەردە گومىنداڭچىلار جىقمۇ؟ — دېدى ئالدىراپ.

— تولۇق بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ تۆت، بەش يۈزدەك بارغۇ دەيمەن، بۇنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

— ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندەكمۇ؟ — دۈشمەنلەر سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بارات پالۋاننىڭ چىرايى نۇرلاندى.

— ئۇلار بەخىرامان يۈرۈشىدۇ. بىلگەندەك ئەمەس، ئېنىقلاپ چىقىدىغان ئىش بولسا مەن تەييار. خەنزۇچىنىمۇ ياخشى بىلىمەن، — ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ سەل روهلاندى.

— ئاخشام ئۆلگەن ئەسكەرلىرىدىنمۇ بىلمىدىمۇ؟ — دېدى ناسىراخۇن ئويلىنىپ كېتىپ.

— ئۇنى داخىيەنزىدىكىلەر قىلدى، دېيىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. مەن ئاران قېچىپ چىقتىم...

— ئۇلارنى بەخىرامان يۈرۈشىدۇ، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— ئىشقىلىپ ماڭا ئۇلار شۇنداقتەك كۆرۈندى. قالغان



ئىشلارنى تازا ئۇقۇپ كەتمەيدىكەنمەن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— جاپپار، — ئۇ شۇنداق دەپ كۆزلىرىنى ناسىراخۇندىن ئېلىپ قاچتى.

— بىزنىڭ ئىككى ئادىمىمىز داخىيەنزىگە كىرىپ كەتكەن، هازىرغىچە خەۋەر يوق، سەن ئۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى بارات پالۋان ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ.

— ياق، كۆرمىدىم.

— بىز داخىيەنزىگە هۇجۇم قىلماقچى ئىدۇق، گومىنداڭچىلار هەققىدە تازا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمايۋاتىمىز. سەن داخىيەنزىگە كىرىپ، ئېنىق مەلۇمات ئېلىپ چىقالامسەن؟

— ئەجەب ياخشى ئىش بولدى. خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاكامنىڭ، ئۆلگەن قېرىنداشلارنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان ئىش بولسا، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ مەن تەييار، — دېدى جاپپار قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ، ئاندىن، — دۈشمەنلەر ئەگەر بىخۇد هالەتتە بولسا مەن ئاق بايراق چىقىرىمەن، سىلەر باستۇرۇپ كىرىسىلەر. ئاڭغىچە داخىيەنزىگە يېقىنلىشىپ تۇرۇڭلار. — دېدى.

— بۇ ياخشى گەپ بولدى. خۇدا ئىشلىرىمىزنى ئوڭ قىلدى. ئەگەر سەن تۇتۇلۇپ قالساڭ، ئۇلار بىزنى ئادەملىرى كۆپكەن، هەر خىل قوراللار بىلەن تولۇق قوراللىنىپتۇ، دېگىن. ئەل ئۈچۈن تۆككەن قېنىڭ بىهۇدە ئاقمايدۇ. مەڭگۈ نامىڭ قالىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بۇ قىپقىزىل يۈرەك ۋەتەن، خەلق دەپ سوقۇپ تۇرمامدۇ. داخىيەنزى ماڭا بەش قولدەك ئايان، گومىنداڭنىڭ هازىر ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي يۈرىدۇ. داخىيەنزىدە هازىر پۇقرالار قالمىدى.

مۇشۇ پەيتتە سىلەر ھۇجۇم قىلساڭلار، ئۇلار گەپ يوق مەغلۇپ بولىدۇ.

— گومىنداڭچىلارنى بەخىرامان يۈرۈشىدۇ دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي يۈرىدۇ دەيسەنغۇ؟ — دېدى ناسىراخۇن ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ.

— مەن دېدىمغۇ، ئۇلار كۆزۈمگە بەخىرامان يۈرگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى دەپ... ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ گومىنداڭنىڭ سالغان زۇلمى دەستىدىن بېشىمنى قولتۇقۇمغا قىسىپ قويۇپ، ئۇلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن سىلەرگە قېتىلغىلى چىقتىم ھەم ھاياتىم بىلەن ھېسابلاشماي داخىيەنزىگە كىرمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئەركەك دېگەن ئەركەكتەك ياشىشى كېرەكقۇ؟... مېنى زادى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر؟ قارىماسىلەر ئۈستۈڭلاردىمۇ... — جاپپار بېشىنى چاڭگاللاپ ئېغىر تىندى.

پارتىزانلار ناسىراخۇنغا نارازىلىق كۆزلىرىدە قاراشتى.

— بولدى قىل جاپپار، — دېدى بارات پالۋان ناسىراخۇنغا ئالىيىپ قويۇپ، — ساڭا ئاتتىن بىرنى بېرەيلى. سەن داخىيەنزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بىزگە خەۋىرىنى بەر، بىز تەييارلىق قىلىپ، داخىيەنزىگە يېقىنلىغاچ تۇرايلى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەر ئاماللار بىلەن داخىيەنزىگە كىرىمەن. سىلەر مەن ئاق بايراق چىقارغان ھامان ھۇجۇم باشلاڭلار. ئاق بايراقنى قارىتىپ ئوق ئېتىپ قالماڭلار جۇمۇ، مەن كەتتىم، خۇداغا ئامانەت، — جاپپار بارات پالۋان بەرگەن ئاتنى مىنىپ، داخىيەنزە تەرەپكە قويۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جۇۋىسىنىڭ سۆكۈلگەن تاشلىرى شامالدا لەپىلدەيتتى.

— بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەيلى، ئۇ يامان جىددىي كۆرۈندۇ، — دېدى ناسىراخۇن بىئارامچىلىق ئىچىدە.



— ... ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ، كىمگە ئىشىنىمىز. بۇ خۇدانىڭ بىزگە ئۆلۈك كەلتۈرگىنى.

— بارات، بىز ئۇنىڭ تۇرقىغا قارىماي، يۈرىكىگە قارايلى.

— ۋاي - ۋۇي، قويغىنا شۇ گەپنى. جىنىڭدىن كەلگەنلەرنىڭمۇ بىر - بىرلەپ كۆكرىكىنى يارامدۇق؟ يوق گەپنى قىلماي داخىيەنزىگە يېقىنلىشايلى. سەنمۇ بىر ئىشنى بەكمۇ مۇرەككەپ ئويلاپ كېتىدىكەنسەن؟

ناسىراخۇن بارات پالۋاننىڭ تۈرۈلگەن چىرايىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى. بىراق، كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى.

## 3

نەمخۇش سوغۇق شامال ئەتىكى باھاردىن شەپە بېرىپ، گۈزەل ئارمانلاردا تىترىگەن قەلبلەرنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. ئۈمىدكە تولغان كۆزلەرنىڭ ئۈمىدى بولغان شۇ باھار ئۆزىگە جۈتنى ھەمراھ قىلماي، چىن مېھرى بىلەن بۇلارنى قۇچاقلىسا، بۇلارنىڭ تېنى قانچە ياشارغان بولار ئىدى - ھە! ئاھ، مىليونلىغان كۆزلەر يولىغا قاراپ زارىققان باھار...

شامال سوققان دەرەخ شاخلىرى ۋە قومۇشلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپ گويا يەر شارىدا ھاياتلىق قالمىغاندەك ئېغىر سۈكۈتكە غەرق بولغان بولۇپ، قورقۇنچلۇق بىر جىمجىتلىق ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىۋاتاتتى.

پارتىزانلارنىڭ كۆڭلى تولىمۇ غەش، تىنىقلىرى ئېغىر. ئۇلارنىڭ قەلبىنى جۇدالىق، ھەسرەت - ئارمانلار تىلغىماقتا. ئۇلار كىم ئۈچۈن قۇربان بەردى؟ كىملەر ئۈچۈن قان تۆكتى؟ دەرد - ئەلەمدە ئۆرتەنگەن يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن فونتان كەبى ئېتىلىپ چىققان ياشلار ئاشۇ ئەتىكى باھارنى

كۆرۈش، ھۆر، ئازاد ياشاش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ رىشتى بۇ زېمىنغا نېمانچىلا مەھكەم باغلىنىپ كەتكەن بولغىيتتى؟ ياكى بۇنىڭدا ئاللانىڭ قۇدرىتى بارمۇ؟ ئىنسانىي ھوقۇق، ئىنسانىي باراۋەرلىك، ئىنساندەك ياشاش ئىستىكى ئەنە شۇلارنى بۇ يولغا باشلاپ كىرگەن. ئىنسان بۇ دۇنياغا بىر كېلىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئەركى بىلەن ياشاشنى خالايدۇ. قۇللۇق ھايۋانلار بىلەنلا كەتسۇن. گومىنداڭچىلار ئىنسانىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ، بۇ زېمىننىڭ خوجىسى بولغانلار بۇنداق ياشاۋەرمەس، «بۇ جاھاننىڭمۇ ئىگىسى بار». ھەربىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنى يارىتىدۇ. ئەپسۇس، نادانلىق قاپلاپ كەتكەن جايدا بەختنىڭ كۆز ئېچىشى مۇمكىن بولماي، ئېزىلىش تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. پەردىلەنگەن كۆزلەر، گاس بولغان قۇلاقلار كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلاشقا تېگىشلىك خەۋەرنى ئاڭلىيالمايدۇ...

قۇرباننىڭ خىيالى شۇنچىلىك ئازابلىق ئىدى. قۇربان بولغان سەپداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق نىدالىرى، يۈرەكنى تىلىدىغان سىماسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا توۋلىغان مەردانە شوئارلىرى ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن تولغاندۇرۇپ، يۈرىكىنى قانۇ - زەرداب بىلەن تولدۇراتتى. «خەپ! سەنلەردىن ئۆچۈمنى ئالمايدىغان بولسام، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن... بېشىڭدا نەغمە - ناۋا قىلىپ، چىمەنگۈل بىلەن توي قىلارمەن، بېشىڭنى مىجىپ قېنىڭنى ئىچەرمەن...» ئۇ چىمەنگۈلنىڭ: «سىز غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلسىڭىز، سىزگە بارلىقىمنى تاپشۇرىمەن...» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، بۇلۇتلار قاپسىلىپ تۇرغان قاغا قانتىدەك قاراڭغۇ ئاسمانغا ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ قارىدى. كۆز ئالدىدا چىمەنگۈل بىلەن توي قىلغان كۈندىكى شاد - خۇراملىق قۇچاق ئاچتى. ئۇ كۈلمەكچى بولدى. بىراق، قۇربان بولغان سەپداشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ



چىرايىدىكى سۇس يېقىملىق تەبەسسۇمنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. ۋۇجۇدى مۇز بولۇپ قېتىپ كۆزلىرى غەزەپلىك تۇس ئالدى.

ئۇ تۈنۈگۈن كەچتىكى ھالاكەتلىك مەنزىرىنى ئازاب بىلەن ئەسلىدى:

بۈگۈن كېچىدە ئاق بايراق لەپىلدىدى... «ھۇررا» دەپ توۋلاپ، داخىيەنزىگە قاراپ ئاتلانغان پارتىزانلار ھەممىنى ئۇنتۇشقانىدى. كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ گومىنداڭچىلارنى يوقىتىپ، تاڭغا ئېرىشىش ئارمىنى ئۇلارنى ئالدىرىتاتتى. بۇ خىل ئارمان ئىچ - ئىچىدىن قايناپ، ئۇلارنى تاقەتسىزلەندۈرەتتى.

سەپ ئالدىدا بارات پالۋان كۆكرەك كېرىپ، يوغان - يوغان قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار غەزەپ - نەپرەتتىن قىنىغا سىغماي مەۋج ئۇراتتى. قولىدىكى ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قىلىچ، ئوغۇزخان بىر چاغلاردا ياۋلارغا ئاتلانغاندا كۆتۈرگەن قىلىچىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ باتۇرلارغا خاس يۈرەكلىكلىكى ئوغۇزخاننىڭ پۇشتىغا لايىق جاسارەت، قەھرىمانلىقنى نامايان قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا جور بولاتتى.

— ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! ۋەتەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

ئەتراپتا دەھشەتلىك زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان بۇ ئاۋازلار گومىنداڭچىلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى.

پارتىزانلار يەر سىلكىنگۈدەك قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. قەلبلەردە يالقۇنجىغان قىساس ئوتى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. داخىيەنزى ئاسمىنىدا كۈچلۈك سادا ياڭرايتتى. بۇ ساداغا گومىنداڭچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن مىليونلىغان خەلقنىڭ يۈرەك

سىرلىرى سىڭىپ كەتكەندى. شۇڭا، بۇ سادا ئېزىلگۈچى خەلقلەر قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكەلەيدۇ.

تۈن كېچىدە تۇيۇقسىز مۆلدۈردەك ياغقان ئوقلار پارتىزانلارنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. بارات پالۋان لىۋىنى چىشلەپ، سەپ ئالدىدا مەردانە كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپ، ھەممەيلەننى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ دۈشمەن پوتىيىدىكى بىر پىلىموتچىنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. «قىر - چاپ» دەپ توۋلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ ئۆلگۈرەلمەي، قىلىچنى قولىغا ئالدى - دە، پارە - پارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ گويا تەخرىقۇتنىڭ ياۋلار بىلەن جەڭ قىلغان، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلامىيەت ئۈچۈن قىلىچ ئويناتقان چاغلىرىنى ئەسلىتەتتى.

پارتىزانلار بىر تەرەپتىن زەربە بېرىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىۋاتاتتى. بەزىلىرى بارات پالۋاننىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، چېكىنمەي دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى.

— چېكىن، بۇ دېگەن بۇيرۇق! — ۋارقىرايتتى بارات پالۋان.

ھەممە يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەر خىل قۇراللاردىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ۋە بومبا ئاۋازلىرى قۇلاقنى يېرىپ، ئاخىرقى زامان دەھشىتىنى ئەسلىتەتتى. ئوق تەگكەن پارتىزانلارنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا «ھۇررا» دەپ توۋلاشلىرى ئاڭلىناتتى. ئوق تەگكەن بىر قازاق يىگىت:

— مېنى ئېتىۋېتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىشىغا، دۈشمەن بومبىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ پارتلىدى.

دۈشمەنلەر بۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپ باراتتى. جەنۇب تەرەپتە ئاسمان پەلەك بېسىلغان بېدىنى كۆرگەن بىرى:

— بىز بېدىنىڭ ئاستىنى تېشىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئەنسىز ۋارقىراپ.



— ياق، ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋەتسە كۆيۈپ كېتىمىز.

— ماۋۇ گەمە يوغانكەن، چۈشۈۋالايلى.

— بولمايدۇ، بۇ يەرگە بومبا چۈشسە، ھەممىمىز ھالاك بولىمىز، — ھودۇقماڭلار، ئۆمىلەپ چېكىنىڭلار، مەن سىلەرنى قوغدايمەن.

بىر قىسىم پارتىزانلار پاقىچىلاپ مېڭىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان بىر پارتىزاننىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ، مېڭىسى «شالاققىدە» يەرگە تۆكۈلدى. بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئوت ئالغان نۇراخۇن زەيدىن مىلتىقىنى بەتلەپ، يەتتە دۈشمەن ئەسكىرىنى كەينى - كەينىدىن موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. توختى ياسىن ئارقىدىنلا بومبا تاشلاپ دۈشمەنلەرنى يەر چىشلىتىپ، ئەتراپنى قارا تۇمان قىلدى. بۇنىڭدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تىرىك قالغانلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— بارات، چېكىنىڭ بىز بار! — دېدى نۇراخۇن قورالىنى ئوقلاپ.

— ياق، سىلەر چېكىنىڭلار بۇ دېگەن بۇيرۇق! — بارات پالۋان ۋارقىرىدى.

— سىز دېگەن بىزنىڭ باشچىمىز، تېز چېكىنىڭ.

ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە پارتىزان «ئەمدى بىزگە ئوق تەگمەيدۇ» دەپ ئورنىدىن تۇرغانىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئاتقان ئوقىدىن ئۇلار بىر يولىلا يىقىلىپ قۇربان بولدى. نۇراخۇن زەيدىن شۇ ھامان ئوق ئاتقۇچىنىڭ جېنىنى بىر پاي ئوق بىلەن ئالدى.

بارات پالۋاننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ دۈشمەنگە جاھىللىق بىلەن ئوق ئۈزۈۋاتقان مۇھەممەت گاڭگۇڭنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى.

— مۇھەممەت! — بارات پالۋان ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ

باردى.

— باراتكا، سىز چىقىپ كېتىڭ. مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مەن سىلەرگە يېتىشىۋالىمەن، — مۇھەممەت گاڭگۇك شۇنداق دەپ بارات پالۋاننىڭ تارتىشىغا ئۇنىمای يېتىۋالدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

مۇھەممەت گاڭگۇك بارات پالۋانغا قارىماي، ئىس - تۈتەك ئارىسىدا يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئوق ئاتتى. بارات پالۋانمۇ ئامالسىز دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلگەن بىر پاي ئوق مۇھەممەت گاڭگۇكنىڭ ئوڭ كۆكرىكىنى تىتىۋەتتى. بارات پالۋان چۆگىلەۋاتقان تۈگمەن تېشىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ توختىتىۋالالايدىغان كۈچىدە ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ قولتۇقىغا قىستى. مۇھەممەت گاڭگۇك زەئىپ ئاۋازدا:

— باراتكا، سەپداشلىرىمىز چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى.

— چىقىپ كەتتى مۇھەممەت!

— مەندىن رازى بولۇڭ بارات ئاكا... — مۇھەممەت شۇنداق دەپلا جان ئۈزدى.

بارات پالۋان تامدىن ئارتىلىۋاتقاندا، مۇھەممەت قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتتى. دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. چېكىنىمەي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان پارتىزانلار بىر - بىرىگە: «ياردار بولۇپ قالساق بىر - بىرىمىزنى ئېتىۋېتەيلى» دېيىشىپ، دۈشمەنگە زەربە بەرگەچ ئاستا - ئاستا چېكىنىۋاتاتتى. بارات پالۋان دۈشمەننى سەل چېكىندۈرۈۋېتىپ، مۇھەممەت گاڭگۇكنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى - دە، تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئارتىلىپ چۈشۈپ، دۈشمەنگە يەنە ئوق ئۈزدى. ئۇنى ساقلاپ تۇرغان قۇربانمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ قايتىدىن دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. بىر



ئىككىلىسىنىڭ قورالىدا ئوق تۈگىدى. دەل شۇ چاغدا ھەر ئەسنادا تامنى سىيرىپ ئۆتكەن ئوق بارات پالۋاننىڭ جۇۋىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ سول بىلىكىدە تۇرۇپ قالدى. بارات پالۋان دەرھال كۆرەك جۇۋىسىنى سېلىپ، توپتەك ئۆرلەپ تۇرغان بۇلجۇڭ گۆشىنى ئوڭ قولى بىلەن كۇچەپ مىجىپ ئوقنى چىقىرىۋەتتى - دە، يارا ئېغىزىغا تامدىن توپا ئېلىپ سۇرتۇپ قويدى. ئاندىن قۇربانغا: «ھېچ كىمگە دېمە» دېدى.

دۈشمەنلەر قىيا - چىيا قىلىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بارات پالۋان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئەلەم بىلەن قۇربانىنى ئەگەشتۈرۈپ چېكىندى. ئۇنىڭ كۆزى تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارمان بىلەن كۆز يۇمغان مۇھەممەتتە قالدى... بۇ ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك بىر جەڭ بولغانىدى. قۇربان ھاياتلا بولسا ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەس. پارتىزانلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى بالىلىرىغا سۆزلەپ بېرەر...

پارتىزانلار ئارقىسىدىن ئوق تەگمەسلىك ئۈچۈن كەينىچىلەپ چېكىنگەن، ھەتتا بەزىلىرى دۈشمەنگە ئوق تەگكەن شىردەك ھۆركىرەپ ئېتىلىپ، بارماقلىرىنى دۈشمەن كانايلىرىغا پاتۇرۇشقان ھالدا ئىسسىق جانلىرىدىن ئايرىلىشقان...

قۇربان شۇلارنى خىيال قىلىپ بولغىنىدا، يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىدى.

— بۇ دۇنيا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! — دەپ ۋارقىرىدى بارات پالۋان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — بۇ يولدا ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق. بىز ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىپ قالىمىز. بىز ئۇلارنى يورۇق تاڭغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. روھىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار، ئوغۇل بالا دېگەن روھلۇق بولىدىغان، ئازادلىق ئۈچۈن جان پىدا قىلىش شەرەپلىك، بىز قەتئىي ئىرادىلىك بولايلى، سىلەر ھەقىقەتەن قەھرىمانلىق

كۆرسەتتىڭلار. قۇربان بولغان ئوتتۇز بەش مەرد، مەردانە ئوغلانلىرىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن! ئوغۇل بالا ئۈچۈن يېڭىلىشتىن ئارتۇق نومۇس يوق، لېكىن بىز بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلمىدۇق. ئەكسىچە غەلىبە قىلدۇق. كەسكىن كۈرەش تېخى ئالدىمىزدا، ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم بىزگە مەنسۇپ. بۇ يولدا بۇنچىلىك قۇربان بېرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرگىز كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار، بىزنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىشىمىزغا ھېلىقى جاپپار دېگەن مۇناپىق سەۋەبچى بولدى. ئۇنى تۇتۇۋالسام تىرىك كۆيدۈرۈۋېتىمەن، قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قان - قىساسىنى ئالىمەن، مۇناپىق دېگەن ئاللانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايدۇ. غەلىبە تېخى ئالدىمىزدا. . . — ئۇ بوغۇلۇپ قېلىپ ئېغىر تىنىدى. ۋۇجۇدى كۆيگەندەك بولدى.

— باسقان يولىمىزدىن قايتمايمىز! مۇناپىقلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز! — دەپ تۇۋلاشتى گۇلخان ئەتراپىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشقان پارتىزانلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ.

بارات پالۋان پارتىزانلارنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى - دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئوت يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى.

— باراتكا، — دېدى قۇربان مۇڭلىنىپ تۇرۇپ، — ئىش - ئىزلىرىمىزنى يازىدىغانلار چىقارمۇ ياكى مۇشۇنداقلا كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ؟

— چوقۇم يازىدىغانلار چىقىدۇ. ھايات قالساق كېيىنكىلەرگە سۆزلەپ بېرىمىز، ئۇلار يازىدۇ.

— قۇربانلار ھايات قالسا سۆزلەپ بەرگىنىگە ھەق ...الار، — دېدى تۇردىئاخۇن ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ. ئۇ ...ۆزىمۇ بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي



كېيىن ... ئاغرىندى.

قالدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى قۇربان ئاچچىقتىن ھاسىراپ تۇرۇپ، — مېنى شۇنداق پەس چاغلاۋاتامسىز، مەن ئۆز ۋىجدانىمغا خىلاپلىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىنى سېتىشنى خالىمايمەن. ئۇنداق ئىشلارنى قولىدىن ئىش كەلمەس لاتىلار، ئەۋلادلارغا، خەلقىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىقى يوق مۇناپىقلار قىلىدۇ. . . مەن خەقنىڭ بالىسىنى مېنىڭ دەيدىغان يۇمشاق باش ئەمەس جۇمۇ؟ نېمە دەيدىغانسىز جېنىم ئىچىمگە پاتمايۋاتقاندا. . . ھېكىمبايدەك كۆرۈۋاتامسىز يا؟

— خاپا بولما قۇربان، مەن خاتا دەپتىمەن، مۇشۇ ئاغزىمنىڭ ئىتتىكلىكى. . . مېنى كەچۈرگىن. . . بولدى، بولدى. . .

قۇربان بىر ھازا ئېغىر تىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كەلدى ۋە ئاۋۋالقى گېپىنى تېپىۋالدى.

— باراتكا، — دېدى قۇربان ئويچان ھالدا، — بىز مۇشۇنداق جاپالىق ئۇرۇشلارنى قىلىۋاتىمىز. ھەممىگە بەرداشلىق بېرىۋاتىمىز، كەلگۈسىدە ئەۋلادلىرىمىز دەريا - دەريا بولۇپ ئاققان قانلارغا لايىق سۇزۇلۇپ چىققا تاڭ قۇياشىنى كۆرەلەرمۇ؟ بىز بەختكە ئېرىشەلەرمىزمۇ؟ بىزنىڭ قان كېچىپ باسقان ئىزلىرىمىزنى ياد ئېتىدىغانلار چىقارمۇ؟ بىز قانچىلىغان سەپداشلىرىمىزدىن قان يۇتۇپ تۇرۇپ ئايرىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن زور قۇربانلارنى بېرىۋاتىمىز، يەنە بېرىش ئالدىدا تۇرىمىز، ئۇچىمىزدىكى كىيىمگە قاراڭ، ھەممىمىزنىڭ قورسىقى شۇ تاپتا ئاچلىقتىن كوكىراۋاتىدۇ. قۇربان بولغانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قان، قان يىغلار، مېنىڭ قورقىدىغىنىم: مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، يورۇق تاڭنى كۆرەلمەدۇق - يوق؟! بىز ئىسسىق يوتقانلاردا يېشىنىپ ياتمىغىلى، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بىر چىنە

سۇ ئىچمىگەنگە قانچە ئۇزۇن بولدى، باراتكا، بۇلار ئۇنتۇلۇپ كېتەرمۇ؟. . . مەن بۇلارنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئويلاپ قالىمەن، كۆزلىرىمگە ياش ئالىمەن. . . — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش پەردىلىرى تارتىلدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىتتى. بارات پالۋاننىڭ كۆزلىرىگىمۇ شەبنەم قونغانىدى. قۇرباننى بۇرۇن قىزىقچى دەپ چۈشىنىپ قالغانلار ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىچە قاراۋاتاتتى.

— ياق قۇربان، بىزنىڭ باسقان ئىزلىرىمىزنى قۇم - بارخانلارمۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئەۋلادلىرىمىز بىزنى چوقۇم سۆيۈنۈش ئىچىدە ياد ئېتىدۇ. بىز ھامان يورۇق بىر تاڭنى كۆرۈپ، بەختكە ئېرىشىمىز، ئازادلىق ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ نامى تارىخ بېتىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدۇ. . .

پارتىزانلار ئېغىر غەملەرگە چۆكۈپ، تۈرلۈك خىياللارغا ئەسىر بولۇۋاتاتتى، ئائىلىسىنى سېغىناتتى، يۇرتىقا بېرىپ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سالغۇسى، بالىلىرىنى ئەركىلەتكۈسى، سۆيۈملۈك، ئاي يۈزلۈك يارىنى باغاش ئەتكۈسى كېلەتتى.

بارات پالۋان شامالخاننىڭ ناخشىسىنى بەكرەك سېغىنىدى - دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شامالخاننىڭ ناخشىسى ئۇرۇلغاندەك بولدى.

ئەتراپتا يەنىلا سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوتقا بىر يىگىت بىر باغلام قومۇشنى تاشلىدى. ئوت شۇ ھامان ئۇلغايدى. ئۇنىڭدىن تارىلىۋاتقان ھارارەت پارتىزانلارنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرتتى. بۇلارغا شەھەردىن يېتىپ كېلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. بارات پالۋان بۇنىڭدىن بىئارام بولۇپ، پارتىزانلارغا خىجىللىق ئىچىدە يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى.



قۇربان تۈگۈلۈپ يېتىپ چىمەنگۈل بەرگەن قولياغلىقنى يۈزىگە سۈرتتى، باغرىغا مەھكەم باستى، ھىجران ئوتى ئۇنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇردى. چىمەنگۈلنىڭ ئۆزىنى ئۇزاتقان ۋاقىتتىكى غەمكىن ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكىنى پارە - پارە قىلدى. ئارقىدىنلا قولياغلىقتىن تارالغان خۇشپۇراق ئۇنى سېغىنىش ئوتلىرىدا ئارامسىزلاندۇردى. ئۇ تاڭغا تەشنا ئىدى.

پارتىزانلار ئۇخلاش ئالدىدا: «ھەي تەڭرىم، بىزگە نىجاتلىق ئاتا قىلغايسەن، بىزگە بەخت تەتۈر قاراۋەرمىسۇن، ئېيە قادىر ئىگەم، تۆكۈلگەن قانلىرىمىزنى بىھۇدە قىلمىغايسەن. ئەۋلادلىرىم كەلگۈسىدە بويۇن قىسىپ قالمىسۇن. . .» دەپ ئاللاغا نالە قىلىشتى.

بۇ كېچە ئۇلار ئۈچۈن ئازابلىق بىر كېچە بولدى. ئۇلار ئېغىر - ئېغىر تىنىشاتتى. كېيىن يەنە بىردىنلا قەتئىي ئىرادىگە كېلىشەتتى.

كىممۇ تۈنۈگۈن بىللە بولغان چىن دوستلىرىدىن بۈگۈن ئايرىلسا، ئۇنى ئەسلەپ ياش تۆكمىسۇن؟! جۇدالىق ئىلكىدە پۇچۇلانمىسۇن؟

ئۇلار ئىسسىق جانلىرىدىن ۋاز كېچىپ، زادى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن قۇربان بولدى؟ ئۇلارنىڭ بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشىغۇسى يوقمىدى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ يۈزلىنەلەيدۇ؟

ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتتىكى قىممىتى ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۆز زېمىنىغا قار كەبى ياغقان مۇسىبەتكە باھار ئاپتىپىنى چاچالىغان، خەلقنى ۋەھشىيلەرچە ئەزگەن زۇلۇمخورلارغا ۋىجدان ئوتىدا تاۋلانغان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ قارالىغان ئەرك سۆيەرلەر دىلى ئويغاق خەلقنىڭ يۈرىكىدە داستان بولۇپ پۈتۈلىدۇ. چۈنكى، زۇلۇم،

ئېزىلىشكە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان خەلقنىڭ ھالاك
بولىدىغانلىقىنى ئۇلار چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۇلار داق يەردە ئانا
تۇپراق ھىدىنى پۇراپ يېتىپ، ھۆرلۈك ئۈچۈن بارلىقىدىن
كېچىۋاتىدۇ. . . بۇ ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي شائىرى
ساندور پېتوفىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى كىشىنىڭ يادىغا سالاتتى.

ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەتتۇر مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،
ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن مەن پەقەت.

## 4

بارات پالۋان داخىيەنزى ئۇرۇشىدىن كېيىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورنىدا تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلاپ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ سۆزلەپ كەتسە، تۇرۇپلا ئېتىنى بولۇشىغا قامچىلاپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قويۇندەك چېپىپ كېتەتتى ۋە ئاز ئۆتمەيلا يەنە پەيدا بولاتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم جان ئاچچىقىدا پارتىزانلارنى تەۋرىتىپ، داخىيەنزىنىڭ شەرقىي شىمال، غەربىي تەرەپلىرىدىن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، گومىنداڭچىلار بۇ ھۇجۇمدىن تەۋرەپمۇ قويماي، «قانچىلىك ھۇجۇم قىلىدىكەنسەن؟ قېنى مەن بىر كۆرەي. . .» دېگەندەك قىلىپ، پوتەي، ئاكوپلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ يېتىۋەردى. بۇ ئىش بارات پالۋاننىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، زەردە گۆش قىلدى. ياسىنجان، ئەمەت، جاپپارلارغا نەپرەتلەندى. ئىچىدە ئۇلارنى «مۇناپىق، قارا يۈز» دەپ مىڭنى تىللىدى. ئۇلارنى تىرىك تۇتۇۋالسا ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدى. غەزەپ - نەپرەت ۋە خورلۇق ئۇنىڭ روھىنى چىرماپ



ئېلىپ، ئۇنى ... كۈنى تۈن يېرىمدا بىر دوشمەن پوتىسىغە يامىشىپ چىقىپ پىلىموتلىرىنى قۇچاقلاپ غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىككى ئەسكەرنىڭ بېشىنى يېرىلغان تاۋۇزدەك قىلىۋېتىپ، قورال - ياراغلىرىنى ياندۇرۇپ چۈشتى. ئەتىسى قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلاردىن بۇنى ئۇققان پارتىزانلار بارات پالۋاننىڭ قاپ يۈرەكلىكىدىن تاڭ قېلىشتى ھەم ئۇنىڭ قاراملىقىنىڭ بېشىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. بىراق، ھېچكىم بارات پالۋانغا ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. بارات پالۋاننىڭ قارا تۇتەك بولۇپ تۇرۇلگەن چىرايى ئۇلارنى سۈكۈتكە مەجبۇرلاپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇربان ۋە ناسىراخۇنلار ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈردى. بارات پالۋانمۇ داخىيەنزىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۇرسىتىنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ئورۇندا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، دۈشمەننى ۋۇتەي تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن داخىيەنزىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تاقا مىخىدەك تۇردى.

بۈگۈن ئەمەت ئۇستام بىلەن نۇراخۇن ئۇستام داخىيەنزى دەرياسى بويىغا قازان ئېسىشقانىدى. بارات پالۋان قاراۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، تاماق يېيىشىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمەت ئۇستام ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان چىنىدە قورداق ۋە گىردە نان ئېلىپ كەلدى. بارات پالۋان ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يەپ بولۇپ، كىچىك بالىدەك قېيداپ دومسىيىپ ئولتۇردى. بىرنەچچە يىگىت ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟ بىر يېرىم ئېچىلىپ قاپتىما؟ — دېدى بارات پالۋان توڭلۇق بىلەن.

— ھېچنېمىگە كۈلمىدۇق، ھېلىقى تاشقا ئايلانغان نان بىلەن پەلەيگە كۈلۈۋاتىمىز. . . ئەجەبمۇ ھۈنىرى جىقكەن بۇ

ئوغرىلارنىڭ. . . — دېدى قۇربان ھەييارلىق قىلىپ.

— باراتنىڭ خوتۇنىمۇ چالمىغا ئايلىنىپ قالدىمۇ تېخى؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— كىم بىلىدۇ، — دېدى قۇربان بوينىنى ئالدىغىراق سوزۇپ، — چالمىنى بىرى تەرىتىگە ئىشلىتىۋاتامدۇ تېخى؟

كۈچلۈك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بارات پالۋانمۇ كۈلدى.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئۇ چالمىنى ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ تۇخۇمى قۇرۇپ كەتمەمدۇ؟

— نېمىدېگەن ئېتىقىسىز نېمىلەر. . . — دېدى بارات پالۋان كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ. ئۇنىڭ «ئالا كۈچۈك» لىرى بۇلارغا بولغان مېھرىنىڭ تەسىرىدىن نەلەرگىدۇر كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن پارتىزانلار بۆلەكچىلا جانلاندى.

— باراتكا، جىڭغا كىرەلمىگەندىكىن ئادەم ئېتىقىسىزلىشىپ كېتىدىكەن.

— كىم بىلىدۇ. گومىنداڭچىلار تۇز كاندا يېتىۋېرىپ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ يەرنى ئۆزلىرى ئازاد قىلامدۇ تېخى؟

— مەن غورۇرلاندىم دەپ سېپىمىزگە قېتىلىدۇ، دېگىنە.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ داخان بولۇپ چىقامدۇ؟

— باراتكامنى ۋەن سىلىڭ ئوقۇتۇپ كەتسە كۆرۈڭ.

— بارات خوتۇنغا ئامراق، ۋەن تەتەيگە ئوقۇتىدۇ جۇمۇ؟

— قۇرباننى لەن شىڭ ئىسرىقلامدۇ تېخى. . .

لەن شىڭنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ھەممىسىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى.

— باراتكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئۆلسەكمۇ كۈلۈپ ئۆلۈپ كېتەيلى. كۈلۈپ تۇرساق تارتىۋاتقان دەردلىرىنىمۇ، ئازابلىق خىياللىرىنىمۇ، ئاچچىق سېغىنىشلىرىنىمۇ ئادەم خېلى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. بولمىسا بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزىمىز؟ سىزمۇ سانى پۈچۈقتەك تولا قېيىدايدىغان ئادەم ئىكەنسىز،



ئېچىلىپ يۈرۈڭە، — دېدى قۇربان بېشىنى ئۇيان-بۇيان تولغاپ، — ئۇرۇش قاچانمۇ ئاخىرلىشىپ غەلىبە بىلەن قايتارمىز، ئەجەب سېغىندىم ئۇنى. . . باراتكا سىزمۇ خوتۇنىڭىزنى سېغىنغانسىز-ھە؟

— سېغىندۇق، ئامال قانچە. . . — دېدى بارات پالۋان بەدەنلىرى قىچىشىپ، — سەن نېمەڭنى سېغىنغانسەن؟

— توي قىلىدىغان ئادىمىمنى. . .

— تۇتۇۋالغان بىر نېمەڭ باركەن-دە؟

— باغلىۋالغان دەڭە. . . غەلىبە بىلەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن. . . — دېدى قۇربان قوللىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ.

— يامان نېمە بۇ؟ — دېدى تۇردىئاخۇن — ئەنسارىنىڭ قىزىنى سالما تاشلاپلا تۇتۇۋالدى ئەمەسمۇ؟

— سالمىسى يەتمەپتىكەن ئايسخان تامبىلىنىڭ بېغىنى ئۇلاپ بېرىپتۇ.

— شۇڭا ئايسخاننىڭ ئىشتىنى توختىمايدىغان بولۇپ قاپتىكەن-دە.

قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاقچاق ھەممەيلەننىڭ بىر يەرلىرىنى غىدىقلىۋەتتى-دە، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. بارات پالۋان شەھەرگە قاراپ چاپقۇدەك بولدى. . .

نەمخۇش شامال ئۇلارنىڭ رەڭسىز يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتەتتى. تۇندە چاقنىغان يۇلتۇزلار بۇلارنىڭ چاقچىقىغا جور بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، ئاسمانغا ئېسىپ قويغان ئالتۇن تاۋاقتەك ئاجىز نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. زېمىن قاراڭغۇلۇق قوينىدا غېرىبسىنىپ، بۇلارنىڭ پارىڭىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ كېچە بەكمۇ لىرىكىلىق بىر كېچە بولغانىدى.

بارات پالۋان ئەتىسى شىمال تەرەپنى چارلاش ئۈچۈن پارتىزانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. بىر قارا ئايروپىلان قارا ھەرىدەك غوڭۇلداپ كەلدى. پارتىزانلار شۇ ھامان ئورمانلىق ئىچىگە تاراپ كېتىشتى. ئۇلار جەم بولۇپ ماڭغاندا، ئايروپىلان يەنە پەيدا بولۇپ، بۇلارغا ئوق ياغدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن بارات پالۋاننىڭ ئىچى سىقىلىپ:

— ئاۋۇ قارا قوڭغۇز بىزگە ئارام بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، يوقىتىۋەتسەك بولاتتى... يامان چىشىمغا تەگدى... — دېدى رەللە بولۇپ.

— بىز قوشئەمچەكتە بۇ نەرسىنى ئېتىپ باققان، شۇنداقمۇ تۇردىئاخۇن؟

— شۇنداق، ئايروپىلاندىكىلەر مەرگەنلىكىمىزگە ھەۋەسلىنىپ باش لىڭشىتىپمۇ قويغان.

— سىلەرنىڭ ئۇ ئايروپىلاننى ئاتقان جاي بىلەن ئايروپىلاننىڭ ئارىلىقى يېقىن، بۇ يەر قانداق بولاركىن؟ — دېدى ياسىن دوختۇر.

— قېنى سىناپ كۆرەيلى، ئاتالمىساق بىرى بىزنى ئاتامتى؟ — دېدى بارات پالۋان ئاتنى قارىياغاچقا باغلىغلى مېڭىۋېتىپ.

ئون مەرگەن ئۈستىدىن ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتىدىغان بىر دۆڭنىڭ يېنىدا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. قالغان پارتىزانلار ئايروپىلان كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدى. ئايروپىلان قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ پەس ئۇچۇپ كەلدى. ئون مەرگەن دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر تىزىنى يەرگە تىرەپ، يەنە بىر تىزىغا قورال تۇتقان سول قولىنىڭ جەينىكىنى قويدى-دە، پۈتكۈل دىققىتىنى ئايروپىلانغا مەركەزلەشتۈردى. ئايروپىلاندىكىلەر ئوق ئۈزۈشكە قول سوزغاندا، ئايروپىلان قارىغا ئېلىنىپ بولدى.

— ئات! — ۋارقىرىدى بارات پالۋان.



تاراسلاپ ئېتىلغان ئوقلاردىن ئايروپىلان قۇيرۇقى قارا ئۈتەك چىقىرىپ ۋۇتەي تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى.

پارتىزانلار خۇشال بولۇشۇپ مىلتىقلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ قىيا-چىيا قىلىشتى.

— خۇدا ياخشىلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، — دېدى ئابلىز قارى.

— ئايروپىلان ھەيدىگەن گۇينى كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. قانداقراق نېمىكىن ئۇ؟ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي دېگەنتىم.

— نېمە دەيتتىڭ؟

— ئايروپىلاننى ھەيدىسەڭ، چىغىر يولدا ھەيدىمەي، تاشيولدا ھەيدىمەمسەن، دەيتتىم.

— يامان چىشىمغا تەگكەنتى — دېدى قۇربان بارات پالۋاننى دوراپ.

ئۇنىڭ گېپىدىن بارات پالۋان ئۆزىنى باسالماي قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

كەچ، داخىيەنزى دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسكەن قومۇشلار ئارىسىدىن ئايلىنىپ چىقىۋاتقان ئۇرغۇن ماشىنىلارنىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈندى...

بارات پالۋان ئاچچىق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ۋەيران قىلىنىپ خارابلاشقان، ئائىلىلىكلىرىمۇ تۈزۈك قالمىغان داخىيەنزى بازىرىغا كىرىپ، ياسىنجان بىلەن ئەمەتنىڭ ۋە ئۆزلىرىنى ئۆلۈم غارىغا چىللىغان، ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ جېنىغا زامان بولغان مۇناپىق جاپپارنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋەردار بولدى ۋە ۋۇجۇدىنى مۇھەببەت-نەپرەت ئارىلاشقان ھېسسىيات قامال قىلىپ بوغۇلۇپ ئېغىر تىنىدى. ئۇ مۇسىبەت قاپلىغان داخىيەنزىدە يەنە قۇربان بولغان پارتىزانلارنى گومىنداڭچىلارنىڭ پارچىلاپ توغرىۋەتكەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ

ئاچچىق يۇتتى. مۇھەممەت گاڭگۇڭنىڭ تەنسىز بېشىدىكى ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدىن يورۇق تاڭغا بولغان ئارمان، دۇشمەنگە ئېتىلىۋاتقاندىكى مەردانە روھ، چوڭقۇر ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەت چىقىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى شەھەردىن: «بارات پالۋان تېز كەلسۇن، ئىلىدىن ئادەم كەلدى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بارات پالۋان شۇ زامان تەييارلىنىپ، ئىككى ياردەمچىسى بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ناسىراخۇنغا كۆپ نەرسىلەرنى تاپىلىدى.



## ئون بەشىنچى باب
# ھايات سىنىقى

*ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، يوق، ئەسلا!*
*ئىزسىز يوقىلىشتىن قورقىمەن.*
*— م. يۇ. لېرمونتوف*

ياسىنجان بىلەن ئەمەت بۇلاق بېشى بىلەن مېڭىپ، پەتەك لاۋ خانىڭ بېغىدىن ئۆتۈشكە دۇشمەنلەر ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۇلار يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولالماي تېرىكىپ، داخىيەنزىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى.

— نەگە بارىدىكىن بۇ سولتەكلەر، باغلاڭلار، قېچىپ كەتمىسۇن! — دېدى باشلىق سۇپەت بىرى بۇلارنى مەنستىمىگەندەك سوغۇق كۈلۈپ.

ياسىنجان بىلەن ئەمەت نېمە قىلىشنى بىلمەي، بىر - بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. دۇشمەن ئەسكەرلىرى قورال تەڭلىگىنىچە بۇلارغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

— تىرىك تۇتۇڭلار!

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئەمەت قورقۇنچ ئارىلاش.

— ئېلىشايلى، بۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالمايلى.

— بۇلاردا قورال تۇرسا، كۈچىمىز يېتەرمۇ؟

— ئامال يوق. ئۆلسەكمۇ ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆلەيلى. ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالساق ھېچ نەرسىنى

دېمەيلى. . .

— بولىدۇ، سۆزۈڭ توغرا. . .

دۈشمەنلەر يېقىنلاپ كەلدى. ياسىنجان چەبدەسلىك بىلەن بىر ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، مەيدىسىگە بىرنى تېپىپ دومىلىتىۋەتتى. ئەمەتمۇ شۇ خىل ئۇسۇلدا بىر ئەسكەرنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

— ئۇلارنى قورشاپ تۇتۇڭلار! — دېدى ھېلىقى باشلىق سۇپەت ئەسكەر قاتتىق ۋارقىراپ.

ياسىنجان بىلەن ئەمەتكە بەشتىن ئەسكەر مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ئۇلار تىپىرلايتتى. سىلكىنەتتى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى باغلىۋالدى.

— ئەمەت ھېچ نەرسىنى دېمەيلى، بولمىسا پارتىزانلىرىمىزنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ. غەلىبە قىلىشىمىز قىيىنلىشىدۇ!

ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئىتتىرىپ، دۈشكەلەپ ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، قارامتۇل چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ساقچى باشلىقى ئۇلارنى كۆرۈپ، بىر خىل مەمنۇنلۇقتىن بېشىنى لىڭشىتىپ يېقىمسىز ھىجايدى.

— تەرجىمان تېپىپ كەلدىڭلارمۇ؟

— ھە، مانا. . . — دېدى بىر ساقچى. سىم بۇرۇت، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئورۇق بىرى قول باغلاپ، ساقچى باشلىقىغا قاراپ تۇراتتى.

— ياخشى، ياخشى، سۆزلىرىمىزنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ تۇر - ھە. . . — دېدى ساقچى باشلىقى. ئاندىن ئەمەت بىلەن ياسىنجان تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەن؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىش ئۈچۈنمۇ؟

— نەگە بېرىشىمىز، نەدە تۇرۇشىمىز بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ — دېدى ياسىنجان ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ.

— سۆزلىرىڭ توغرا ئەمەس. نەگە بارسەن، نەدە تۇرىسەن، بۇنى بىز باشقۇرىمىز. بىزگە ماسلاشمىساڭ زىيان تارتىسەن شۇ، — ئاندىن ئۇ ساقچىلارغا بۇيرۇق قىلدى، — بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ تامغا ئېسىڭلار!

— ماڭ ئوغرى، ماڭ!

سوراق ياسىنجاندىن باشلاندى. سىم بۇرۇت تەرجىمىگە كىرىشتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ياسىنجان.

— سەن كىمنىڭ ئادىمى؟

— مەن مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمى.

— سېنىڭ مۇشۇ زېمىننىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. . . سەن زېمىنلا دەيدىكەنسەنغۇ؟ ئەمدى زېمىنىڭ يوق.

— زېمىنىمىزنى زۇلۇم قاپلىسا، زېمىن دېمەي، نېمە دەيمەن؟ بۇ زېمىن يوقالمايدۇ.

— سەن قالايمىقان سۆزلىمەي، مەسىلەڭنى چىرايلىقچە تاپشۇرساڭ، ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز، ئۆزىمىزگە قېتىۋېلىپ، يۇقىرى مەنسەپ بېرىمىز ياكى ئائىلەڭگە قايتۇرۇپ كۆپ پۇل بېرىمىز. ئېيتە، سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ - ئەمەسمۇ؟

— باشقىلارغا زۇلۇم سالغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئورنى ئىسسىمايدۇ. شۇڭا، سەنلەر ھەممە يەردە دەشنام يەۋاتىسەن.

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . مۇنداق - دە، قىزىق سۆزلەيدىكەنسەن - ھە! قانچە ئادىمىڭلار بار؟

— مىڭ.

— قانچىلىك قورال بار؟

— ھەربىر ئادەمدە بىردىن قورال بار. مىلتىق

ئاپتومات، پىلىموت بار.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، راستىڭنى ئېيت، بولمىسا قىينىلىپ ئۆلىسەن! — ئۇنىڭ ياپما قاپىقى ئاستىدىكى قىيسىق كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ، چىرايى كۆكىرىپ، مۇدھىش تۈس ئالدى.

— راستىڭنى ئېيت! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئۇستەلنى مۇشتلاپ.

— راست دەۋاتىمەن.

— بۇنى چۇشۇرۇپ يالىڭاچلاڭلار، ئاندىن ئېسىپ جېنىدىن ئۆتكۈدەك ئۇرۇڭلار.

ياسىنجاننى يالىڭاچلاپ قايتىدىن ئاستى.

— مېنى مۇشۇنداق قىلىشىڭلارنىڭ ئۆزى سىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىڭلار. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك...

— ئۇرۇڭلار!

— ئۇرساڭ ئۇر، ئەبلەخ، قورقۇپ قالمايمەن!

سىم قامچا بىلەن تاسما ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە دەھشەتلىك تېگىشكە باشلىدى. قامچا ۋە تاسما تەگكەن يەر تىلىنىپ قان تەپچىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ قانغا بويالدى. ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇماتتى. ئاخىر ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىۋەتتى...

— توختاڭلار، بۇنى قويۇپ، ئاۋۇنىڭ يېنىغا كىرەيلى، — ئۇنىڭ ياسىنجاندىن بىرەر جاۋاب ئېلىشىغا كۆزى يەتمەي، سوراقنى توختىتىپ قويدى.

ئۇلار يەنە بىر ئۆيگە چىقىشتى. ئەمەتنىڭ قولىنى كېرىپ، تامغا ئېسىپ قويۇشقانىدى.

— ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماڭا بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ بەر.

— بولىدۇ جانابلىرى، — دېدى سىم بۇرۇت. ساقچى باشلىقى ئەمەتكە يۈزلەندى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئەمەت.

— سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمىمۇ، يوق؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟

— مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس، ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن! — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل ۋەسۋەسە چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ساقچى باشلىقى سېزىپ قالدى.

— ھەممىنى ئېيتساڭ ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز، كۆپ ئىنئام بېرىمىز، ئۆزىمىزگە قېتىۋالىمىز ياكى ئائىلەڭگە قايتىپ كېتىسەن. ئاۋۇ دوستۇڭ ھەممىنى ئېيتتى، سىلەر پارتىزانلارنىڭ ئادىمى ئىكەنسىلەر، ئادىمىڭلار، قورال - يارىغىڭلار ئانچە كۆپ ئەمەسكەن... بىز سەن بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز. ئېيت، قانچىلىك ئادىمىڭلار، قوراللىڭلار بار، سورىمىساقمۇ سەن پارتىزانلارنىڭ ئادىمى، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇ دوستۇڭ ھەممىنى دېدى.

ئەمەت چاقماق تېزلىكىدە ئويلىنىپ، ياسىنجاننىڭ سىرنى دېمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.

— ئۇ ھەممىنى دېگەن بولسا، مەندىن نېمە دەپ سورايسىلەر؟ مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس، ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن.

— جاھىللىق قىلما، ياش جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەن سېنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايمەن، ياۋاشلىق بىلەن سوئالىمغا جاۋاب بەر. سېنى ئۆز ئەركىنلىكىڭگە قويۇپ بېرىمىز، بىزگە قېتىلساڭمۇ مەيلى.

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، راست.

— سەنمۇ مۇغەمبەرلىك قىلما، ئۇلارنىڭ قانچە ئادىمى، قانچىلىك قورالى بار؟ — «سەنمۇ» دېگەن سۆزدىن ئەمەت ياسىنجاننىڭ ھېچنېمىنى ئېيتمىغانلىقىنى پەملىدى.

— مەن نېرىدىن كۆرگەن، ئۇلار مىڭدىن ئارتۇقتەك تۇرىدۇ، ھەربىرىدە بىردىن قورال.

— سەن ئاۋۇنىڭ بىلەن نەدە تېپىشتىڭ؟

— مەن جىڭغا كېتىۋاتسام بىرى چاقىردى. ئۇ ماڭا «داخىيەنزىنى ياخشى بىلەمسەن؟» دېدى. «ھەئە» دېدىم. ئۇ: «ساڭا پۇل، ئات بېرەي، مېنى داخىيەنزىگە باشلاپ كىر» دېدى. پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا «ماقۇل» دېدىم.

— بىز ئۇنىڭدىن كۆپ پۇل بېرىمىز، ھەممىنى ئېيت.

— بىلىدىغانلىرىم تۈگىدى.

— يالغان گەپ! ئۇنى يالىڭاچلاپ ئۇرۇڭلار! — ساقچى باشلىقىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، تاماكا تۇتاشتۇردى.

ساقچىلار ئەمەتنى يالىڭاچلىدى - دە، قايتىدىن تامغا ئېسىپ، سىم قامچا، تاسمىلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمەت ئاچچىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرايتتى، بەدىنىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى.

— ئېيت، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟

— مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس، بىلسەم ھەممىنى ئېيتاتتىم! — دېدى ئەمەت ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — مەن بىر يولۇچى...

— يالغان!

— راست دەۋاتىمەن، ساقچى باشلىقى...

ساقچى باشلىقى ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ ئويغا چۆكتى: «بۇ راست يولۇچىمىدۇ، ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئۇنىڭغا قارىغاندا سەل قورقۇنچاقتەك كۆرۈنىدۇ، ئاۋۇال ئاۋۇنى قىيناپ، بۇنىڭغا ھەيۋە قىلىش كېرەك. شۇ چاغدا بۇنىڭ دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي، ئۇمۇ دەۋېتىشى مۇمكىن». ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ:

— بۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، يورۇڭلار ئاۋۇنىڭ يېنىغا چىقايلى، — دېدى تاشقىرىقى ئۆيگە بۇرۇلۇپ.

باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىشتى.

ياسىنجان بېشىنى تىك تۇتۇپ، ساقچى باشلىقىغا ئالايدى. ئۇنىڭ ئالىيىشىدىن ساقچى باشلىقىنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— مايىنى قىزىتىڭلار! — ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن ياسىنجانغا قاراپ:

— ياۋاشلىق بىلەن ئېيت، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟ — دېدى.

— مىڭ.

— قانچىلىك قورال بار؟

— ھەر بىر ئادەمدە بىردىن.

— ئادىمىڭلار قەيەردە؟

— سىلەرنى ھازىر قورشاپ بولدى.

ساقچى باشلىقى تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ بۇرۇلدى.

— قولىنى كېسىڭلار!

تۆت ساقچى ئۇنى بوشىتىپ چۈشۈردى. ياسىنجان ئالدىغا دەلدەڭشىپ كېتىپ، يەنە قەددىنى رۇسلىۋالدى. ئۈچ ساقچى ئۇنىڭ شىلىلىسىدىن بېسىپ تۇردى، بىر ساقچى ئۇنىڭ قولىنى كۆتەك ئۈستىگە ئالدى.

— چاناڭلار!

ساقچى باشلىقىنىڭ يېنىدا چەيدو تۇتۇپ تۇرغان ساقچى كېلىپ، ئۇنىڭ تۆت بارمىقىنى بىراقلا چانىۋەتتى. ياسىنجان ئاچچىق ۋارقىرىۋەتتى. سىلكىنىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئېغىر تىنىدى.

— ئېيت، قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟
— مىڭ.
— چاناڭلار!

ھېلىقى ساقچى ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىنلا چانشۇەتتى. قانلار ئېتىلىپ چىقىپ، جاللاتلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە چاچرىدى.

— چاناش! قانخور جاللاتلار، ئاناڭنى! بىز يىلتىز تارتقان ئۆز زېمىنىمىزدا ياشايمىز! خەلقىمىز ئەمدى قەد كۆتۈرىدۇ! — ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بەدەن، قوللىرىدىن قان ئاقاتتى.

— سول قولىنى چاناڭلار!

جاللاتلار دەرھال ئۇنىڭ سول قولىنى تارتىپ ئەكېلىپ چاناشتى. ياسىنجان ئاچچىق سىلكىنىپ كەتتى.

— ئېيت، ھەممىنى ئېيت!
— ئاناڭنى ئېيتامدىمەن، ۋەھشىي قانخورلار! ھۇ ئاناڭنى...
— چانا! ئۇنى چانا...

ھېلىقى قانخور جاللات ياسىنجاننىڭ بەدىنىنىڭ بىرقانچە يېرىگە زەردە بىلەن چەيدۇ ئۇردى.

«نېمىدېگەن جېنى چىڭ، جاھىل نېمە بۇ؟ بۇنداق ئادەملەر ئاز كۆرۈلىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى ساقچى باشلىقى «قېنى يەنە ئىقرار قىلمىغىنىنى كۆرەي».

تۈن يېرىملاشقان بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. قازاندىكى ماي بۇلدۇقلاپ قايناشقا باشلىدى. ساقچى باشلىقى قازاندىكى مايغا قاراپ قويۇپ:

— ماي چېچىڭلار! — دېدى ئەنسىز ۋارقىراپ.

ئىككى ساقچى چۆمۈچ بىلەن ياسىنجانغا ماي چاچقانىدى، ياسىنجاننىڭ بەدەنلىرى ۋاژىلداپ كەتتى. ياسىنجانمۇ



ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— ھېلىقى چەنتۈنى ئېلىپ چىقىڭلار، ماۋۇنى كۆرسۇن.

تۆت ساقچى ئەمەتنى سۆرەپ چىقىشتى. ئەمەت ياسىنجاننى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى - دە، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلەپ كەتتى.

— ئە... مەت... ئېيتما... سات... قىن... لىق... قىلمايلى... — دېدى ياسىنجان ھالسىزلىنىپ.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — ساقچى باشلىقى دەرھال سىم بۇرۇتقا قارىدى.

— ئەمەت ئېيتما، بىز ساتقىنلىق قىلمايلى دەيدۇ، — دېدى بۇنىڭدىن قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان سىم بۇرۇت.

— ئېيت! — دېدى ساقچى باشلىقى ياسىنجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ئاناڭنى...

— سوراق مۇشۇنچىلىك بولسۇن، ئۇنى چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىڭلار!

ياسىنجان پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ۋارقىرىدى:

— ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلايلى!

سىم بۇرۇت ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— ئۇ ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەن! — دېدى ساقچى باشلىقى ساقچىلارغا قاراپ، — ئاشۇنداق ئادەملىرىمىز بولغان بولسا، بىز بۇ زېمىندا مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولاتتۇق، ئەپسۇس...

ئىككى جاللات يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى ياسىنجانغا ئۇرۇشتى. قىپقىزىل قانلار ئانا تۇپراققا سىڭمەكتە ئىدى. ياسىنجاننىڭ بۈيۈك روھى ئۇنىڭ تېنىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى... بۇ كېچە شەپقەتسىز قاتىللارغا

نەپرەتلەنگەندەك تۇرۇلۇپ تۇراتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا دۈشمەننىڭ تەن فامىلىلىك قوماندانىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىر ساقچى ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ساقچى باشلىقىغا خەۋەر قىلدى. ساقچى باشلىقى ئالمان - تالمان ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

تەن قوماندان ساقچى باشلىقىغا جىددىي قاراپ:

— ئوغرىلار باستۇرۇپ كىرىۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟ ئۇلارنىڭ يېنىغا سىڭىۋېلىپ ئەۋەتكەن جاپپار دېگەن نېمىدىن تېخىچە خەۋەر يوق. كېلىدىغان ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى قورقۇنچىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى ساقچى باشلىقى قورقۇنچ ئىچىدە.

ئۇلار ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ۋاقتىنچە ئەمەتنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! — پارتىزانلارنىڭ دەھشەتلىك سۈر پەيدا قىلىپ ياڭراۋاتقان سادالىرى يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەتتى.

— ئۇلارنىڭ ئادىمى راست كۆپ ئوخشايدۇ سىلىڭ، قانداق قىلىمىز؟ ئۇلار تولۇق قوراللانغان ئوخشايدۇ. بولمىسا...

— ئالدىرىما... جاپپار چوقۇم كېلىدۇ. بۇ خەق ئاسان تۇزاققا چۈشىدىغان خەق، — تەن سىلىڭ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى، — جاپپار ھەرگىزمۇ ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. مال - دۇنيا كىمنىڭ كۆزىنى قىزارتمىسۇن؟

— تەن سىلىڭ، ئاۋۇ يەردە بىرى بار، سوراق قىلىپ كۆرەيلى، يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق.

— نېمە ئادەملەركەن؟

— پارتىزانلارنىڭ ئادىمى، بۇ يەرگە ئەھۋال ئىگىلەشكە



كەپتىكەن تۇتۇۋالغان.

— بۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. بۇرۇنراق دېمەي...

— ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلايلى دەپ شۇ...

تۇن كېچە. ئۇلار بەكمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. بىرلىرى تېلېفوننى توختىماي تولغىسا، بىرلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي قېيىپ يۈرەتتى.

ئۇلار ئەمەتنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بايىقى ئادىمىڭنى كۆرگەنسەن، ئېيتمىساڭ، سەنمۇ شۇنداق بولىسەن؟

— ئېيت، قانچىلىك ئادەملەر، ؟ قانچىلىك قوراللار بار؟... ساقچى باشلىقى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— بىلمەيمەن.

— بۇنى چاناڭلار! ماي تۆكۈڭلار، ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار!

بىر ساقچى چەيدونى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئىككى ساقچى قايناۋاتقان ماينى چۆمۈچكە ئالدى.

— مەن ئېيتاي، بىرلا تەلىپىم بار: مېنى قويۇپ بەرسەڭلار! — دېدى ئەمەت كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە مۆلدۈرلىتىپ.

— بولىدۇ. سېنى قويۇپ بېرەيلى، ئادەملىرىمىز سېنى يېرىم يولغىچە ئاپىرىپ قويىدۇ، قېنى ئېيت.

— يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىمىز، ئوتتۇزدىن ئارتۇق قورالىمىز بار...

— ھەي، يەنە بىر دوستۇڭدەك باتۇر ئەمەسكەنسەن، — ساقچى باشلىقى شۇنداق دەپ يان قورالىنى ئالدى.

— مېنى قويۇۋېتىمەن دېگەنغۇ... مەن ئۇلارنىڭ ئادىمى

ئەمەس...

كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوقتا ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. ساقچى باشلىقى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. سىم بۇرۇت ئۇنىڭغا ھەجىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— ھۇجۇم قىلايلى! — ساقچى باشلىقى ئۆينى تىترەتكۈدەك ئاۋازى بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى. تەن سىلىڭنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىشتى.

بىر ئوفىتسېر جاپپارنى باشلاپ بۇلار يېنىغا كەلدى. جاپپارنىڭ كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ، پۇت - قوللىرى لىغشىپ تۇراتتى.

— تەن سىلىڭ، مەن ئۇلارنى باشلاپ كەلدىم. قوتانغا قوي كىرىۋاتىدۇ... — جاپپار ئەھۋالنى زوق - شوخ بىلەن بىر قۇر دوكلات قىلدى. ئۇ خەنزۇچىنى ھەر ھالدا ياخشى سۆزلەيتتى.

— بىزنى نېمىشقا بۇرۇنراق خەۋەرلەندۈرمىدىڭ، ئادەمنى ئالاقزادە قىلىپ، دۆت چوشقا، مۇشۇنداق گالۋاڭلىقىڭلاردىن ئۆزۈڭگە ئىگە بولالماي يۈرۈيسەن. بۇ يا كىچىك ئىش بولمىسا... — تەن سىلىڭ ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قارىدى، بۇنىڭدىن جاپپارنىڭ چېكىلىرىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندىن كېيىن، خەن ئوفىتسېرغا خەۋەر قىلدىم... ئىش ئەپلەشمەي قالسا، سىزنى خاپا بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ... ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭراق خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپات...

— نەپ دېسە ئاناڭنى سېتىۋېتىدىغان ئوخشايسەن، مانا مۇكاپات دېگەن... — تەن سىلىڭ يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، جاپپارنىڭ كۈچۈكلىنىپ باش قويۇشلىرىغا قارىماي ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى.

— جاپپار بىزگە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنىدى، ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئەسكەرلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرىمىز، دەپ سىزگە خەۋەر قىلالمىغان. ئۇنى ئاتمىسىڭىز بولاتتى، — دېدى خەن ئوفىتسېر بېشىنى يەردىن ئۈزەلمەي.

— ئۆز ئادەملىرىگە ساتقىنلىق قىلغانلارنى مەن ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيمەن، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، ھۇجۇم باشلاڭلار، ئۇلار قاپ ئىچىگە كىرىپ بولدى!

— خوپ سىلىڭ، مەن ھەممىنى تەق قىلىپ قويغان، — دېدى خەن ئوفىتسېر قەددىنى تىكلەپ.

## ئون ئالتىنچى باب

# غەشلىك ۋە غېرىبلىق

*دىلىڭ كۆيمىسۇن نا ئۈمىدلىك بىلەن،*
*يورۇق كۈن تۇغۇلغاي قارا كېچىدىن.*

*— سەئىد شىرازى*

1

قومۇش بۇلاقنىڭ ئەتراپى قومۇشلۇق ھەم ساسلىق ئىدى. داخىيەنزىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان بارات پالۋان پارتىزانلىرى قومۇش بۇلاقتا يېتىۋېرىشتىن ئىچى سىقىلىپ غودۇرىغىلى تۇردى.

— ھۇنجىخوغا ھۇجۇم قىلساق بولمامدۇ. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. بۇ يەردە پاشىغا يەم بولۇپ يېتىۋېرەمدۇق؟

— دۈشمەنلەر قېچىۋاتقان مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەردە چاشقان تام تۆشۈكىدە ياتقاندەك يېتىپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قۇربان بولغانلار قىساسىنى قاچان ئالىمىز؟

— بارات پالۋاننىڭ يۈرىكى داخىيەنزى ئۇرۇشىدا مۇجىلىپ كەتتىمۇ يا؟

— يۇرتداشلار يولىمىزغا قاراپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىمىساق بولمايدۇ - دە، مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟

— بىز ئۇرۇش قىلغىلى چىققان ئادەملەر تۇرساق.

بۇ گەپ - سۆزلەر بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ



بارغاندا، ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئەسلىدە پارتىزانلارنى ئاياپ ھەم قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارامlıق قىلماي، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ سۈكۈتتە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن، داخىيەنزى ئۇرۇشى كۆڭلىگە يايغان قارا بۇلۇتلار تارالغاندەك بولۇپ، بۆلەكچىلا روھلىنىپ قالغانىدى. تۇردىئاخۇن چاقچاق قىلىپ، «خوتۇننىڭ كۈچى دېگەن. . .» دەپ قوياتتى.

بارات پالۋاننىڭ تاپىنى قىزىدى. ئۇ بۇ يەردە يېتىۋېرىپ، پارتىزانلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى ئويلىدى.

— ياسىن، — دېدى بارات پالۋان قەتئىيلىك بىلەن، — سەن ھۇنجىخوغا ئىككى ئادەمنى باشلاپ بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ كەل. ئۆزۈڭلارغا پەخەس بولۇڭلار.

— بولىدۇ، غەم قىلما، — ياسىن دوختۇر شۇنداق دەپلا ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ، بۇ يەردىن تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھۇنجىخوغا قاراپ ئات سالدى.

ئۇلار ھۇنجىخوغا ئاز قالغاندا ئاتلىرىنى جىگدىگە باغلاپ قويۇپ، ئۈستىگە ئوت - چۆپلەر بېسىلغان يوغان بىر ئاتخانىغا يېقىنلاپ باردى - دە، ئىچىدىن ئىلىغلىق دەرۋازىنى ھەر ئاماللارنى قىلىپمۇ ئاچالمىدى. قورۇ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.

— مەن دەرۋازا رىشاتكىسىدىن قاراپ باقاي، ئادەم يوق بولسا بۇزۇپ كىرەمىز، — دېدى ئىمىر دېگەن يىگىت. ئاندىن دەرۋازىغا ياماشتى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان بىر پاي ئوق ئىمىرنى كەينىگە تىك چۈشۈرۈۋەتتى.

ياسىن دوختۇر بىلەن يەنە بىر يىگىت بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى ۋە سەلدىن كېيىن ئىمىرنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە ئاتلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىشتى.

— مەن بولالمىدىم، — دېدى ئىمىر كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، — مەن ساقىيالمايمەن، مەندىن رازى بولۇڭلار...

— ئىمىر ئۇنداق دېمە، سەن ساقىيىسەن...

ئۇلار ئىمىرنى ئاتقا ئارتىپ ئۈچ، تۆتيۈز مېتىر ماڭغاندىن كېيىن، ئىمىر ھالسىزلىنىپ جان ئۈزدى.

بارات پالۋان بۇنى كۆرۈپ، پارتىزانلارنى دەرھال ھەرىكەتلەندۈردى - دە، ئاتلىرىنى بوراندەك چاپتۇرۇپ ھېلىقى قورۇغا بېسىپلا كىردى. ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ قېرى بىر ئەسكىرىدىن باشقا ھېچ كىشى كۆرۈنمەيتتى.

بىرنەچچە يىگىت ئاتلىرىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ، قېرى ئەسكەرنى باغلىماقچى بولۇشتى.

— بولدى، ئۇنى باغلىماڭلار، ئۇنىڭ ماڭغۇدەكمۇ ھالى يوق ئېمىسكەن... — دېدى بارات پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ قېرى ئەسكەرنىڭ يېنىغا باردى.

— بىزنىڭ ئادىمىمىزنى ئاتقان ئەسكەرلەر قېنى؟ — بارات پالۋان خەنزۇ تىلىنى ھەرھالدا بىلەتتى.

— بىز ئەسلىي ئۈچ ئىدۇق، سىلەرنىڭ ئادەمنى ئاتقان ئەسكەر بىلەن يەنە بىرى بىزنىڭ ئادەملەرگە خەۋەر قىلغىلى كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغان.

— بۇ يەردە قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟

— ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرىمىز بار. داخىيەنزىدىن قاچقانلار بۇ يەرگە كەپتىكەن، بىزنىڭ باشلىق ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار باجاخوغا كىرىپ كەتتى.

— نېمىشقا قوبۇل قىلمىدى؟

— ئۇلارنى باشلىقىمىز: «ئابرۇيىمىزنى قىلمىدىڭلار...» دەپ... بولمىسا بىزنىڭ باشلىقىمىزنىڭمۇ باجاخوغا قېچىش خىيالى بار ئىدى. بۇ قورۇدا مىللىي ئارمىيە ئاتلىق كەلسە، بىزمۇ ئاتلىق ھۇجۇم قىلىمىز دەپ ئات بېقىۋاتىمىز.



ئاتلار قېنى؟

— ئەسكەرلەر مىنىپ كەتكەن.

— خەۋەر قىلغىلى كەتكەن ئەسكىرىڭلار قانچىلىك ئادەم باشلاپ كېلەر، ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟

— بىر بولسا ئىككى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ، بىر بولسا ئۇلار بۇ يەردىن چېكىنىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، بىزنىڭ ئادەملەر سىلەرنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم يەيدىغان ياۋايىلار كەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى بار ئىكەن، ئۇلار ئۆلۈم دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن، بىزگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچكەن، تۇتۇۋالسىمۇ تىرىك قويمايدىكەن، دەپ ئاڭلىغان... — شۇ تاپتا بۇ قېرى ئەسكەر پارتىزانلارنىڭ ئۆسكىلەك چاچ - ساقاللىرىغا، تۈكلىرى ئۆرۈلۈپ تۇرغان كۇرە جۇۋا ۋە سالۋا قۇلاقچىلىرىغا، بۇركۇتنىڭكىگە ئوخشاش ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قاراپ ئىشتانغا قويۇۋەتكىلى ئاز قېلىۋاتاتتى. بارات پالۋاننىڭ يۆگىشىپ قۇلىقىغا يەتكىلى ئاز قالغان بۇرۇتى ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ: «ئاۋۋالقىسىنى دەيمۇ، كېيىنكىسىنىمۇ» دېگەندەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— باراتكا، — دېدى قاسىم جودا دېۋەيلەپ كېلىپ، — ئۇنىڭدىن سورايدىغاننى سوراپ بولغان بولسىڭىز، قۇربان بولغانلارنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، چايان ھامان چاقىدۇ.

قېرى ئەسكەر ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقمىغان بولسىمۇ، قاسىم جودانىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەينىگە داجىماقچى بولۇپ، ئوڭدىسىغا چۈشتى.

— ياق، ئۇنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ باغلاپ قويۇڭلار، بۇ قولنى قان قىلىشقا ئەرزىمەيدىكەن، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرەرمىز. سىلەر دۈشمەن ئۇۋىسىغا ئاتلىنىشقا تەييارلىنىڭلار.

پارتىزانلار دەھشەتلىك «ھۆررا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ، دۈشمەن تۇرالغۇسىغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەنلەر يۈك - تاقلىرىنى ئاتلىرىغا ئارتىشىپ، بۇ يەردىن ئەمدىلا قوزغىلىپ كېتىشكەنىدى. پارتىزانلار دۈشمەن ئارقىسىدىن ئىككى كىلومېتىر قوغلاپ، ئۇلارغا يېتىشەلمەي قايتىپ كېلىشتى ۋە بارات پالۋاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە يەرنى تىنتىپ ئوزۇق - تۈلۈك ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار بەختكە يارىشا قۇرۇق قول قالمىدى.

پارتىزانلارنىڭ ھونجىخودا تۇرغانىسىرى دىمى سىقىلىپ، جەڭگاھقا ئۆزلىرىنى ئېتىشقا ئالدىرىدى. ئۇلار بۇ يەردىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باجياخوغا تۇرۇپ - تۇرۇپ قاراپ قويۇشاتتى. بارات پالۋاننىڭمۇ قول - پۇتلىرى قىچىشىپ، بۇ يەردە يېتىۋېرىشكە تاقەت قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى قەپەستىكى شىرغىلا ئوخشايتتى. بىر كۈنى ئۇ پارتىزانلارنى ئەگەشتۇرۇپ، سۇلتانبايىنىڭ ساسلىقىغا، يەنى باجياخوغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا ئاتلاندى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ھۇجۇم نىشانى باجياخو ئىدى. 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان سەككىز ئائىلىلىك ئۇيغۇر ئىلى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بۇ مۇنبەت يەرگە قىزىقىپ قالغان ھەم بۇ سۇسىز بوز يەرنى جىڭ دەرياسىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ ئاچقان. بۇ يەرنى شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر «سەككىز ئائىلىلىك» دەپ ئاتاشقان، ئەمدى بولسا گومىنداڭچىلار «باجياخو» دېيىشىپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردەك باغرىغا مەھكەم بېسىپ يېتىشماقتا. بۇ يەرنى ئېچىشقا باشچى بولغان دۇساجىم ئەۋلادلىرىنىڭ يىلىكىنى شورىماقتا. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى بەكمۇ مەغرۇر ھېس قىلاتتى. . .

بارات پالۋان بۇلارنى ئويلىسا، گومىنداڭچىلارنى چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى، مېڭىسىنى ئېزىپ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكۈسى



كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ ھەققانىيەت مارشىنى ياڭرىتىۋاتامدۇ؟!

## 2

بارات پالۋان سۇلتانبايىنىڭ ساسلىقىغا ئورۇنلىشىپ، دۈشمەنلىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياتتى. باجياخۇنىڭ ئەتراپى تاشلىق ۋە شۇۋاقلار بىلەن تولغان تۈزلەڭلىك ئىدى. دۈشمەنلەر قاتار ياسىغان پوتەيلەر، پىلىموت ئېتىش سۇپىلىرى ۋە يەر ئاستى ئاكوپلىرى بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئەلىنىپ تۇراتتى. بارات پالۋانلارنىڭ ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقى «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق» بىلەن باراۋەر ئىدى. پارتىزانلار زېرىكىپ كېچىلىرى ئۇ تەرەپكە بېرىپ ئىككى، ئۈچ پاي ئوق ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېلەتتى - دە، ئۇيقۇسىغا غەرق بولاتتى. دۈشمەنلەر كېچىچە پىلىموتلىرىنى سايرىتىپ چىقاتتى. كېيىنچە ئۇلار بۇنى بىلىپ قېلىپ ئانچە - مۇنچە ئوق ئېتىپ قويىدىغان بولدى.

بارات پالۋان ئېتىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، باجياخو تەرەپتىن توپا توزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا باغلاقلىق بىرىنى ئارتىۋالغانىدى.

ئۇ ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئات يۈگىنىنى تارتتى. ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كىشنىدى. بارات پالۋان ئالدىدىكى ئادەمنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ، يەرگە زەردە بىلەن تاشلىدى. پارتىزانلار يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقان لەن شىڭنى كۆرۈپ، بارات پالۋانغا تولۇپ تاشقان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن قارىدى.

— ھەقىقىي پالۋانكەنسەن، ياشاپ كەت! — دېدى ناسىراخۇن بارات پالۋاننى قۇچاقلاپ، — بۇ قوينىمىزدا تۇرۇپ بىزنى چاققان چايانىنى ئاخىر قولغا چۈشۈرۈپسەن، بۇنى

تۇتالمىغان بولساق، يۇرت خەلقى ئالدىدا يۈزىمىز سۆرۈن بولاتتى، يارايسەن!

— بۇ چوشقا ئالتە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ چارلىغىلى چىقىپتىكەن، قالغان ئالتىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇنى تىرىك تۇتۇپ كەلدىم، تەلىيىمگە بۇلار قارىياغاچلىق ئىچىگە كىرىپ تاماق يەپ ئولتۇرامدۇ... مىلتىقلىرى قويۇپ قويۇقلۇق... قىلىچ بىلەن...

شۇ ئارىدا قارا قۇۋان بىلەن قاسىم جودا يەردە ياتقان لەن شىڭنى بىرنەچچىنى دەسسىۋەتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلاشقۇم كېلىپ قېلىۋاتىدۇ. دەرەخكە باغلاڭلار.

هايت - هۇيت دېگۈچە پارتىزانلار ئۇنى دەرەخكە باغلاپ بولۇپ، بارات پالۋان ئۇنىڭ بىلەن «نېمە دەپ پاراڭلىشاركىن؟» دەپ قاراپ تۇرۇشتى. كۆپىنچىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئالدىراپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ تۇراتتى.

— بارات، — دېدى لەن شىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىڭنى سەل سەزگەنىدىم. بىراق، ۋەن سىلىڭ بىلەن ياڭ هاكىم مېنى توسۇپ قويىدى. سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن، سەن ئەقلى يوق نوچى...

— ۋەن سىلىڭلار هازىر نەدە؟ — دېدى بارات پالۋان ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرۇۋېتىپ. لەن شىڭنىڭ كۆزىدىن ئوت چاچراپ، ياش چىقىپ كەتتى.

— ئۇلار شىخودا.

— سەن نېمىشقا كەتمىدىڭ؟

— مەن سەنلەر بىلەن ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ئېلىشمەن، مېنىڭ سەنلەرگە قانچىلىك ئۆچ ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر بەك دۆت، سىلەر رۇسلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل



ئويناۋاتىسىلەر.

— تىلىڭنى تارت چوشقا! بۇ يەردە قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟ قورال - يارىغىڭلارچۇ؟

— بۇنداق سوئاللارنى سوراپ ئاۋارە بولما، مېنى چانىۋەتسەڭمۇ بەرىبىر ئېيتمايمەن... مەن ئۆز ئادەملىرىمگە خائىنلىق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىمەن. قاغا جېنىدا بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ.

— سىلەرنى كۆرسەملا قۇسقۇم كېلىدۇ. مەن سەنلەرگە چىش - تىرنىقىمدىن ئۆچ! — بارات ئۇنى كۆچەپ بىرنى تەپتى، — سېنى هازىرلا ئۆلتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ!

— سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغىنىڭنى بىلىمەن، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلمەي، گېتلىردەك ئادەمنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى، ئەپسۇس، سەندەك چۈپرەندىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدىغان بولدى...

— مەن ساڭا بىر سىرنى دەي...

بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا لەنشىڭنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كىرمىدى. ئۇ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا زەردە بىلەن تىقىپ قوچۇۋەتتى. ئاندىن قىلىچىنى تارتتۇۋېلىپ، ئۇنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. قىپقىزىل قانلار نەم تۇپراق ئۈستىدە داغ قالدۇرۇۋاتاتتى. بارات پالۋاننىڭ قىلىچى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. پارتىزانلار چوڭقۇر نەپەس ئېلىشىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇشتى...

## 3

لەن شىڭنىڭ زەهەردەك سۆزلىرى بارات پالۋاننىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئوي - خىياللار چىرمىۋېلىپ،

قاپقى ئېچىلماسلا بولدى. چۆلدەرگەن قەلبىنى غېرىبلىق، غەشلىك ئەسىر قىلغانىدى. نېمىگىدۇر چېچىلىپ، نېمىگىدۇر خۇيلىنىپ قالاتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ لەن شىڭلاردىن تارتىۋالغان گراناتلار، ئوق، مىلتىقلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. ۋۇجۇدى ئاچچىق ئەلەمدىن قورۇلاتتى. «ئۇ ئىتنىڭ بالىسى بىلەن نېمىشقىمۇ پاراڭلاشمىغاندىمەن، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەتمىدۇ يا، ياق، ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىدى. جان ئاچچىقىدا شۇنداق دەۋاتقان نېمە ئۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، ئۇ دېگەن دۈشمەن، ھەر نېمىنى دەيدۇ، ئۇ بىر غالجىر ئىت! ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن ئادەم ساراڭ، سوۋېت خەلقى بىزنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بېرىۋاتىدىغۇ؟ قوشنا-قولۇملاردىمۇ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش بولىدىغۇ؟ ئۇ چىدىماي شۇنداق دېدى. ئاقىۋەت قانداقلىقىمىزنى كۆرىدۇ تېخى...»

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئىنقىلابنى تېزلىتىش ئۈچۈن باجىياخۇغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. پارتىزانلار بۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشتى. بارات پالۋان قۇربانغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ، تىلى ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى-دە، «ئۆزى ئاڭلىسۇن، شۇم خەۋەرنى مەرد ئوغلان يەتكۈزمەيدۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ كۇنلەردە پەقەتلا جايىدا ئەمەس ئىدى. گاھىدا گەپ-سۆزلەرنىمۇ تاقا-تۇقا قىلىپ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي قالاتتى.

جاھان ئوت ئىسسىق ئىچىدە كۆيۈۋاتقان بىر كۈنى بارات پالۋان سەركىدەك سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، باجىياخۇغا ھۇجۇم باشلىدى. دۈشمەنلەر پارتىزانلار يېقىنلاپ كېلىشىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئوق تەگكەن پارتىزانلارنىڭ شوئارلىرى يېرىمىدا ئۈزۈلۈپ قالدى. قېنى قىزىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان بارات پالۋان بىر-بىرگە چېتىلغان گراناتلارنى سول قولتۇقىغا قىسىپ، ئوڭ قولىنى تېز-تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يەر بېغىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. قوم دۆڭلىرىدىن، قارىياغاچلار ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ساناقسىز ئوق پارتىزانلارنىڭ كىرلىشىپ ئەسلىي رەڭگى يوقالغان ماتا كۆڭلەكلىرىنى، بەزىلىرىنىڭ كۆرەك جۇۋىلىرىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. بارات پالۋان بىر دومىلاپلا ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، گراناتلارنى پوتەيگە قارىتىپ ئاتتى. شۇ ئەسنادا دولىسىغا تەگكەن ئوق ئۇنى كەينىگە ئۇچۇرۇۋەتتى. پوتەينىڭ چاڭ-توزان كۆتۈرۈپ دەھشەتلىك پارتلىشى دۈشمەنلەرنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋەتتى.

قوم دۆڭىنىڭ يېرىمىغا كېلىپ توختاپ قالغان بارات پالۋان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

— چېكىنەيلى!

بۇ قېتىمقى دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت قىلغان ھۇجۇمدا ئۈچ پارتىزان قۇربان بولدى. ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى قارا قوۋان بىلەن قاسىم جودا ياندۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئابلىز قارىينىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىلدى...

بارات پالۋان پارتىزانلارغا ئۆزىنى باغلاتقۇزۇپ، ئوق تەگكەن يەرگە ياغاچنى كۆيدۇرۇپ باسقۇزدى. بۇنىڭدىن پارتىزانلارنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، باشلىرىنى بۇراپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىشتى. قۇربان ئېتىغا قامچا سېلىپ، مەنسۇردىن دورا ئەكېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. بارات پالۋاننىڭ بۇ قېتىمقى يارىسى ئاۋۋالقىدەك تېز ساقىيىپ كېتەلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ جەڭ پارتىزانلارنىڭ خۇمارىنى سەل باسقاندەك بولدى. بىراق، ھەسرەتلەندۈرمەيمۇ قويمىدى: «پىت، پاشىغا يەم بولغاندىن ئۇرۇۋشقىنىمىز ياخشى بولدى. ئەپسۇسكى، قىشلىق كىيىملىرىمىز بىلەن تازا

قولىشالمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈك ئوزۇقلانماي، ئاجىزلاپ كېتىپتۇق، ئەگەر قورساق توق، قورال تولۇق بولغان بولسا، ئۇلارنى نېمىمۇ قىلىۋېتەردۇق. . . » دېيىشتى پارتىزانلار بىر - بىرىگە.

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ھەقلىق ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ھەرخىل قوراللىرى بىلەن قوراللانغان، مۇستەھكەم مۇداپىئەلەنگەن مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئوقى ساناقلىقلا قارا مىلتىق، ئارا - توقماقلار بىلەن زەربە بېرىپ، بۇلار پۇخادىن چىقالىسۇنمۇ؟. . .

4

قورۇغان قوناق پارتىزانلارنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ ئىچىنى يەلگە توشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار ھەر يەل قويۇپ بەرگەندە قۇملار ئاز - تولا توزۇپ كېتەتتى. تۇردىئاخۇن بۇنداق چاغدا: «دۈشمەننى توزۇتالمىغاندىكىن، قۇمنى بولسىمۇ توزۇتۇپ تۇرايلى» دەيتتى ئاچچىق كۈلۈپ. تۇردىئاخۇن بىلەن قۇرباننىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرى پارتىزانلارنىڭ روھىي ئوزۇقى ئىدى. بۇ رەھىمسىز كۈلپەتتىن ئاغرىنىپ باتناپ ئولتۇرغانلار ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايتتى. بەزىلىرى چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. لېكىن، كۆزلىرىدە كۈلكە ئەكس ئېتەتتى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرى تەقدىرنىڭ بۇ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈن - تىنسىز غايىب بولدى. بۇ بارات پالۋاننى ئاچچىق يۇتقۇزمايمۇ قالمىدى. ئۇ ئاشۇ زەربىدە قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە ۋە ياخشى ئوزۇقلىنالمىغاچقا خېلىلا جۈدەپ كەتتى.

ئۇنى شۇ تاپتا خىيال بېسىۋالغانىدى: «شەھەردىن نېمىشقا ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتمەيدىغاندۇ؟ ئۇلار بىزنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتىمۇ يا؟! بۇ يەردە بىزنى ئاچلىقتىن



ئۆلسۇن دەۋاتامدىغاندۇ؟ بۇ زادى نېمە ئىش بولۇپ كەتتى؟ بىز ئەركەك، يەنىلا چىدىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئالدىغا نان دەپ بارىمەنمۇ؟ بەرسە بەردى، بەرمىسە. . . »

بارات پالۋان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە شەھەرگە كىرمەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر كىرسە، بىر نەرسە تىلەپ بارغاندەكلا ھېسسىياتتا بولاتتى. ئۇ ئائىلىسىنى، ئايالىنى، بالىلىرىنى بەكمۇ سېغىنىدى. بۇ سېغىنىش ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا دولقۇنلاپ ئاقتى - دە، «مەن نېمە كۆرسەم كۆرەي، بالىلىرىمنى مۇشۇلارنىڭ قولىغا قالدۇرماي، ئازادلىق يولىدا قۇربان بولسام شەرەپلىك. . . » دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتى. كۆز ئالدىغا تەسۋىرلىگۈسىز يېڭى بىر باھار سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقاندەك بولۇپ، قايتىدىن جانلىنىپ قالاتتى. روھى ھۆر زاماندا ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى. . .

— شەھەردىكى بايلار بىزگە نېمىشقا ياردەم قىلمايدۇ؟ ئۇلار ئازادلىققا چىقىۋېلىپلا، بىزنى مۇشۇنداقلا ئۇنتۇپ قالامدۇ؟ كەڭرى جاھانغا چىقىۋېلىپ. . . ئاناڭنى ھەممىسىنى بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلىمەن، — دېدى قاسىم جودا قايناپ سۆزلەپ.

— ئۇنداق دېمە، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. بىز دېگەن ئوغۇل بالا، بۇنچىلىك ئىشقا قاقشىساق قانداق بولىدۇ؟ ھېلىمۇ خەلق بىزگە ئوبدان ياردەم قىلدى، ھاجىمبايمۇ قاراپ تۇرمىدى، چىدايلى، ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىن، — دېدى ئابلىز قارىي سەممىمىي سۆزلىرى بىلەن ئۇنى بېسىپ.

— مەن خەلق، ھاجىمباينى دەۋاتقىنىم يوق. ھېلىقى پەسكەش، بېخىل بايلارنى دەۋاتىمەن. ئاناڭنى. . . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ھالىمىزغا يەتسە بولمامدۇ؟ ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، — ئاچچىقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— قاقشىمايلى، ئوغۇل بالىغا قاقشاش ياراشمايدۇ. ئۇلار

بىر ەمدۇ - بەرمەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بايلارنىڭ تولىسى بېخىل كېلىدۇ. . . ئىشقىلىپ، قاسىم مۇشۇكتىن بەز تەلەپ قىلمايلى. بىز دېگەن ئوغۇل بالا، بار جاپانى ئۇستىمىزگە يۈكلەپ، كۈرەشكە ئاتلانغان ئوغلانلار. ئوغۇل بالا قىلغان ئىشقا مىننەت قىلماسلىقى كېرەك. . . — دېدى ياسىن دوختۇر ئاچچىقىنى بېسىپ سەۋرچانلىق بىلەن.

— باراتكا باجياخۇغا يەنە ھۇجۇم قىلمايلى. ئۆلسەك شەرەپ بىلەن ئۆلەيلى.

بارات پالۋان ئۈن چىقارمىدى. ئۇنى چەكسىز بىر غېرىبلىق باسقانىدى.

— خۇدا مۇشۇ كۈنلەر ئارقىلىق بىزنى ۋە شەھەردىكى يۇمشاق يوتقانلاردا يېتىۋاتقان، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ ئىسسىق تاماق يەۋاتقان باي - غوجاملارنى سىناۋاتىدۇ. بۇ بىر سىناق دۇنياسى. . . — دېدى ئابلىز قارىي تەمكىنلىك بىلەن.

— سىنىلىپ بولغۇچە ئۆلۈپ تۈگەيدىغان ئوخشايمىز. ئەمدى ماۋۇ پىتلار يەنە چاققىلى تۇردى. . .

— ۋىجدانىڭ بىلەن ياشىساڭ خۇدانىڭ سوئال - سورىقىدىن خالىي بولىسەن.

— باراتكا، مەن شەھەردىكى بايلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلاپ چىقاي.

— ھەي قاسىم، مال ئوغرىلايمەن دېمەي، ئادەم زېرىكىپ بولالمايۋاتقاندا خوتۇن ئوغرىلاپ چىققە، خوتۇن، — دېدى تۇردىئاخۇن زوڭ ئولتۇرۇپ.

— تۇردىئاخۇن خوتۇن سېغىنىپسىلەر - دە، — دېدى قارا قوۋان.

— سەن سېغىنمىغانسەن - ھە، قارا، خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇقىدەك پۇشۇلداپ كەتكىنىڭنى، ھازىر ئايال زاتىنى كۆرسەڭ تۇرالماي قالىسەن. . . دېمىسىمۇ بىز ئايال زاتى



كۆرمىگەنگە ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. . . ياندا بولسا تېپىشىدىكەنمىز، يىراقتا بولساق كىشىنىشىدىكەنمىز.

— كېچىدە كىرىپ چىقساقمۇ بولىدىغۇ؟

— ھەي، قېلىن گەپ قىلما، ماۋۇ يەردە قۇرباندەك يۈزى ئېچىلمىغان باللار بار جۇمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۆيرۈق بار، بۆيرۈق.

— بۆيرۈق بولمىغان بولسا بۇ ئەتراپتىكى قىزلارنى بوش قويامتى بۇ قارا قوۋانكام؟ — دېدى قۇربان مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

— بۆيرۈق دېگەنمۇ پۇتقا سېلىنغان كىشەنكەن.

— بۆيرۈققا بوي سۇنمەن دەپ ئاخىر چاتاق چىقىپ ئاختا بولۇپ قالمىساڭ بولاتتىغۇ؟

— ئۇ چاغدا يۇزۇڭگە قارا سۈركەپ، ئېشەككە تەتۈر مىنىپ، كوچىمۇ كوچا سازايى بولۇپ يۈرمەمسەن؟

— بۇ چاقچىقنىڭ كىر يايىدىغان تانىدەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا قاسىمدەك جېدەلخور كىرلارنى يېيىپ قوي.

— قاسىم تانىدا تۇرامدۇ جودالىق قىلىپ. . .

شۇ ئارىدا ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر ئايروپىلان ئۇلارنىڭ قىزىۋاتقان چاقچىقىغا سوغۇق سۇ سەپتى.

— قارىم، — دېدى سىدىق كۆك كۆز ئابلىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — سىلىمۇ خېنىمنىڭ تىزىپ قويغان قوتۇر ئامۇتىدەك ئولتۇرماي، ئوبدانىراق سۇرىدىن بىرنى ئوقۇپ ئاۋۇ قارا ھەرىنى تىك موللاق ئاتقۇزمامدىلا. . .

— ئاللا نېسىپ قىلسا ئۇنىڭمۇ موللاق ئاتىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى، كەپتەرمۇ ئاسماننى بىر ئايلىنىۋېتىپ موللاق ئاتىدىغۇ؟ — دېدى ئابلىز قارىي چاقچاقنى ئەپلەشتۈرەلمەي.

— ماڭاۋا نېرى، كەپتەر دېگەن ئاسمانغا چىقىپلا موللاق ئاتىدىغان نېمە ئۇ؟

— سېنىڭ كەپتەرلىرىڭ ئايىسخانىغا ئوخشامدۇ - نىمە؟

— ماڭاۋاي، كەپتەرلىرىم ئايىسخاندەك خالىغانچە باشقىلارنىڭ ئۇۋىسىدا تۈنەپ قالمايدۇ ھەم ماموت كەپتەرۋازنىڭ كەپتەرلىرىدەك باشقىلارنىڭ كاتىكىگە كىرىۋېلىپ، بۇ يەر مېنىڭ دەپ موللاق ئېتىپمۇ يۈرمەيدۇ...

— تۇخۇمنى باشقىلارغا باستۇرۇپ، خوتۇننى بۆشۈكتە باقىدىغان...

— نېمە دەيدىغانسەن؟ تۇخۇمىدىن كەپتەر چىقماي، قۇرۇت چىقىدىغان...

— باشقىلارنىڭ تۇخۇمىنى پالاق قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى پاختىغا يۆگەپ بالا چىقىرىدىغان...

چاقچاق راسا قىزىۋاتقاندا، يىراقتىن توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەلگەن ئاتلىقلار بۇلارغا بارا - بارا يېقىنلاشقا باشلىدى.

— ھوي بىزنىڭ ئادەملەركەن مىللىي ئارمىيە فورمىسىنى كىيىۋاپتۇ. بىزنى ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— نازارۇفكەن، — دېدى بارات پالۋان. ئۇنىڭ قارىدىغان، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— قانداقراق بارات، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى نازارۇف ئاتتىن چۈشۈپ. ئۇ غۇلجىنىڭ يەرلىك رۇس مىللىتىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدەك راۋان سۆزلەيتتى.

— يامان ئەمەس، ئۆزۈڭلارچۇ؟

— ياخشى، سىلەردىن ئەھۋال سوراپ ئۆتۈپ كېتەي دېگەن.

— سىلەر قايسى تەرەپكە ماڭغان؟

— بىز باش شتابقا بېرىپ، ئاندىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىمىز، — نازارۇفنى باش شتاب قەشقەردىكى گومىنداڭچىلارنىڭ مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجىنى



يېسۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ چاقىرتقانىدى.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بارات پالۋان ۋە باشقا پارتىزانلار «لەسسىدە» بولۇشتى.

— بىزگە بۇيرۇق كەلمەيدىغۇ؟ — دېدى بارات پالۋان كۆڭلى غەش ھالدا.

— ئاز قالدى، چىداپ تۇرۇڭلار، سىلەر داخىيەنزىدە يېتىۋالماي بۇ يەرگە بىكار قايتىپ چىقىپسىلەر؟

— مەنسۇر داخىيەنزىدىكى دۈشمەنلەر چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ بىزگە: «بۇ يەردە بىز قالىمىز، بۇ يەرنى ساقلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، سىلەر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار، پارتىزان دېگەن نەدە ئۇرۇش قىلسا ئوخشاش» دېدى ئەمەسمۇ؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەرگە سىلەر ئاۋۋال كىرىپ، دۈشمەنگە ئۇۋىسىدىن چىقىشقا پۇرسەت بەرمەي، نەچچە ئاي ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتتىڭلار - دە، تېخى داخىيەنزىگە قاپ يۈرەكلىك بىلەن بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇن قان تۆكتۈڭلار، ئەمەلىيەتتە غەلىبە قىلمىغان بولساڭلارمۇ، لېكىن جاسارىتىڭلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار...

— ئۇنداق دېگەنبىلەن مەنسۇر قومۇشلۇق ئىچىدە تۆت ماشىنىنىڭ چىرىغىنى بىردە ئۆچۈرۈپ، بىردە ياندۇرۇپ، تۆت ماشىنىنى دۈشمەنگە تۆت يۈز كۆرسىتىپ، دۈشمەننى قاچۇردى ئەمەسمۇ؟ تېخى مەنسۇر ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى داخىيەنزىگە كىرگۈزمەي، بىزنىڭ ئىككى ئادەمنى داخىيەنزىگە كىرگۈزۈپ، دۈشمەن قاچقان بولسا بەلگە ئوقى بېرىشنى بۇيرۇدى. ئاز ئۆتمەي بەلگە ئوقى ئېتىلدى... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ما تۇەنجاڭمۇ بار ئىكەن، بوپتۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئۇلارنىڭ مەقسىتىمۇ دۈشمەننى يوقىتىش، بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ

شۇ؟ . . .

— داخىيەنزىگە باستۇرۇپ كىرگەن چاغدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقۇڭلارنى ئاڭلاپ، يا ھەزرەت، نېمە كارامەت بۇ دېدىم. . .

— ئادەمگە ھامان بىر ئۆلۈم، قورقۇپ ياشاپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇرايىم دېگەن يۇرت سورىغان پالۋانمۇ ئۇرۇشقا قاتنىششتىن قورقۇپ بىر قاچاق ئەسكەرنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئۇنداق ئۆلگەندىن مۇشۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلسە، ئادەمدە نېمە ئارمان قالىدۇ؟

— سەن ھەقىقەتەن قورقماس باتۇر ئىكەنسەن، يۇر، ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

ئۇلار ساسلىق بويىدىكى قارىياغاچلىق ئىچىدە ئالدىرىماي مېڭىشتى. بارات پالۋاننىڭ پارتىزانلىرى نازارۇفنىڭ ئادەملىرىنىڭ كىيىملىرىگە ھەۋەس قىلىپ قاراۋاتقان بولسا، ئۇلار بۇ پارتىزانلارنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىۋاتاتتى.

— نازارۇف بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالارمىزمۇ؟ — دېدى بارات پالۋان لەن شىڭنىڭ سۆزلىرىنى غۇۋا ئەسلەپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز.

— بۇ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرى رۇسلارنىڭ قولىدىما؟ يەنى سىلەرنىڭ. . .

— قانداقمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا بولسۇن، رۇسلار خالىس ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟

— گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىزنىڭ نېنىمىزنى، ئېشىمىزنى يەپ تۇرۇپ «ئېشىڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا چىچاي» دېگەندەك قىلغان قىلىقلىرى خىيالىمدىن كەچىسلا، بۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئۆزۈم يالغۇز باستۇرۇپ كىرگۈم كېلىدۇ. قۇربان بولغان قېرىنداشلار، زۇلۇم، خورلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇ زارى مېنى قىينايدۇ. . .



قاراڭغۇلۇق زېمىنغا بارا - بارا تونىنى ياپماقتا ئىدى. ئىسسىق شامال قارىياغاچ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆتەتتى.

— مۇشۇ زېمىن ھەققىدە خىيالغا پاتسام ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا چۆمۈلىمەن. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ يەردە ياشاپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. . . — بارات پالۋاننىڭ قۇلىقىغا شامالخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلانغاندەك بولدى - دە، سۆزىدىن توختاپ قالدى.

— بۇ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇندەك زېمىنكەن. . . سەن دېگەندەك ئانا زېمىن ھەممىدىن ئۇلۇغ. ئۆز ئۆيۈڭدە كەڭتاشا ياتقاندەك ئۆز زېمىنىڭدىمۇ كەڭتاشا ياشايسەن - دە. . . — نازارۇف نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— شۇڭا ئانا زېمىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زور قۇربانلارنى بېرىۋاتىمىز ئەمەسمۇ! «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى پۈت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن گەپ بار. بۇ زېمىننى ئازاد قىلساق باللىرىمىز ئەركىن - ئازادە ياشىسا، شۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن بەخت! ئەۋلادلار ئۈچۈن كۆيمىگەن يۈرەكنى ئىتقا تاشلاپ بەرگۈلۈك.

— مەن سېنى قارام، ئالدىراڭغۇ دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئەسلى سەن خېلى ئىش كۆرگەن، بىلىملىك، سالماق ئادەم ئىكەنسەن.

— سىز شامالخاننىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئىلگىرى ئاڭلىغان. ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇنى بەزى كىشىلەر ئۇلۇغلىسا، بەزىلەر ئۇنى «جاھان سارىڭى» دەپ قويۇشىدىكەنغۇ؟

— ياق، ئۇ جاھان سارىڭى ئەمەس، زېمىن سارىڭى! ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان ناخشا زېمىنىنىڭ نىداسى، خەلقنىڭ

مۇڭى، دەردى، ئۇ ئەۋلىيا سۈپەت ئۇلۇغ ئادەم... — بارات پالۋان ھاياجان بىلەن سۆزلەۋېتىپ، شامالخاننىڭ غۇلجىسىغا مېڭىش ئالدىدا، ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ، سۆزىدىن توختاپ قالدى.

— ئاڭلىشىمچە بارات، ئۇ بۇ يۇرتتىن يوقالسا، بۇ يۇرتنى ئاپەت باسىدۇ، دەيدىغۇ؟

— بەلكىم... ئۇنىڭ ناخشىلىرى مېنى چەكسىز ئويلارغا سالغان، مېنى كۆرەشكە ئاتلىنىشقا ئۈندىگەن، لېكىن بىز ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى كېچىكىپ چۈشەندۇق. ھازىرمۇ ھەم چۈشەنمەي يۈرگەنلەر باردۇر. ئېھتىمال تەقدىرىمىزنىڭ تولا ھاللاردا تەتۈر بولۇپ قېلىشى بىر نەرسىنى كېچىكىپ چۈشەنگەنلىكىمىزدىن ياكى بىر نەرسىنىڭ قەدرىگە كېچىكىپ يەتكەنلىكىمىزدىن بولسا كېرەك...

— ئۇ كىشى نەدىن كەلگەن؟ ئەجەب توي قىلماپتىكەن، — دېدى نازاروۋ شامالخاننىڭ ھاياتىغا قىزىقىپ.

— بەختى ئېچىلغاندا توي قىلارمىش... ئۇ بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن تارتىپ ياۋايى ھايۋان، قۇش، جانىۋارلارغا ھەمراھ بولۇپ ياشاپ كەپتىكەن، بەزىلەر ئۇنى ھايۋانلارنىڭ، قۇش، جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، ھېچكىم كۆرمەستە ئۇچىدۇ. جىنلار بىلەن سۆزلىشەلەيدىكەن، جىنلاردىن ئەسكىرى باركەن... دېيىشىدۇ.

— ئۇنى ئەجەبمۇ ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ بىر رىۋايەتتەكلا گەپقۇ؟

— ياق، بۇ بەلكىم رىۋايەت بولماسلىقى مۇمكىن، مەن ئۇنى كىچىكىمدىن تارتىپ بىلىمەن. ئۇنىڭ ناخشىلىرى، ھېكايىلىرى مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇنىڭ روھى زېمىن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. مەن باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قايتىپ كەلسەم، ئالدىمغا



ئەڭ ئاۋۋال ناخشا ئېيتىپ چىقىدىغىنى شامالخان. ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھارغىنلىقىممۇ يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ بولمىسا يۇرت چۆلدەرەپ قالىدۇ. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن يۇرتىمىزدىن يوقالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرى يۇرتىمىزنىڭ زۇلۇمغا قارشى چېلىنغان جەڭ مارشى، باھار كۈيى، ئۇنىڭ ناخشىلىرى مېنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان.

— سەنمۇ ئۇنى ئۇلۇغلايدىكەنسەن-ھە...

— توغرا، ئۇ ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى. ئۇ مېنى مەنىسىز ھايات يولىدىن قايتۇرۇپ، مەنىلىك ھايات يولىغا قەدەم باستۇردى. ئۇ مېنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىز بىلەن جېدەل قىلىپ قويىدىغان مىجەزىمنى بەكمۇ ئۆچ كۆرەتتى. شۇنداقتىمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى... مەن ئۇنىڭغا قانچە كۆپ ياخشىلىق قىلسامۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن...

— يۈر، قورۇغان قونىقىڭنى يېگەچ، قالغان پاراڭنى شۇ يەردە قىلىشايلى.

نازاروۋ ھېلىقى ئىش تۈپەيلى بارات پالۋاننى ئاداۋەت ساقلاپ يۈرىدىكەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. لېكىن، ئىشنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىغىنى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ: «بارات ھەقىقىي مەرد ئەزىمەتكەن» دېگەن ئويغا كەلتۈردى.

— ئەتە باجىياخۇغا ھۇجۇم قىلىپ باقامدۇق؟ — دېدى بارات كۆڭلىدىكى غەشلىك پەيدا قىلغان غېرىبلىقتىن سىقىلىپ.

— ساراڭ بولما، مەن ئەتە بۇيرۇق بويىچە باش شتابقا قايتمىسام بولمايدۇ. بىز دېگەن سىلەرگە ئوخشىمايمىز. بىز بۇيرۇق بىلەن ئىش قىلىمىز. سېنىڭ ئەجەب دۈشمەنگە ئېتىلغۇڭ كېلىپلا تۇرىدىكەن.

— ھەقىقىي ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالا شۇنداق بولىدۇ! بارات پالۋان باجىياخۇغا قىلغان ھۇجۇمىنى، لەن شىڭنى

تۇتۇۋالغاندىن كېيىنكى ئىشلار ۋە ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنى نازارۇفقا تىنىمدى ھەم بۇ يەردىكى ئېغىر كۈنلەردىن ۋايساپمۇ سۆزلەپ كەتمىدى.

## 5

نازارۇف ساسلىقتىن چىقىپ، پەس تەرەپكە چۈشكىنىدە، بۇ يەردە بىرنەچچە يىگىت ئات بېقىۋاتاتتى.

— ھوي يىگىتلەر بىز بىلەن ماڭامسىلەر، سىلەرگە كىيىم - كېچەك، ياخشى تاماق، ياخشى قورال بېرىمىز، ماڭساڭلار بۈگۈن كەچتە كەينىمىزدىن مېڭىڭلار،— دېدى نازارۇف. ئۇ بۇ پارتىزانلارنىڭ باتۇر، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان يۈرەكلىكلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغان ھەم ئۇلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك بىر قىزىقىشى قوزغالغانىدى.

— ياق،— دېدى قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن يۇسۇپ دېگەن يىگىت.

— ماڭامدۇق يا؟— دېدى بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى ياپىلاقراق بىرى ئويلانغان ھالدا.

— شۇنداق قىلامدۇق؟ بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇلارغا قېتىلىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلساقمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟— ئېگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن بىرى شۇنداق دەپ قاسىم جوداغا قارىدى.

— شۇنداق قىلايلىچۇ؟— دېدى يەنە بىرى.

— شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى، ۋاي - ۋۇي بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز،— دېدى قاسىم جودا ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ،— ئۇنداق بولسا كەچتە قاچايلى، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭلار، بىز ھازىر يەتتە ئادەمغۇ - ھە، بۇ ئىش ناھايىتى مەخپىي بولسۇن، باراتكامنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىسىلەر، بىز



كەچتە قاراۋۇللۇق تۈۋۈلنى تامال قىلىپ ئېلىشىمىز كېرەك.

كەچ. ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆمۈپ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە، بۇلار مىلتىقتىن ئىككىنى ئېلىپ، قالغان مىلتىقلارنى دەرەخ شېخىغا ئېلىپ قويدى - دە، نازارۇفنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. بۇلار قېلىن قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ، ھېچ يەردىن يول تاپالماي، قومۇشلۇق ئارىسىدا بىر كېچە تىمىسقىلاپ يۈردى.

— ئىسسىت بىكار قېچىپتۇق،— دېدى يۇسۇپ يىغلىغۇدەك بولۇپ— قايتىپ كېتەمدۇق يا؟

— قايتىپ كەتسەك باراتكام ئۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە يول ئىزدەپ كۆرەيلى، — دېدى قاسىم جودا تىتىلداپ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قاچقىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىشتى. ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، يۈرەكلىرى سىقىلىپ بىئارام بولۇشماقتا.

تاڭ يورۇغاندا بۇلار يول تېپىپ، قومۇشلۇق ئىچىدىن چىقىۋالدى. ھەممىسى يەنىلا ۋەسۋەسە ئىچىدە قالغان بولۇپ، كۆڭۈللىرى جايىدا ئەمەس ئىدى. بىر - بىرىگە ماي تارتىشىپ قاراپ قويۇشاتتى.

ئۇلار تاغنى بويلاپ قىزىل يار، چوڭ جىرا بىلەن ئاچالغا كەلگەندە، پوستتا تۇرغان ئىككى رۇس ئەسكىرى بۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— نېمە دەيدۇ ئاۋۇ كۆك كۆز رۇس، نەدىن كەلگەن نېمە ئۇ؟ ئۇمۇ بىر بۆيرۇقۋازدەك تۇرامدۇ نېمە؟ ئۇرۇشنى بىز قىلىۋاتساق، نېمە ۋارقىرايدۇ ئۇ؟— دېدى قاسىم جودا ئاتتىن چۈشۈپ.

— ئەمدى چاتاق بولىدىغان بولدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ھېچقانداق ئىش يوق، بۇ

— ئۇلارنىڭ يېرى بولمىسا يا، بىزگە نېمە دېيەلەيتتى؟ — دېدى قاسىم جودا كۆرەڭلىك بىلەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىۋاتقۇدەك.

— ئۇلارنىڭ بىزگە چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرگۈسى بولسا، ئۇلار غېنى باتۇر چىقىشتىن بۇرۇن بىر مىلتىققا بىر ئات تېگىشىپ يۈرمىگەن بولاتتى. بۇلارنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كېلىدىغان خەق ئەمەس. شۇ ياردىمىنى ئانىسىغا قىلسۇنچۇ!

ھېلىقى ئىككى رۇس ئەسكىرى بۇلارنى تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈردە ئولتۇرغان بىر توپ رۇسلارنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ھەربىي فورمىنى قاتۇرۇپ كىيگەن باشلىق سۇپەت بىرى تىلماچ ئارقىلىق بۇلاردىن سوئال سورىدى.

— سىلەر نېمە ئادەم؟ — ئۇ بۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ تېنى شۈركۈندى ھەم بۇلارنى گومىنداڭ تەرەپتىن قېچىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلدى.

— بىز نازارۇفنىڭ ئادەملىرى، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئادىشىپ قالدۇق، ئۇلارنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى قاسىم جودا نەپسى سىقىلىپ، يۈرىكى ئاغقان ھالدا.

ئۇلار بۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھېچ ئىشەنچ ھاسىل قىلالمىدى. تىتىلىپ كەتكەن جۇۋا، ئۆسكەلەڭ ساقال - بۇرۇت، پاخپايغان چاچ... ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇلار ياۋايى ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

— سىلەر ئاۋۋال چاي ئىچىڭلار، ئاندىن بىزنىڭ ئىككى ئادىمىمىز سىلەرنى نازارۇفنىڭ يېنىغا باشلاپ بارسۇن.

ئۇلار ئالدىغا قويۇلغان چاي بىلەن بولكىغا ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى. ئۇلار چايغىمۇ قارىماستىن، بولكىنى چايناي يۇتۇشۇۋاتاتتى.

— نېمە كارامەت بۇ؟ — دېدى بىر رۇس ئۇلارغا قاراپ ئاڭ قالغان ھالدا.



— ... يېسۇن، يەنە ...

ئۇلار قورساقلىرى تويۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن، كۆزلىرى بولكىغا تويمايۋاتاتتى.

— ئۇلارنىڭ قورالللىرىنى ئېلىۋېلىڭلار، ھە، ئەمدى ئۇلارنى نازارۇفنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭساڭلار بولىدۇ.

ئىككى رۇس ئەسكەر ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ئاتلىق ماڭدى.

— ئەمدى گومىنداڭدىن قۇتۇلاي دېگەندە، بۇنىڭغا تۇتۇلامدۇق نېمە؟ — دەپ غودۇرىدى قاسىم جودا.

— گۇناھ ئۆزىمىزدە، — دېدى يۇسۇپ تېرىكىپ، — نېمىشقا قاچىمىز بىكاردىن...

— ئۇ يەردە ئاچلىق، پىت، پاشىدىن قىينىلىپ ئۆلەيلى دەۋاتساق...

— ئەمدى بىزنى قانداق قىلار؟ قاسىم، سەن بىكار يالغان سۆزلىدىڭ.

— يالغان سۆزلىمىسەم، بىزنى باراتكامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ شۇ، ھارام تاياق يەيمىز...

— ئۇلار بىزنى گومىنداڭنىڭ ئادەملىرى دەپ ئويلاپ قالدىغۇ دەيمەن.

— نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، بولدى تولا سۆزلەپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا، ھېلىقى نازارۇف دېگەن توكۇر رۇس نەدىن ئۇچراشتى. يەنە بىر پۇتىنىمۇ چېقىۋېتىمەن گۇينىڭ، ئەجەب ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىر.

بۇلارنى «كاللا ئاستى» دېگەن يەرگە ئاپىرىپ چاي بەرگەندىن كېيىن، بىر ياغاچ ئۆيگە سولاپ قويدى. بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۇەن ئەسكىرى بار ئىدى.

— بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى گەپنى بىر قىلىۋالايلى،

بىر - بىرىمىزدىن ئورۇنسىز ئاغرىنىپ يۈرمەيلى، — دېدى قاسىم جودا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— گەپنى قانداق بىر قىلىۋالىمىز؟ — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— مۇنداق دەيمىز: نازارۇف بىزگە كىيىم - كېچەك، ياخشى تاماق، ياخشى قورال بېرىمىز، بىزگە قېتىلىڭلار دېدى، بىز بارات پالۋاننىڭ ئادەملىرى ئىدۇق، ئۇ بىزنى ئالدىدى، دەيمىز.

— دېمىسىمۇ شۇنداق قىلدىغۇ؟ — دېدى يۈسۈپ قېيىدىغاندەك.

— ئۇنى ئالدىدى دېسەك بولمايدۇ، بىز كىچىك بالا بولمىساق.

— كىچىك بالىدەك قىلىق قىلدۇق شۇ.

ئۇلار تىت - تىتچىلىق ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ بىرى چاقىردى.

— بۇياققا چىقىڭلار.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ مەغرۇر كىرىدىغەن، ھەربىي فورمىلىق بىر رۇس پەيدا بولدى. ئۇ بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى.

— سىلەر نېمە ئادەم؟

ئۇنىڭ يېنىدىكى تىلماچ دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈدى.

— بىز بارات پالۋاننىڭ ئادەملىرى ئىدۇق، بىز ئات بېقىۋاتساق، نازارۇف شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىزگە: بىزگە قېتىلساڭلار كەچتە ئارقىمىزدىن مېڭىڭلار، سىلەرگە ياخشى تاماق، ياخشى كىيىم - كېچەك، ياخشى قورال بېرىمىز دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. ئاخىر بۇ يەرگە كەلدۇق، — دېدى قاسىم جودا.

ھېلىقى باشلىق بۇلارنىڭ تورقىغا قاراپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك قىلدى ھەم بۇلارنى گومىنداڭ تەرەپتىن قېچىپ چىققان ئادەملەر دېگەن گۇماندا بولدى - دە:

— نازارۇفنى تېز تېپىپ كېلىڭلار، — دېدى يېنىدا تىك تۇرغان بىر ئەسكەرگە.

نازارۇف كەلگۈچە ئۇلار بىئارامچىلىق ئىچىدە تۇردى. «خۇدايىم ئۆز ئادەملىرىمىزدىن ئايرىمىسۇن، بۇ نېمىدېگەن سەرسانچىلىق، بىچارىلىك، ئۆلسەكمۇ ئۆز ئادەملىرىمىز ئارىسىدا ئۆلەيلى، كۆڭۈل ئەجەب غەش بولدى...» ئۇلارنىڭ بەزىسى شۇلارنى خىياللىرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بارات پالۋانغا قانداق قاراشلىرىنى بىلىشەلمەيۋاتاتتى.

نازارۇف ئاقساپ ماڭغىنىچە ئالدىراش كېلىپ، ئۇلارغا شۇنداق بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— مەن بۇلارنى تونۇمايمەن، — دېدى.

— ھەي نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن قورال، كىيىم - كېچەك، ياخشى تاماق بېرىمەن، مەن بىلەن مېڭىڭلار، دېگەن گەپ ئاغزىڭدىن چىققانمۇ ياكى باشقا يېرىڭدىنمۇ؟ — دېدى قاسىم جودانىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ.

— ھەي، سەن شۇنداق دەپ تۇرۇپ، نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن، سەن شۇنداق دېمىگەن بولساڭ، بۇلار كەينىڭدىن قانداق ماڭىدۇ، بۇلارغا زىيانكەشلىك قىلما، — دېدى تىلماچ يىگىت.

— راست مەن بۇلارغا شۇنداق دېگەن، — دېدى نازارۇف ئۈنجىقلاپ.

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن، بىكاردىن ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ، — دېدى تىلماچ يىگىت نازارۇفقا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ.

— بۇلارنى ھازىرچە سولاپ قويۇپ تۇرۇڭلار، نازارۇف

سەن مەن بىلەن ماڭ، — دېدى باشلىق تەرىنى سەل تۇرۇپ.

ئۇلار يەنە ھېلىقى ئۆيگە سولاندى.

— ھېلىقى توكۇر، ئىككى يۈزلىمچى لاتىنىڭ دېگەن گېپىنى قارا، ئۇنىڭ بېرىدىغان ياخشى تامىقىدىن ئۆزىمىزنىڭ قونىقى، ئىسىل كىيىملىرىدىن مۇشۇ كىيىملىرىمىز، ياخشى قورالىدىن توقمىقىمىز ئەۋزەل ئىكەن. بارات پالۋان ياشاپ كەتسۇن بۇرادەرلەر، — دېدى يۇسۇپ جان ئاچچىقىدا.

— شۇنى دېگىنە، بىزنى قانداق شەيتان ئازدۇرغاندۇ؟

— بولدى ئۇخلايلى، ھېرىپ كەتتۇق، گەپنى كولىساق گەپ چىقىدۇ، گەپنىڭ ئاخىرى بېرىپ جېدەلگە ئايلانمىسۇن، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى يۇسۇپنىڭ يامانلاشقان ئەلپازىدىن ئەنسىرەپ.

ئۇلار پول ئۈستىدە يېنىچە يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

تۈن يېرىم بولغاندا پىلىموتنىڭ توختاۋسىز ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار چۆچۈپ ئويغىنىشتى. ئىشىك ئېچىلىپ:

— تېز بولۇڭلار، دۈشمەن كەلدى! — دېدى بىرى ئەنسىز ۋارقىراپ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئوق ئېتىلىۋاتقان تەرەپكە بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈشتى.

— توختاڭلار! قايتىپ كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى باشلىق. لېكىن، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ كىرمەي يۈگۈرىۋەردى. بىر نەچچە ئەسكەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن توۋلاپ بېرىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلدى.

— نەگە بارىسىلەر، — دېدى باشلىق ئەجەبلىنىپ.

— دۈشمەننى يوقاتقىلى! — دېدى قاسىم جودا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، پوشۇلدىغان ھالدا.

— قولۇڭلاردا قورال بولمىسا، دۈشمەننى قانداق



يوقىتىسىلەر؟

— ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالامدۇق.

— نېمە؟ تارتىپ... — باشلىقنىڭ كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ، ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ نازارۇفنىڭ بۇلار ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بۇلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قەستەن بىر مەيدان ئويۇن ئويۇشتۇرغانىدى.

— بىزنىڭ باشلىقىمىز بارات پالۋان بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەن، — دېدى قاسىم جودا كۆزلىرىنى باشلىققا قاداپ.

— نېمە كارامەت بۇ؟ مەن بۇلاردەك ئادەملەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بۇلار قاپ يۈرەك، قارام ئادەملەركەن، قورۇق قول...

ئۇ بۇلاردىن چۆچۈدى. بۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ قويدى، «بۇلارنىڭ تارىختىن بېرى قەھرىمان ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن. بىراق، بىر-بىرىگە ئورا كولايدىغان، ناچار مىجەزى، قىزىق قانلىقى بۇلارنى بۈگۈنكى كۈنگە قويۇپتىكەن-دە. ئەپسۇسكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالمايدىغان ئادەمنىڭ ھېچ كىمدىن ئاغرىنىش ھوقۇقى يوق.»

ئەتىسى سەھەردە باشلىق بۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ بولۇپ:

— مەن سىلەرگە ئىككى ئاتقا ئوزۇق-تولۇك ئارتىپ بېرەي، كەينىڭلاردىن ئون ئات بىلەن كىيىم-كېچەك ئەۋەتىپ بېرىمەن، لېكىن مىلتىقىڭلارنىڭ زاتورى بىلەن ئوقىنى ئېلىۋالىمىز، سىلەرنى ئېلىپ ماڭغان ئادەملىرىمىز ئاچالدىن ئۆتكەندە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، — دېدى بۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ.

— نېمىشقا؟

— بۇ بىزنىڭ قائىدىمىز، — دېدى ئۇ قاسىمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — سىلەرنىڭ قەھرىمانلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن سىلەرگە ياخشى ئاتتىن بىرنى سوۋغا قىلاي، قېنى سەن ئۇنى تۇتۇپ كەل، ئەنە ئاۋۇ ئات، — دېدى باشلىق ئات توپى ئارىسىدىكى تورۇق ئاتتىن بىرنى كۆرسىتىپ.

قاسىم جودا ئاتقا قاراپ يۇگۇرۇپ كەتتى. باشلىق ئۇنىڭ چەبدەسلىكىگە ئەقلى لال بولۇپ قاراپ تۇردى. «بۇلاردا قورال، ئوزۇق - تۈلۈك كەمچىل، ئەگەر بۇلارنىڭ شارائىتى تولۇق بولىدىغان بولسا، ھېچقانداق كۈچ بۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۈدەك، شۇغىنىسى نادان - دە، نادان! ئادەم ئېچىنىدۇ، ھەي، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق ئەسكەرلىرىم بولغان بولسا. . . نازارۇفنىڭ بۇلارغا قىزىقىشى بىكار ئەمەسكەن. . . » ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىدا، قاسىم جودا ئاتنى تۇتۇپ كەلدى.

— خەير، باراتقا مەندىن سالام دەڭلا.

— خەيرخوش گېنېرال، مەن سىزنى مەڭگۇ ئەسلەپ تۇرىمەن! — دېدى قاسىم جودا ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىن.

تىلماچ ئۇنىڭ سۆزىنى باشلىققا ئۆرۈپ بەرگىنىدە، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالدى.

— ئاجايىپ يۇمۇرلۇق، باتۇر خەلقكەن بۇ، ئەپسۇس. . . — دېدى باشلىق قاسىملاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، ئۇ شۇ تاپتا نېمىدىندۇر ئېچىنىپ، ئېغىر ئوي - خىياللارغا پاتقانىدى. . . .

* * *

قاراڭغۇلۇق زېمىنغا پەردىسىنى ياپقاندىلا، ئۇلار داخىيەنزىگە يېتىپ باردى. مەنسۇر بۇلارنى قاماپ قويۇشنى



بۇيرۇپ، بۇلارنى باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنى مېھمان قىلىپ يولغا سېلىۋەتتى.

— ھەي، ئىشىمىز چاتاق بولدى، — دېدى يۇسۇپ جىددىيلىشىپ، — باراتكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟

— ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. باشقا كەلگەننى كۆرەيلى، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى قاسىم جودا داق يەردە يانپاشلاپ يېتىپ، — بېزىرىپ تۇرۇۋالارمىز.

— باراتكام كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، كىم بىلىدۇ؟ — دېدى ئۆلاردىن بىرى.

— كەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ، بىز ئۇنىڭ ئادىمى تۇرساق.

— ئەجەب خاتا قىپتۇق، ماڭا ھازىر ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇۋاتىدۇ. نېمىشقىمۇ قاچقاندىمەن؟

— «ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلگەن بولسام بىر تاۋاق كېپەككە ساتاتتىم» دېگەن مۇشۇ، ھەي شەيتان. . .

— بۇ گۇناھىمنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يۇيىمەن.

بۇ كېچە ئۇلار بىئارام بولۇپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە مەنسۇر بۇلارنىڭ يېنىغا كىردى.

— مەن بۇ يەردە قالاي، — دېدى ئوسمان دېگەن بىرى ئۆندەرىگەن ھالدا مەنسۇر تەرەپكە يۇگۇرۇپ.

— باشتا مۇشۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن بولساڭلار، مەن ئادەملىرىمنىڭ ئارىسىغا قېتىۋالاتتىم. كىيىم - كېچەك بېرەتتىم. ئەمدى سىلەرنى ئارىمىزغا قاتالمايمەن. نېمىشقا دېگەندە، سىلەر باشقا بىرىنىڭ كەينىدىن بىر قېتىم قاچتىڭلار. سىلەرنى ئەكەلگەنلەر بىزگە سىلەرنى باراتقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. مەندىن ئاغرىنماڭلار.

— نازارۇف بىزنى كىيىم بېرىمەن، دەپ ئالدىغان. . . — دېدى ئوسمان ئالاقزادىلىك ئىچىدە تىپىرلاپ.

— ھەي ئەخمەقلەر، ئۇ توكۇر باراتنىڭ ئادىمىگە كىيىم بېرەمدۇ؟ ھېلىقى ئورۇس بېرىمەن دېگەن ئون ئاتنى ھەيدەپ كەلمەي، بىكار قىپسىلەر، نېمانداق كاللاڭلار ئىشلىمەيدۇ سىلەرنىڭ؟ ئەمدى ئۇمۇ ھېچنېمە بەرمەيدۇ. باراتنىڭ ئادەملىرىگە ئورۇسلار كىيىم بېرەمدۇ؟...

شۇ ئەسنادا بارات پالۋان قاپاقلىرىنى باراڭغا ئالغۇدەك تۈرۈپ، سۇرلۇك بىر كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى. «قاچقۇن»لارنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، بەدەنلىرىنى قارا تەر باستى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلەشتى.

— بارات، بۇلارنى نازارۇف ئالداپ كېتىپتۇ، بۇلارغا گەپ قىلما، مەن بۇلارنى سەندىن سورىۋالاي، دۇنيادا ئازمايدىغان كىم بار؟

— مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن، ئۇ مېنى ئۇرىدۇ، — دېدى ئوسمان كەينىگە داجىپ.

— بۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — بارات پالۋان كەينىگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇۋاتاتتى.

بارات پالۋان پارتىزانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، داخىيەنزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىقتا ئىچكىرلەپ كىرىپ توختىدى - دە، پىيادە ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن «قاچقۇن»لارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن سىم يۆگەلگەن قامچىسىنى قولىغا ئالدى.

— باراتنىڭ ئالدىغا بارمايمەن دېگەن نوچى ئالدىغا چىقسۇن! — دېدى ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى قەپەس ئىچىدە ھۆركىرەپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەن شىرغا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئوسمان يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، جالاقلاپ تىترىگىنىچە



ئالدىغا چىقتى. ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— ھەي لەقۋا، مەن سېنى ئۇرىمەن دېمىسەم، نېمىشقا مەندىن قورقۇپ يۈرىسەن، بىز سىلەرنى ئاز ئىزدىدۇقمۇ؟ ھەممىمىز تەڭ جاپا تارتىۋاتىمىزغۇ؟ مېنىڭ گۆش - پولۇ يەپ كېتىپ بارغان يېرىم بارمۇ؟ سىلەر قاچقان بىلەن سىلەرگە ئەمەس، ماڭا سەت ئەمەسمۇ، ماڭا؟! سەن گوي خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ، مېنى نېمىشقا ئۇرىدۇ، دەيسەن - ھە؟ مەن ئاناڭنى بىر نېمە قىلمىسام، ھەي لامزەللە، لاتا... — بارات پالۋان ئېغىر ھاسىراپ چوڭقۇر تىندى، مىجەزى ئىلگىرىكى يۇرت سوراپ يۈرگەن چاغلىرىغا قايتقانىدى. ئۇ بۇنداق ئەسەبىيلەشكەن ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالمايتتى ھەم ھېچكىمگە بوي بەرمەي، ياۋا كالىنىڭ ئۆزىگە ئايلىناتتى. نى - نى نوچىلار قىلىۋاتقان جېدەللەر بارات پالۋاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بېسىقىپ قالاتتى. بالىلىرى خاپا قىلىۋاتقان ئانىلار بالىلىرىغا: «بارات پالۋاننى باشلاپ كېلىمەن ھېلى بىكار...» دېيىشىپ قولاقلىرىنى تىنچىتىۋالاتتى.

بارات پالۋاننىڭ كۆزىگە قان تولۇپ، ئوسماننى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئوسمان قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، يەردە دومىلاپ يىغا ئارىلاش نالە قىلدى.

— بارات ئاكا، خاتا قىپتىمەن... مېنى كەچۈرۈڭ...

بارات پالۋاننىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئوسماننىڭ تېرە شالۋۇرى تارىيىپ كەتتى. بىر چاغدا بارات پالۋان ئۇرۇشتىن توختاپ:

— كېتىدىغان بولۇشساڭ ھازىر كېتىش! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما! — دېدى كۆزلىرىدىن قەھر -

غەزەپ ياغدۇرۇپ.

قاسىم جودالارنىڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، بەدەنلىرى خىجىللىقتا «ۋىژىلداپ» كۆيدى. مېڭىلىرى چېقىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇلار «ئىستىبىكار قېچىپتۇق، بىزنى قايسى شەيتان ئازدۇرغاندۇ؟» دېيىشىپ، كالپۇكلىرىنى قان چىققۇچە چىشلىشەتتى. ئۇلارنىڭ سەپداشلىرىغا ئەسلا تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

بۇ يەردىكى پاراكەندىچىلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، «قاچقۇن»لار تۇردىئاخۇنلارنىڭ چاقچاقلىرىغا تۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشتى.

— گومىنداڭچىلارنى قاچارمىكىن دېسەك، قاچىدىغانلار ئەسلى ئىچىمىزدىكەن ئەمەسمۇ؟

— قانداق ئادەمنىڭ كەينىدىن قاچىدىكەن دېسەك، بۇ يەرگە ئېزىپ كېلىپ قالغان بىر توكۇرنىڭ كەينىدىن قېچىپتۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇلار ئۇنى جەننەتكە ئاپىرىدۇ دەپ قالدى - دە.

— ئەسلى بۇلار ۋەن سىلىنىڭ بىلەنلا قاچسا بوپتىكەن.

— ھەي، بۇلار ئۇنداق - بۇنداق ئادەملەرنىڭ كەينىدىن قاچمايدۇ، پۇت - قولى يوق، دوزاخقا ئاپىرىدىغان ئادەملەرنىڭ كەينىدىن قاچىدۇ.

— بۇلار ئاجايىپ قاچقۇنكەن، داننى كۆرمەي قاچىدىغان...

— قاسىم قېچىپ بولۇپ ئۆزىنى يامۇلنى تېشىپ قاچقان سادىردەك ھېس قىلدى - دە.

— بولدى، بولدى بۇلارنى خىجىل قىلماڭلار، كىم يەنە مۇشۇ گەپنى قىلىدىكەن، مەندىن ئاغرىنمىسۇن، بۇ دۇنيادا كىم خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ، — دېدى ناسىراخۇن ئاچچىق قىلىپ.

— ئاللا نۇرغۇن گۇناھلارنى كەچۈرگەن يەردە بىز بۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەمدۇق؟ خاتالىقنى تونۇغاندىن



كېيىن بولدىغۇ؟ — دېدى ئابلىز قارىي.

بارات پالۋان ئاچچىقىدا ئوسماننى ئۇرۇپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن، ئوسماندىن ئەپۇ سوراشقا سۈت بىلەن كىرگەن ئەرلىك غۇرۇرى يول قويمىدى. ئەكسىچە: «ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنچىلىك تاياقتا چىدىمىسا ئوغۇل بالا بولامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئەقىل تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەسلى ئۇنچىلىك ئۇرۇۋەتمەسلىكىم كېرەكتى، قانداق قىلىمەن؟ خوي - پەيلىم شۇنداقكەن. بۇ خۇيۇم جاننىڭ چىقىشى بىلەن تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۆزىگە تەسەللى تاپتى. ئۇنىڭ قاپىقى بۇ قارىياغاچلىقتىن قوزغالغىچە ئېچىلمىدى. ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا پارتىزانلارغا ئاچچىق سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەمدە ۋەتەن، ھۆرلۈك تۇيغۇسى سۇس بولىدۇ، ھالال - ھارامنى ئايرىيالمايدۇ. ۋىجدانى قۇرۇتلاپ كەتكەن بولىدۇ. باسماقتا كەپتەر داننى دەپ چۈشىدۇ. بىز خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئاتلانغانلار بۇنىڭغا تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ھېكىمباي، موللا شاڭيۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك. ئۇ خۇددى خۇدا پىرئەۋننىڭ ئۆلۈكىنى كىشىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقىرىپ قويغاندەكلا بىر ئىش. ھەقىقەت بىلەن ۋىجدان نەپسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىسۇن. داخىيەنزىگە كىرگەندە ئولجىغا كۆزىمىزنى قىزارتمىدۇق ئەمەس، قىزارتتۇق. شۇ سەۋەبتىن ئاللا بىزنى دەشتى - چۆلگە تاشلاپ، ئاچلىقتا سىنىدى ھەم سىناۋاتىدۇ. بىز ۋىجدان، غۇرۇر، مۇستەھكەم ئېتىقادىمىز بىلەن ياشساقلا ھەرقانداق قىيىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز. ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ...»

پارتىزانلار داخىيەنزى دەرياسىنىڭ بويىغا ئورۇنلىشىپ،

ماغدۇرسىزلىنىپ ياتقان بىر كۈنى ئىلىدىن بىر كىشى كېلىپ بۇلارنى غۇلجا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇلار ۋۇتەيگە بارغاندا، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇلارنى كۆرۈپ، غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرۈۋاتقاندەك داڭ قېتىپ قالدى. تاماق يەۋاتقان بىر جەڭچى ئىختىيارسىز هالدا:

— بۇ ياۋايى ئادەملەر ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سالدى.

قاسىم جودا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، هېلىقى جەڭچىنىڭ مەيدىسىگە بىرنى تېپىپلا قاچا - پاچىلىرى بىلەن كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتتى. ياسىن دوختۇر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. بارات پالۋان ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

— هەي ئاقپىشماق لاتا، بىزنى سەن ياۋايى دېسەڭ، خەق نېمە دەيدۇ؟ بىز ياۋايى بولۇپ نېمە قىپتۇق ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، بولمىسا كۆزۈڭگە قولۇمنى تىقىۋېتىمەن. فورما كىيگىنىڭگە لايىق نەنى ئازاد قىلدىڭ؟...

— يائاللا قاسىم، ئەجەب جىدىلىڭ تۈگىمىدى. بېشىڭنى ئۇڭلاپ قويساق قۇتۇلارمىزمىكىن سەندىن، — دېدى تۇردىئاخۇن ماجىرانى پەسەيتىش ئۈچۈن.

— ئاۋۇ ياۋايى دەۋاتسا، ماڭا كىم تېگىدۇ؟ مايمۇن ئالامتىم؟

قاسىمنىڭ چىچاڭشىپ قىلغان گېپىدىن هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بولدى قاسىم سېنى ئۆيلىمەي، بۆشۈككە بۆلۈۋېتەيلى.

— مۇشۇ ئاچچىقى بىلەن بۆشۈكتە ياتامدۇ بۇ؟ ئېمىتكەن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ يۇلۇۋالا...

— باراتكامنى ئىنىڭ ئانا قىلىپ قويامدۇق؟

جېدەل ئاخىر كۈلكىگە ئايلاندى. پارتىزانلارنىڭ كۆزلىرىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ، سېستىرا قىزلارغا مۇڭلىنىپ



تىكىلدى. شۇ تاپتا بارات پالۋاننىڭ كۆز گۆھىرىمۇ ئېقىپ كېتەي دەۋاتاتتى. هېلىقى پەشۋا يېگەن جەڭچىنى سەپدىشى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇستىۋاشلىرىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن دېگەن گېپىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى.

بارات پالۋانلار ۋۇتەيدىن قوزغىلىپ تۇرۇشىغا: «يۈڭجىخۇنى دۈشمەنلەر بېسىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بارات پالۋان هەسرەتلىنىپ:

— شۇنچە ۋاقىت ساقلاپ ياتقىنىمىز بىكار بوپتۇ. هېلىقى مەنسۇر دېگەن نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ — دەپ غودۇردى.

بۇ خەۋەردىن پارتىزانلارنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، چەكسىز غېرىبلىق ئىچىدە چۆلدەردى. لېكىن، باسقان ئىزدىن قايتىشمىدى.

يول ئارىشقا كەلگەندە مەرگەنلىكى بىلەن «بىر كۆزلۈك ئادەم» دەپ نام ئالغان نۇراخۇن زەيدىن بارات پالۋاننىڭ يېنىغا ئېتىنى بۇراپ كەلدى.

— بارات، مەن يۇرتقا قايتاي... — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— نېمىشقا؟ — دېدى بارات پالۋان ئۇنىڭغا چۆچۈپ قاراپ.

— دادام يالغۇز قالغان، مەن بېرىپ قارىمىسام بولمايدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، دادامغا مەندىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق.

— ئىختىيارىڭ، — دېدى بارات پالۋان ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، — داخىيەنزى ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن قەهرىمانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. خەير! خۇداغا ئامانەت، يۇرتداشلارغا سالام ئېيتىڭ. لېكىن، قۇربان بولغان سەپداشلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتماڭ.

— بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، خەير! خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. ئاندىن

سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىنى بورتالا شەھىرىگە قارىتىپ قويۇۋەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقان پارتىزانلارنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك تۇمانلىرى ئورىۋالدى.

نۇراخۇن زەيدىن ئاخشام مۇنداق بىر چۈش كۆرگەنىدى: بارات پالۋان ئاپئاق تاۋۇتلار بېسىلغان ماشىنىنىڭ چاقىنى ئوڭشاۋاتقۇدەك. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نۇراخۇن زەيدىنگە: «بېشىڭىزغا شەپكىڭىزنى كىيىۋېلىڭ ياكى شاپاق دوپپىغا كۆنگەن بېشىڭىز قاسقان شەپكىگە كۆنمەيۋاتامدۇ؟» دېگۇدەك. نۇراخۇن زەيدىن: «شەپكە كىيسەم بېشىمدا تۇرمايدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا، كىيمىدىم» دېگۇدەك. ماشىنىنىڭ ماي باكىدىن قان تۆكۈلۈۋاتقۇدەك. ماشىنا ئۈستىدىكى تاۋۇت ئەتراپىدا تۇرغان سەپداشلىرى يىغا - زارە قىلىشىۋاتقۇدەك. نۇراخۇن زەيدىن ئۇلاردىن: «بۇ كىمنىڭ تاۋۇتى» دېسە، ئۇلار: «بۇ بارات پالۋاننىڭ» دەپ جاۋاب بەرگۇدەك. بارات پالۋان نۇراخۇن زەيدىننىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ: «سىز هازىر ئالدىراش، كېيىن بارسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگۇدەك...

سەھەردە نۇراخۇن زەيدىن چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى.



## ئون يەتتىنچى باب
## تەشنا قەلب

*باشقىلارنىڭ بەختىنى ئويلاش بىلەن ئۆز بەختىمىزنى تاپىمىز.*

*— پلاتون*

### 1

ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا ئاقۇش بۇلۇتلار يېپىشىپ تۇراتتى. تاغنىڭ زىننىتى بولغان ياپيېشىل قارىغايلار ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، كىشى قەلبىدە ئۆزگىچە زوق، ھەۋەس قوزغايتتى. سوزۇلۇپ ياتقان يېشىل يايلاقلاردا ھەرخىل ياۋا گۈللەر مەيىن شامالLاردا يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى. تىنىمسىز داۋالغۇپ تۇرغان كۆپكۆك سايرام كۆلى قارىغان ھەرقانداق كىشىنى ھاياجان ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرمەي قالمايتتى.

سايرام كۆلى ئۆزىنىڭ سېھرى بىلەن ئاجايىپ رىۋايەتلەرگە تولغانىدى:

«بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بۇ يەر كۆل ئەمەس، ئوت - چۆپى، سۈيى مول، گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن گۈزەل ئوتلاق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكارغا چىققان يالماۋۇز بۇ ئوتلاقتا قوي بېقىۋاتقان گۈزەل قويچى قىز چىمەننى كۆرۈپ قېلىپ، نىيىتى بۇزۇلۇپ، نۆۋكەرلىرىگە قىزنى تۇتۇپ

ئوردىغا ئاپىرىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. قىز يالماۋۇزغا ئىتائەت قىلماي، قاراۋۇلنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاتقا مىنىپ ئوردىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ ياساۋۇلى قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىپتۇ، ياساۋۇل قىزغا يېتىشىۋالاي دېگەندە، قىز تېگى يوق بىر جىرانى كۆرۈپ قاپتۇ- دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قىزنىڭ يىگىتى — يىلقىچى باتۇر يىگىت سىدىق دەرھال يېتىپ كېلىپ، ياساۋۇلنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ جىراغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. جىرانىڭ ئىچىدىكى سۇ شۇ زاماتلا غەزەپ بىلەن مەۋج ئۇرۇپ، ئاسمان- پەلەك دولقۇن چىقىرىپ، يالماۋۇزنى ئوردىسى بىلەن قوشۇپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىپايان ئوتلاق ھازىرقىدەك كۆز يەتكۈسىز چوڭ كۆلگە ئايلىنىپتۇ. ھەسرەت- ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن چىمەن بىلەن سىدىق دولقۇنلاپ تۇرغان كۆل ئىچىدە بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى كىچىك ئارالغا ئايلىنىپتۇ.»①

«سايرام كۆلى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە، يەرلىك ئاھالە بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ قېنىدىن كۆل ھاسىل بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.②»

يەنە بەزىلەر: پەرىزاتتەك گۈزەل بىر قىز يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋلار بىلەن جەڭ قىلغىلى كەتكەن يىگىتىنى كۈتۈپ ياش تۆكۈشلىرىدىن بۇ كۆل ھاسىل بولغان، شۇڭا سايرام كۆلىنىڭ سۈيى تۇزلۇق، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە يا ئاقمايدىغان، يا تاشمايدىغان بۇ كۆل ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقى بىلەن «سۈت كۆلى» ، «تەڭرى كۆلى» دەپمۇ دەپمۇ ئاتىلىپ، بۇ

①② خوجا ئەخمەت يۇنۇس: «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» دىن.



بەردىن ئۆتكەن ھەرقانداق سەيياھنىڭ ئاپىرىن ۋە زوقمەنلىكىنى قوزغىغان. ھەتتا مۇھىم خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقا ئالدىراتقۇزغان.

مەزمۇت تاغلار ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، يېشىللىق قورشاۋىدا كۆپكۆك سۇلىرى تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان بۇ كۆلدىن ئۇرۇلۇۋاتقان نەمخۇش شامال ئاچچىق بىر تارىخنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. . . توختىماي چايقىلىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز بايانى بىلەن كىشى قەلبىدە ئىلاھى قۇدرەتنىڭ كارامىتىنى نامايەن قىلاتتى. خىياللار بوغۇنۇققان ئارمان، ھەسرەت تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاچچىق- ئاچچىق تىپىرلاشلاردىن كېيىن ئۆزگىچە قايتقاندەك بولاتتى. يۈرەكلەردىن چاچرىغان ئۇچقۇنلار بارا- بارا گۈلخانغا ئايلىنىپ، كۆزلەردە غەزەپلىك نۇر سىزىقىنى شەكىللەندۈرەتتى.

شۇنداق، ئۆزىنى تونىغان، ئېڭىدا ئويغىنىشنىڭ نۇرانە قۇياشى يانغان ئىنسان ھامان باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. زۇلمەتلىك كېچىدە ھەمىشە تېنەپ- تەمتىرەپ بەلگىسىز يوللارغا نىشانسىز كېتىۋەرمەيدۇ. بەلكى ھالاكەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزلىرىنى خار قىلغانلىقتىن قۇچاق ئاچىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىپ، سۇلماس بىر روھنىڭ ئۆزلىرىنى يېڭى بىر يورۇق دۇنياغا باشلاپ چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرۇشى ئىدى. بارات پالۋان شۇ تاپتا ئەنە شۇنداق تۇيغۇلاردا بولىۋاتاتتى. پات- پات نېمىدىندۇر بېشىغا بىر چىلەك مۇزدەك سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپمۇ كېتەتتى.

شۇ تاپتا بارات پالۋان بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ ئېغىر خىياللارغا چۆمگەنىدى. «خۇدا بىر ساقلاپتۇ. گومىنداڭلار بېسىۋالغان بولسا. . . ھېلىمۇ بالدۇر ئويغىنىپ قاپتۇق. بولمىسا. . . »

ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ پىيادە كېتىشىۋاتاتتى.

— پاھ بۇ يەر جەننەتنىڭ ئۆزىغۇ! — دېدى قوربان ئەتراپقا تويماي قاراپ.

— ئەپسۇسكى، پەرى يوقتە؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— ئۆيۈڭلىدىكى پەرى بولماي نېمە؟

بۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ھۇنجىخودىكى چاغلىرىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇچىسىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ يارىشىملىق فورمىسى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ كىيىملەردىن روھلىنىپ بۇرۇنقى تارتقان ئازابلىرى كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۆزلىرىنى ئەمدىلا ئەسكەر بولۇپ، جەڭگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى. ئۇلار لوسۇگوۇڭدىكى تەربىيىنى تۈگىتىپ ئالدىنقى سەپكە مېڭىشقانىدى.

— بارات، — دېدى ياسىن دوختۇر، — باشتىلا مۇشۇنداق ھۇجۇمغا ئاتلانغان بولساق - ھە! — ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياجان ئىلكىدە ئوينىپ كېتىۋاتاتتى.

— قەھرىمان دېگەن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزى مۇستەقىل يول تاپىدۇ. تەييار قورال، تەييار ئوزۇق - تۈلۈككە تايىنىپ جەڭگە ئاتلانسا، ئۇنىڭ ئانچە پەيزى بولمايدىكەن، يەنىلا تاياق - توقماق بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتلار قىزىقارلىق بولىدىكەن، — ئۇ ئاشۇ جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى ئەسلەپ قېلىۋاتاتتى، — مەن ئۆزۈمگە تايىنىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ئېردەنىدىن ياردەم، شەھەردىكى بايلاردىن ئاشلىق تەلەپ قىلمىدىم. خۇدانىڭ ئۆز ئورۇنلاشتۇرۇشى بولىدۇ... ئەڭ ياخشىسى ھەرقانداق ئادەم ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى ساقلاپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە قارىماي ئۆزىگە تايىنىپ ياشىشى لازىم. دۇنيادا ئادەمدىن قۇدرەتلىك كۈچ يوق، گەپ ئادەم ئۆز قۇدرىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى دەل جايىغا ئىشلىتىشتە.

بارات پالۋاننىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە بارات پالۋان باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. بارات پالۋان ئۆزىمۇ ھەربىي فورما بىلەن بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قارىغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز زوقى قوزغىلاتتى.

— بىزنىڭ يەنىلا بىر باتالىيوندا بولغىنىمىز ياخشى بولدى، — دېدى ناسىراخۇن.

— دۈشمەن ئۇۋىسىغا قاچانمۇ تېگىش قىلارمىز؟ — دېدى قارا قۇۋان خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— سەن ئۇنى ئويلىماي، ئاۋۋال يۇرتتىكىلەر بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، خوتۇنىڭغا تېگىش قىلىشنى ئويلىغىنا، — دېدى تۇردىئاخۇن، — مەن ئالدىراۋاتسام...

ئۇنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇشقا ئاتلانغانىدى. بارات پالۋان يىگىتلىرى لېسكىن قوماندانلىقىدىكى شىمالىي سەپ، كەڭساي ئۇچىنچى ئاتلىق تۈمەندە بولۇپ، بۇلار ئارغاباتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

بارات پالۋان ئىككىنچى يىگىتنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇنىڭدى ئۇ ئۆز بۇرچىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ئ ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇشنى باشلىقلىقنىڭ سۈپىتى دە تونۇيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئۈلگە بولغان جەڭ مەيدانلىرىنى كۆ ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بالىلىرىنى خىيال قىلغان چاغلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆزلىرىگە ئەڭ ئەشەددىي رەقى بولۇپ كۆرۈنەتتى - دە، ئازادلىققا پاتراق چىقىشنى ئارم قىلاتتى. شۇ خىل ئارمان ئىلكىدە يۈرىكى تىنىمسىز تېپىرلايتتى.

ئۇنىڭ قوماندانىنىڭ جاراڭلىق بۇيرۇقىدىن جەڭچىلەر بۆلەكچىلا جانلىنىپ، ئاتلىرىغا چەبدەسلىك بىلەن مىنىشتى - دە، ئالدىنقى سەپكە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ نۇرلانغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد قۇياشى بالقىپ، يۈرىكىدە ئارمان، ھاياجان، شىجائەت... ئۇرغۇندىلىرى تىنىمسىز دولقۇنلايتتى. ھاياجانغا تولغان قۇربان: «مۇشۇ ھالىتىمنى ئاپام، دادام، چىمەنگۈل كۆرسە، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر، چىمەنگۈل مەندىن بەخىرلىنىپ ئالدىمغا گۈل كۆتۈرۈپ چىقارمۇ ياكى...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئاتا - ئانىسىنى، بىر تۇغقانلىرىنى، يۇرتىنى، سۆيگەن يارى چىمەنگۈلنى بەكمۇ سېغىنغانىدى، بولۇپمۇ چىمەنگۈلنىڭ ئۇنى بەكرەك قىينىغان، ئەپسۇس...

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئىسسىق شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، چېكىلىرىدە مونچاق - مونچاق تەرلەرنى پەيدا قىلاتتى.

## 2

ئۇلار بورتالا شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرەكلىرى ھاياجان ئىلكىدە تىپىرلاشقا باشلىدى. قۇرباننىڭ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قۇربانغا كۆزى چۈشكەن بارات پالۋان ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى سېزىپ قالدى - دە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى تارتىشىپ ئاغرىپ كەتتى. «ھەي ئۇ بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىدىغان بولدى - دە، بۇرۇنراق ئېيتىۋەتسەممۇ بوپتىكەن...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، كۆزىنى قۇرباندىن ئۈزدى.

جەڭچىلەر شەھەرگە كىرىشكە بەكمۇ ئالدىراۋاتاتتى. ئۇلار ئۈيدىكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى تاڭ قالدۇرۇشنى



خىيال قىلىشاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار قۇربان بولغانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ئويلىغىنىدا، بېشى قايغىدەك، خىياللىرى چىگىشلەشكەندەك بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن تاڭ قالدۇراتتى. قەلبلەردە چەكسىز سۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىنى قوزغايتتى... جەڭچىلەر ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ شەھەرگە ئاز قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان خەلق دېڭىزدەك دولقۇنلاندى. ئۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈشتى. شامالخان بول ئوتتۇرىسىدا گۈل تۇتقان ھالدا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى ياسىغان گۈل چەمبىرەكنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ھەم قولىقىغا، شاپاق دوپپىسىغا گۈل قىستۇرۇۋالغانىدى.

— كەلدى! ئۇلار كەلدى...

خەلقىنىڭ زۇلۇم دەستىدىن مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەن جىسمى ئەمدى ئەسلىگە كېلىپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— ياشىسۇن مىللىي ئارمىيە!

— ياشىسۇن خەلقىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرى!

— يوقالسۇن زۇلۇم! ياشىسۇن ئازادلىق!

ئۇلار شوئار توۋلىغىنىچە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشقانىدى. ئۇلار قىن - قىنىغا سىغمايۋاتقان ھاياجىنىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي قېلىشىۋاتاتتى.

شامالخانغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرغان بارات پالۋان توپ ئارىسىدىكى خوتۇنى بىلەن باللىرىنى كۆرمەي قالدى.

— دادا... دادا...

بارات پالۋان ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى - دە، يۈرىكى ئىختىيارسىز تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

— ۋۇي سىلەرمۇ چىققانمۇ؟ سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ — ئۇ باللىرىنى زوڭزىيىپ تۇرۇپ قۇچاقلىدى.

— دادا ئەجەب پەيزى بولۇپ كېتىپسەن؟ — دېدى چولڭ ئوغلى خېۋىر.

— تونۇماي قاپتۇق، — دېدى خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، ئىچى كۆيگەن ھالدا.

— سىلەرمۇ كۆزلىرىمگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىسىلەر، سىلەرنى بەكمۇ سېغىنىدىم، — بارات پالۋان شۇنداق دەپ بالىلىرىنى تويماي سۆيۈپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا يېنىشلاپ قاراۋاتاتتى. يۈرىكى تېپچەكلەپ، تىنىقى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— بولدى دادا، مىجىۋەتتىڭ بىزنى. . . — بارات پالۋان بالىلىرنى قوللىرىدىن بوشىتىپ خوتۇنىغا قارىدى - دە، نەپىسى سىقىلغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىغا ئىللىق ھارارەت يامرىدى. خۇمارلاشقان جۇپ كۆز سۆيگۈنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئەگەر كىشىلەر بولمىسا ئىدى. . .

قۇرباننىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى چىمەنگۈلنى ئىزدەپ تالدى - دە، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، نەپىسى بوغۇلدى. شۇ ئارىدا ئۇ چىمەنگۈلنىڭ دوستى ھەجەرخاننى ئۇچرىتىپ قالدى.

— ھەجەرخان نېمانداق قاراپ كېتىسىز، مېنى تونۇماي ۋاتامسىز؟ مەن قۇربان.

— قۇربان. . . ۋاھ! نېمانداق پەيزى بولۇپ كەتتىڭىز. . . — ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي جىمىپ قالدى.

— چىمەنگۈل قېنى؟ ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى قۇربان تەقەززالىق بىلەن.

— تېخى بىلمەمسىز؟ . . . — دېدى ھەجەرخان بوش ئاۋازدا.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ . . . — دېدى قۇربان ئەنسىز ھالدا.

— ئۇ. . . ئۇ. . .



— تېز ئېيتسىڭىزچۇ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ . . . — قۇرباننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ئۇ. . . ئۇ. . . توي قىلدىمۇ؟

— ياق، ئۇ. . . ئۇ. . . دۈشمەننىڭ ئوقىدا. . .

— نېمە؟ ئۇ. . . — قۇرباننىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك، كۆز ئالدىدا چاقماقلار شىددەت بىلەن چېقىلغاندەك بولدى - دە، بېشى ئايلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— قۇربان. . . — ھەجەرخاننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— مېنىڭ بالام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ قېنى؟

— مېنىڭ بالام. . .

— يۈرەك پارەم قېنى. . .

— . . .

بىرنەچچە ئانىنىڭ ئەنسىز يىغىسى ھەممەيلەننى شۇ تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئانىلار يىغان بىلەن يىغلاشماقتا، يۈرەكلىرى ئېغىر ئازابلاردىن تىترىلاپ، لەختە - لەختە قان بولماقتا ئىدى.

— ۋاي بالام، ئۇرۇشتا قۇربان بوپسەن، ئارمىنىم يوق. مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، ھايات بولساڭ كېلەتتىڭ، مېنى باغرىڭغا باساتتىڭ، جان بالام، جېنىم بالام، ئەزىز بالام، ئۆزۈڭنى ئويلىماي ئەلنى ئويلىغان بالام.

بۇ ياسىنجاننىڭ ئانىسى ئىدى.

— جېنىم بالام قېنى سەن؟ دوستلىرىڭ قاتارىدا كۆرمىدىمغۇ. . . — بۇ ئەمەتنىڭ ئانىسى ئىدى. مۇھەممەت گاڭگۇڭنىڭ ئانىسىمۇ يىغىدىن توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

— ئەلنى دەپ قۇربان بوپسەن بالام، تۇغقىنىمغا مەن رازى، مەرد بالام، گاڭگۇڭ بالام. . .

— سېنى نەدىن تاپارمەن، قەبرەڭنى نەدىن سورايمەن؟

جان بالام جېنىم بالام...

چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بۇ ئانىلارنىڭ، ئاتىلارنىڭ ئېچىنىشلىق يىغا - زارى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، ئەمدىلەتىن ئۈمىد نۇرى پارلىغان كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرىنى پەيدا قىلدى.

قۇرباننىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، قىساس ئوتلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەتتى.

— مەن ئۇنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمەن! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ئۇ.

قۇرباننىڭ ئەلەملىك نىداسىنى ئاڭلىغان بارات پالۋان ئۇنىڭغا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي، دەريا بويىدا ئۇنىڭ قىلغان ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئىچى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولدى. قەلبىنى چىدىغۇسىز بىر خىل ئازاب قامال قىلدى. «ئۇ ئوغۇل بالا، چىدىشى كېرەك...» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى - دە، بالىلىرى ۋە ئايالى بىلەن ۋاقتىنچە خوشلىشىپ، قۇرباننىڭ يېنىغا كەلدى. ھەجەرخان بۇ چاغدا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتى.

— قۇربان ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەن بۇنى داخىيەنزىدىكى چاغدىلا ئاڭلىغان، لېكىن ساڭا دېيىشكە تىلىم بارمىغان... ئاخىر ئۆزۈڭ... — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا، — سەۋر قىل...

— دېمىگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ئەگەر دېگەن بولسىڭىز شۇ يەردىلا ئۆلۈپ كېتەركەنمەن...

— بۇنىڭدىن چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، يۇرت، خەلق تېخى تامامەن ئازاد بولغىنى يوق... مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ يېنىغا باراي...

— مەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمەيمەن، مەن دېگەن ئەركەك،



چوقۇم چىمەنگۈلنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، — ئۇنىڭ ياش پەردىلىرى تارتىلغان كۆزلىرىدىن قەھر - غەزەپ ئوتلىرى ياندى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنىچە ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كەلدى - دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

قاسىم جودانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا يېنىشلاپ قارايتتى. باغرىغا باساتتى...

بۇلارنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىراق - يېقىندىن كەلگەن خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك جەڭچىلىرىگە ئالغاچ كەلگەن توقاچ، تۇخۇم، گۆش... دېگەندەك نەرسىلەرنى سۇنۇشاتتى. جەڭچىلەر خەلقنىڭ ھىممىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ھازىرلا يەنە جەڭگە ئاتلانغۇسى كېلەتتى. ناسىراخۇن، قارا قۇۋان، تۇردىئاخۇن، ئابلىز قارىي، ياسىن دوختۇر... لارنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سېغىنىش پىغانلىرىدا تۆكۈلگەن خۇشاللىق ياشلىرى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئۇلار تېخىمۇ كۈچلەنگەندەك، غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. بۇلار ئاتنىڭ بالدۇرراق ئېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بەخت نۇرلىرىغا چۆمۈلۈشنى خىيال قىلىشاتتى.

سىدىق كۆك كۆزنى ئاتىسى بىر يانغا تارتىپ، نەسىھەت قىلىۋاتاتتى:

— بالام، سەن خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلما، باتۇر، يۈرەكلىك بولساڭ، مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن. بۇرۇن گومىنداڭ ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلار ھازىر خەلق ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەي يۈرۈشىدۇ. سەن ئۇنداقلاردىن بولما. مۇناپىق دېگەننىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزى قارا بولىدۇ. موللا شاڭيۇ قان قۇسۇپ بىر ئەخلەتخانىدا ئۆلۈپ قالدى. خەلق ئۇنىڭ جەسىتىنى يەرلىكتە قويۇشقا ئۇنىماي، ئاخىر يەنىلا ئۆز قېرىندىشىمىز كەن، دەپ كۆمۈپ قويۇشتۇق. ئادەم ۋىجدان،

غۇرۇر بىلەن ياشىشى كېرەك. بالام، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماق ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەم. بارار جايىمىز ئاللانىڭ دەرگاھىدۇر. خەلققە خائىنلىق قىلىشتىنمۇ ئارتۇق نومۇس ئىش يوق. ئۇنداق ئادەمنىڭ يۈزى ھەر ئىككى ئالەمدە يورۇق بولمايدۇ. مەڭگۈ خار - زەبۇنلۇق ئىچىدە ياشايدۇ. خەلق ئۇلارنى قارغايدۇ...

— دادا، مەندىن خاتىرجەم بول. ماڭا ئىشەن!

— سەن بارات پالۋاندەك مەرد، باتۇر، شىر يۈرەك ئەزىمەت بول! ياخشى نامىڭ تارالسۇن.

غۇلجا تەرەپتىن كەلگەن جەڭچىلەر خەلقنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقانىدى.

— باراتكا، سىزنى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بىر جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ماقۇل، مەن لېسكىن بىلەن كۆرۈشۈپلا بارىمەن... خوش بالام، كەچتە ئۆيدە كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ ئايالىغا مەنىلىك قاراپ.

— دادا، كەچتە تاپانچاڭنى ئوينايمەن، — دېدى ئىككىنچى ئوغلى جىلىل.

— ماقۇل... — دېدى ئۇ ئۇسسۇل ئويناپ جەڭچىلەرگە گۈل تەقدىم قىلىۋاتقان شامالخان تەرەپكە قاراپ.

بۇ يەردە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئادەملەر قايتىدىن رەتلەنگەندىن كېيىن، ئىشلار خېلى يۈرۈشۈپ قالغانىدى. ئېردەنى تۆەنى تارباغاتاي، ئالتاي تەرەپتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن شىخۇ تاشىيولىغا بۆيرۇق بويىچە ئاتلىنىپ كەتكەنىدى. شەھەر باشقىدىن ئاۋاتلىشىپ، كوچا - كويلاردا قىزغىن بىر كەيپىيات داۋام قىلىۋاتاتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۈك - باراقسان ئورمانلار، مېۋىلىك باغلار كىشىگە ئاجايىپ ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. كوچىلار پاك - پاكىز

سۈپۈرۈلۈپ، سۇلار چېچىلغانىدى. شامالخان گاھىدا قورۇق تاملارغىمۇ ئەسەبىيلەرچە سۇ چېچىپ كېتەتتى. ھەممە يەردىن بىر خىل پاكىزلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، گۈللەرنىڭ خۇشبۇيى ھىدلىرى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. ھەممە جايدىن قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى...

مىللىي ئارمىيە بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يەنە يۈرۈشنى داۋام قىلدى. مېڭىش ئالدىدا شامالخان بارات پالۋان بىلەن قىسقىلا پاراڭلاشتى. شامالخان ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ چاغدا پاراڭلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

— بارات، مەن غۇلجىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە مېھرىم قانماي تۇرۇپ قالدىم. كەچۈر، خىزمىتىڭدە بولالمىدىم. مىللىي ئارمىيىنىڭ قورۇلۇش مۇراسىمى بەكمۇ ھەيۋەت بولدى. يىغلاپ تاشلىدىم. غاپپار بەگ بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم... ئۇ بۇ يۇرت ئازاد بولغاندىن كېيىنلا غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەن - ھە... بارات مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن، خۇدا ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن. كۆرەش تېخى ئالدىڭدا، سەن غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن كۈنۈڭ دەل مېنىڭ بەخت گۈلۈم ئېچىلغان كۈن، ئەكسىچە بولسا بەلكىم مېنى كۆرەلمەسسەن... خەير، خۇداغا ئامانەت...—

شامالخان شۇنداق دەپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. بارات پالۋاننى ئېغىر خىياللار چۇلغىۋالدى.

خەلق مىللىي ئارمىيىنى ئۇزىتىپ بولالماي ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ جەڭچىلەردىن ھېچ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار جەڭچىلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، بۇ يۇرت چۆلدەرەپ قالغاندەك بولدى، خەلق ئۆزلىرىنى قىممەتلىك بىر نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بىر خىل غېرىبلىق ئىچىدە قالدى. ئۇلار ئۆز ئارا «ئۆزىمىزنىڭ ئېرىكى بولسا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇلارغى

ھەربىي كىيىملەر يارىشىدىكەنغۇ» دېيىشەتتى. ئۇلار ھەققىدىكى پاراڭ ھېچ بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

باغ ئىچىدىن شامالخاننىڭ شادلىق ناخشىسى ياڭراۋاتاتتى.

كۆڭلۈم ئەجەب يايرىدى،
بەخت كۈلۈپ باققاندا.
قىران بۈركۈت ئاسماندا،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچقاندا.

كېيىن ئۇنىڭ ناخشىسىغا قۇشلارمۇ جور بولۇپ كېتىشتى.



## ئون سەككىزىنچى باب

# جەڭگاھتىكى قىيامەت

*ئەگەر قانخور ياۋ بىلەن قىلىشساڭ جەڭ،*
*راۋادۇر قانچە كۆپ قېنىنى تۆكسەڭ.*

— *خۇسرەۋ دېھلىۋى*

1

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى. بارات پالۋان ئاتتا مەغرۇر ئولتۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. شامالخاننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىگەندە، ۋۇجۇدىدا يېڭى بىر كۈچ - قۇۋۋەت تاشقىنلايتتى. قۇربان چىمەنگۈل ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا ئالدىراۋاتاتتى. بارات پالۋان ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئىچى كۆيگەندەك بولدى - دە، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇربان بولغان سەپداشلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يىغا - زارى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى كۈچەيدى. «خۇدا سەن مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ماڭا مەدەت بېرىپ، جېنىمنى ئامان قىلىپ، سەپداشلىرىم ئۈچۈن قىساس ئېلىشىمغا، خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا مەدەت بەرگەيسەن» دەپ ئاستا پىچىرلىدى ئۇ. بۇلارنىڭ ئالدىدا يۈز مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىن

رازۋېدكا قىلىش قىسمى كېتىپ باراتتى.

بۇلار قىزىل تۇز ئارقىلىق مېڭىپ، مۇھەممەت غاڭزىنىڭ جاڭزىسىنى ياقىلاپ، سەھەر بىلەن موفاڭغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە دۇشمەننىڭ مىڭغا يېقىن ئادىمى بار ئىدى. دۇشمەن تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئەتراپى دالا بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئىچىدە ئائىلىلىكلەر ئاز ئولتۇراقلاشقانىدى. لېسكىن دۇشمەن تەرەپنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى. شۇ پىلان بويىچە ھۇجۇم باشلاندى. ئوقلار يامغۇردەك يېغىۋاتاتتى. جەڭچىلەر شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار شۇنداق ئىلگىرىلەپ بارغىنىچە موفاڭنى ئىشغال قىلدى. دۇشمەنلەر ساراسىمە ئىچىدە قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تىترەپ تۇرۇشاتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ «ھۇررا» سادالىرى بىلەن دۇشمەن قورغىنىغا بۆسۈپ كىرىشى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى.

— ئاجايىپ ئىش، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە لېسكىن، — ئىككى سائەتكە قالماي بۇ يەرنى ئېلىپ بولدۇق. بۇنداق باتۇر ئەزىمەتلەرنى ئۇچراتماق قىيىن، بىزگە ھېچقانداق زىيان بولمىدى.

— دوكلات! — دېدى ئالدىن رازۋېدكىغا كەتكەن بىر جەڭچى تىك تۇرغان ھالدا، — دۇشمەنلەر دۆربىلجىن تەرەپتىكى كۆۋرۈكنى ئىشغال قىلىپ، بەش ماشىنا ئەسكەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ.

— مەن ھازىرلا بارات پالۋاننىڭ قىسمىنى ئەۋەتەي.

— خوپ!

لېسكىن بۇيرۇقنى بارات پالۋانغا يەتكۈزدى. بارات پالۋان شۇ ھامان ئاتلىنىپ، كۆۋرۈككە ئاز قالغاندا، كېلىۋاتقان بەش ماشىنىنى كۆردى.

— بىز كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاۋۋال ماشىنىنىڭ



چاقىغا ئوق ئاتايلى.

— بولىدۇ كوماندىر! — دېدى تۇردىئاخۇن يۇقىرى ئاۋازدا.

ئۇلار شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تۆت ماشىنىنى ئىزىدا توختىتىپ، ئۇنىڭدىن قىيا - چىيا قىلىپ چۈشكەن دۈشمەنلەرنى ئېتىشقا باشلىدى. بىر ماشىنا دۆربىلجىن تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

— شۇنچە ئاتسام دەردىم چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى قۇربان پۇشۇلداپ تۇرۇپ.

بارات پالۋان ئۇنىڭغا قاراپ ئازابلانغاندەك بولدى - دە: «ئۇرۇش رەھىمسىز بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— ئەجەب ئاسان تەسلىم بولدى بۇلار، ئۆزۈمنى راسا بىر كۆرسىتىپ قوياي دېگەنتىم، — دېدى قاسىم جودا.

— ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن ئۇرۇشلار بار، — دېدى قارا قۇۋان چىرايىنى ئاچماي.

— نېمىدېگەن توك قاپاق نېمىسەن؟ بىر كۆلگىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟

— قاپىقىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئېچىلىدۇ.

بارات پالۋان لېسكىننىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى.

— دوكلات كوماندىر، ئۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرى ئىزىغا چۈشتى.

— ياخشى، بىز بۇ يەرنىمۇ، شامال ئۆتەڭنىمۇ ئېلىپ بولدۇق، ئەمدى بۇ يەرنى تەرتىپكە سېلىپ قويۇپ، دۆربىلجىنگە ماڭىمىز، سىلەردە ئاجايىپ بىر خىل ياۋايىلىق بار ئىكەن.

— سىز بىزگە ھاقارەت قىلماڭ، ئۇلارنى گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى شۇنداق يېتىشتۈرگەن!

— مەن دېگەن پولك باشلىقى، گەپ ياندۇرما.

— خاتا گەپ قىلغان ئادەملەرگە گەپ ياندۇرۇش ھەقلىق.
لېكىن كۈلۈپ كەتتى.

— ئاجايىپ يۈرەكلىك - دە سەن، مەن ساڭا قايىل، داخىيەنزىدە شۇنچىۋالا دۈشمەننىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىرگەن نېمە - دە سەن، ئەگەر مەن ئېشىڭغا توپا سېلىپ قويسام ماڭىمۇ جەڭ ئېلان قىلامسەن؟ — ئۇ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيتتى.

— سىز قارا كۆڭۈل بولسىڭىز ئەلۋەتتە سىزگە جەڭ ئېلان قىلىمەن.

## 2

ئۇلار تۈپتۈز دالىدا دۆربىلجىنگە قاراپ ماڭدى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى پەس ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنــــى بومباردىمان قىلاتتى. ئۇلار بىر تارقىلىپ، بىر يىغىلىپ يۈرۈشنى داۋام قىلىۋاتاتتى. شۇ خىل يۈرۈش بىلەن كۈرتى يېزىسىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلىپ، بۇ يەردە دەم ئېلىپ غىزالانغاندىن كېيىن، ئېمىل دەرياسىغا يېقىن جايدىكى ئاقسۇ يېزىسىغا يېتىپ باردى.

گومىنداڭ بارلىق كۈچىنى ئېمىل دەرياسى بويىــــغا ۋە ئىككىنچى ئىستىھكام قىلغان قازاق مەكتىپى ئەتراپىدىكى كونا سېپىل دۆڭلۈكىگە جايلاشتۇرغانىدى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قەيسىرانە روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ دەريا بويىغا يېقىنلاپ باردى - دە، شۇ يەرگە يېقىن بىر باغقا ئورۇنلاشتى. جەڭچىلەر جىددىي تۇتۇش قىلىپ ھۇجۇم قىلىدىغان تەرەپكە خەندەك كولاپ، شۇ يەرگە جايلىشىۋالدى. بۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنى خېلى بىخەتەر ھېس قىلىشتى. شۇ ئارىدا مىلتىق سۇرتۇۋاتقان بىر جەڭچىنىڭ مىلتىقىدىن تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كەتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىــغان دۈشمەنلەر بۇلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. ئوق دەرەخ شاخلىرىنــــى ئۈزۈپ



تاشلايتتى. جەڭچىلەر ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشمىگۈچە ئۆز ئارىلىقى يۈز مېتىرچە كېلەتتى. بۇلار بىلەن دۈشمەننىــڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇلار بىلەن دۈشمەننىڭ تۇراتتى. دەريا ئەتراپى بۇك - باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئورۇش دەھشىتىدىن بىخەۋەر ھالدا، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلاتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەن پوتەيلىــرى چوقچىيىپ تۇراتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ، قۇياش قان رەڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ زەر نۇرلىرىنى زېمىنگە بەخش ئەتكەندىن كېيىنمۇ، دۈشمەنلەر ئوق ئېتىشنى يەنىلا توختاتمىدى. ئانا تەبىئەت ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ھۆسندار جامالىنى ئاچقانىدى. لەرزان شامال ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارنى ئۇچۇرۇپ، بىرخىل گۈزەللىكنى جىلۋىلەندۇرۇشكە ئورۇناتتى، مۆڭلانغان زېمىن يۈزىدىكى گىياھلارنى يېنىــك سىلكىپ ئۆتەتتى. . . جەڭچىلەر بىرخىل جىددىيلىكتىن بىئارام بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى قىسقىلا پاراڭلىشاتتى.

— ئاداش مەن خەتەرگە يولۇقۇپ قالسام، دۈشمەن قولىغا تاشلاپ قويماڭلار، ئامال بولمىغاندا ئېتىــــۋېتىــڭلار. . . ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىڭلار. . .

ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى غەمكىن ھالدا تەسلىــكتە دېيىشەتتى - دە، خۇدادىن: «بىزنى ئامان قىلغايسەن» دەپ تىلەيتتى.

بىردىنلا شامال كۈچىيىــپ دۈشمەن تەرەپكە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— شامالمۇ ئۇلارغا قارشى چىقىۋاتىدۇ، ئەمدى مىلتىقنى قۇچاقلاپ ياتمىساق بولاتتى، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— خۇدا بىــــزگە مەدەت بېرىۋاتىــــدۇ. ئېھ خۇدا، ئىشلىرىمىزنى ئوڭ قىلغايسەن، — دېدى ئابلىز قارىي ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ.

— خۇدا بىزگە مەدەت بېرىدۇ. يولدا كەلگۈچە ئايروپىلان ئوقلىرى شۇنداق يېغىپ تۇردى. لېكىن بىزگە تېگەي دېمىدىغۇ؟ پەقەت بىر ئېتىمىزغىلا ئوق تەگدى، — دېدى سىدىق كۆك كۆز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ئاللا قۇدرەتلىكتۇر...

— ھۇجۇمنى باشلىساق بولمامدۇ؟ نېمىگە ياتىدىغاندىمىز، تۇخۇم باسقان مېكىياندەك... — دېدى قاسىم جودا چېچىلىپ.

ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشتى. جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە تەييار بولۇشتى. شامالنىڭ قارشى تەرەپكە ئۇرۇلۇپ تۇرۇشى بۇلار ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، قانلىرى قىزىپ كەتتى - دە، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، بىردە ئۆمىلەپ، بىردە ئېگىشىپ مېڭىپ ھۇجۇمنى تېزلەتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى پوتەي تۆشۈكچىلىرىگىمۇ كىرىپ كېتىپ، دۈشمەننىڭ توختىماي ئېتىلىۋاتقان پىلىموتلىرىمۇ بېسىقىپ قالاتتى.

بارات پالۋان باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر ئېمىل دەياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدا دەريانى كېچىپ ئۆتۈۋېتىپ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەنگە زەربە بېرىۋاتاتتى. بارات پالۋاننىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەنگە ئوق ئۈزۈپ كېتىۋاتقان يۈسۈپكە ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە جەڭچىگە ئوق تەگدى - دە، دەريا سۈيىنى قىپقىزىل قانغا بويىدى.

— يۈسۈپ! — ۋارقىرىدى قارا قۇۋان.

— سابىرجان! — ۋارقىرىدى بارات پالۋان.

— بارات، سىلەر ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، بۇلارغا مەن بار، مېڭىڭلار! — قارا قۇۋان شۇنداق دەپ دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئابلىز قارىينىڭ چېكىسىنى ئوق سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى.



— ئاناڭنى... — دېدى ئابلىز قارىي غەزەپ بىلەن.

ئۇلار دەريادىن ئۆتكۈچە ئون يەتتە جەڭچى قۇربان بولدى. قارا قۇۋان يۈسۈپ قاتارلىق بىرنەچچە جەڭچىنى دەريادىن سۈزۈپ چىققاندا، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

— خەپ ئاناڭنى، سەنلەرنى... — دەپ ھۆركىرىدى قارا قۇۋان، ئاندىن دەريانىڭ قارشى قىتىنىغا قاراپ، شالاقلىتىپ كېچىپ يۈگۈردى. ئۇلار دەريانىڭ قارشى قىتىنىغا چىققاندا، دۈشمەننىڭ بىر پوتەيدىن شىددەتلىك ئوق يېغىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى.

— ماڭا گراناتلارنى بېرىڭلار، — دېدى بارات پالۋان يېنىدىكى بىرنەچچە جەڭچىگە. ئۇلار دەرھال گراناتلارنى بېرىشتى. بارات پالۋان گراناتلارنى بىرلەشتۈرۈپ چىگىپ تۇرغىنىدا، ناسىراخۇن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كەلدى.

— مەن باراي، — دېدى ناسىراخۇن، — سەن بۇ يەردە بولمىساڭ بولمايدۇ.

— تولا سۆزلىمە! نېمىگە ۋالاقلايسەن! — بارات پالۋاننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغانىدى. ئۇ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ، پوتەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، ۋۇجۇدى غەزەپتىن چايقىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىرلا رەقىبىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئوق، گراناتلارنىڭ ئېتىلغان ئاۋازلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى. ئۇ پوتەينىڭ تۈۋىگە چاققانلىق بىلەن كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كۈچەپ تۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ چىگىلگەن گراناتلارنىڭ پىلىكىنى ئۈزۈپ تاشلىدى - دە، ئۆزى بىرنەچچە قەدەم كەينىگە چېكىنىپ دۈم يېتىۋالدى. دەھشەتلىك گۈمبۈرلەشلەردىن كېيىن بارات پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

— ھۇررا! — ئۇنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى ئەتراپنى زىلزىلىگە سالدى. جەڭچىلەرمۇ

سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ناھىيە ئىچىگە قاراپ ئاتلاندى.

دۈشمەنلەر بىرىنچى سەپتىن چېكىنىپ، ئىككىنچى سەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

سىدىق كۆك كۆز، قاسىم جودا ئىشىكلەرنى توختىماي قاقاتتى. بار كۈچى بىلەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتى.

— ئازاد بولدۇڭلار! سىرتقا چىقىڭلار!

ئۇلار بىر ئىشىكنى جاقىلدىتىپ ئۇرۇپ، قاتتىق ۋارقىراپ ئەمدىلا مېڭىشىغا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆي ئىچىدىن ئون بەش، ئون ئالتە ياشلاردىكى ئون نەچچە بالا ئالاقزادە بولغىنىچە چىقتى.

— سىلەر بىزگە ئەگىشىپ مېڭىڭلار، — دېدى سىدىق كۆك كۆز ئالدىراش ھالدا، — ھۇررا دەپ توۋلاپ بەرسەڭلارمۇ بىرگە ھېساب.

— ماقۇل.

ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇلار ئىچىدىكى بىر بالا:

— ماۋۇ قورۇدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بار، — دېدى يوغان بىر دەرۋازىنى كۆرسىتىپ.

— كىرمەيلى، دۈشمەنلەر كۆپ بولۇپ قالسا چاتاق، — دېدى جېلىل.

— بىز دېگەن ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىزنى ئاتىغانلار، نېمىدىن قورقاتتۇق، — دېدى قاسىم جودا دەرۋازىنى زەربە بىلەن تېپىپ ئېچىپ.

— ھۇررا دەڭلار باللار، — دېدى سىدىق كۆك كۆز قورۇ ئىچىگە مېڭىۋېتىپ.

— ھۇررا!! — باللار قاتتىق ۋارقىرىدى.

— دېرىزىدىن گرانات تاشلايلى، — دېدى سىدىق كۆك كۆز.

قاسىم جودا گراناتنىڭ پىلىكىنى ئۈزۈۋېتىپ: «ئۆلۈشە ئاناڭنى» دەپلا ئۆي ئىچىگە گراناتنى تاشلىۋەتتى. گرانات پارتلاپ جىمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆي ئىچىگە كىرىشتى. ئۆيدە ئون تۆت ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى تۇراتتى. بىرى ئوچاقنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغانىدى.

— چىقە ئاناڭنى، — قاسىم جودا ئۇنى ئوچاقنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقتى. ئۇ قورقىنىدىن تىترەپ تۇراتتى. ئۇ قورۇغا چىقىپلا قاچماقچى بولۇپ يۈگۈرگەنىدى. سىدىق كۆك كۆز ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى.

— نەگە قاچىدىكەن؟ ئاناڭنى!

— سىلەر، — دېدى سىدىق كۆك كۆز باللارغا قاراپ، — ئۆيدىكىلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىۋېلىڭلار، تېز، ئالالمىساڭلارمۇ كۆتۈرۈپ «ھۇررا» دەپ چۇقان سېلىپ مېڭىڭلار.

— سىدىق، ئەسلى سەن لېسكىنىنىڭ ئورنىدا باشلىق بولىدىغان نېمىكەنسەن.

— بولدى، يوق گەپنى قويۇپ، ئالغا ئاتلىنايلى، يۈرۈڭلار.

ئۇلار «ھۇررا» دەپ چوڭ كوچىغا چىققاندا، مىناميوت ئېتىلدى.

— يېتىۋېلىڭلار!

ھەممىسى يەرگە چاپلىشىپ، بېشىنى چۈمكەپ يېتىشتى. سىدىق كۆك كۆز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، باللار تېخىچە يېتىپتۇ.

— تۇرۇڭلار، ئىش تۈگىدى.

باللار قورقۇمسىراپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئۇلاردىن ئۈچى قۇربان بولغانىدى. سىدىق كۆك كۆز بۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ئېچىندى.

— قۇربان بولغان بالىلارنى مەكتەپ ئىچىگە ئەكىرىپ قويايلى، سىلەر مۇشۇ يەردە قېلىڭلار، — دېدى سىدىق كۆك كۆز بالىلارغا قاراپ.

— سىدىق بۇ مىناميوت بىز تەرەپتىن ئېتىلىۋاتىدىغۇ؟

— بىلمەيۋاتىدۇ - دە، لەقۋا گۇيلار، شۇنداق نېمىلەرگىمۇ مىناميوت تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ ئاناڭنى.

— ياغاچ تۇتقۇزۇپ قويماي دېگىنە.

— سەنمۇ قاسىم، تولا تېتىقسىز سۆزلىمەي، يۇر بالىلارنى ئەكىرىۋېتەيلى.

— بۇنداق ئىشلارغا ئادەمنىڭ كۆزى بارا - بارا پىشىپ قالىدىكەن، — دېدى قاسىم جودا بىر بالىنى يۈدۈۋېتىپ.

— بۇلار بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىللە تۇرمىغاچقا، ئۇلارغا مېھرىڭ يوقتە، ئەگەر مەن ئۆلسەم. . .

ئۇلار بالىلارنى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، جېلىل ئۆيدىن غىپپىدە سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. سىدىق كۆك كۆز كۆزلىرىدىن ياش تاراملاۋاتقان بالىلارغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ:

— سىلەر ئۇرۇش توگىگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بولمىسا سىلەر خەتەرگە ئۇچرايسىلەر، — دېدى.

— سىدىق، جېلىل يوققۇ؟ يۇر ئىسكىلاتقا كىرىپ باقايلى، نېمانداق ئادەمنى ئەنسىرىتىدىغاندۇ.

ئۇلار مەكتەپنىڭ ئىسكىلاتىغا كىرگەندە، جېلىل چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى تاغارغا قاچىلاۋاتاتتى.

— جېلىل ئۇنى ئالما، تاشلىۋەت بولدى، بۇ ھەربىي تۈزۈمگە خىلاپ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز.

— نېمە كارىڭ، ئۇرۇشتىن كېيىن كېرەك بولىدۇ.

— تاشلىۋەت، ئالما دەيمەن.

— مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماي چىقىپ كېتىش، — دېدى جېلىل ئۇلارغا ئالىيىپ



سىدىق كۆك كۆز بىلەن قاسىم جودا ئامالسىز چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئىسكىلاتتىن ئەمدىلا ئۇزاپ تۇرۇشىغا، مىناميوت ئوقى دورا بېسىلغان ئىسكىلاتقا چۈشۈپ، دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ پارتلىدى.

— جېلىل! — دەپ ۋارقىرىدى سىدىق كۆك كۆز بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى.

— ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قىلدى.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

— سىدىق، — دېدى قاسىم جودا، — ئۇنى مىناميوت ئوقىدا ئۆلدى دەپ قويايلى، پۇلنىڭ ئىشىنى دېمەيلى. ئۇ ئۇرۇشتا خېلى قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ قالساق بولماس.

— ئۇنداق دېسەك قانداق بولار، — سىدىق كۆك كۆز ئىككىلىنىپ قالدى.

— مۇشۇ ئىشتا سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، پۇل دېگەن شەيتان، ئۇ كىمنى ئېزىقتۇرمايدۇ.

— بوپتۇ. . . — دېدى سىدىق كۆك كۆز تىلىنىڭ ئۇچىدا.

ئۇلار ئۇيان - بۇيان قاراشقىنىچە يولغا چىقىشتى.

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان غېنى باتۇرنىڭ جەڭچىسى قاسىم تارانغۇ؟

— ۋاي قاسىم، نەگە ماڭدىڭ، بۇ يەردە يۈرسەنغۇ؟

— خۇدۇم يوق ھۇجۇم قىلىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. سىلەرمۇ شۇنداق ئوخشىمامسىلەر؟

— ھەئە.

— يۇرۇڭلار بازارغا كىرىپ باقايلى. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى ئۆزىمىزگە مىناميوت ئېتىپ يۈرۈيدا.

— شۇنى دېمەمسەن؟ ئۇلار نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ھەي دۈشمەن ئوقىدا ئۆلمەي، ئۆز

ئوقىمىزدا ئۆلگىنى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.

— شۇنى دېگىنە.

ئۇلار بازارغا كىرىپ، تۇردىئاخۇن، ناسىراخۇنلار بىلەن ئۇچراشتى.

— ھەي قاسىم جودا، سىلەرنى ئۆلدى دەپ ئاڭلىغانىدىم، يەنە يۈرۈيسىلەرغۇ؟ — دېدى تۇردىئاخۇن.

— بىزنىڭ جېنىمىز بوش يەردە ئەمەس، — دېدى قاسىم جودا.

— خۇداغا شۈكرى، ھايات ئىكەنسىلەر، — دېدى ناسىراخۇن، — نەگە ماڭدىڭلار؟

— گارنىزون قوماندانلىق ئورنىغا كىرىپ ھوقۇق تاپشۇرۇۋالايلى، دەپ كېتىپ بارىمىز، قۇربان ئاماندۇ؟

— ئۇنى سوراپ قالدىڭغۇ، ھە قاسىم؟

— شۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— بولدى، بولدى، قۇرۇق گەپنى قويۇپ تازىلاش ئېلىپ بارايلى. يۈر قاسىم، بىز ماڭايلى. قاسىم تاران سەنمۇ بارامسەن؟

— مەن ئادەملىرىمنى ئىزدەپ باقاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — سىدىق كۆك كۆز شۇنداق دەپ قاسىم جودانى باشلاپ، گارنىزون قوماندانلىق ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن قورۇ ئىچىدىن ئۆتۈپ، بۇسۇپلا ئىشخانىغا كىردى. ئىشخانىدا بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرى ئورۇندۇقتا روھى چۈشكەن ھالدا ئولتۇراتتى. تامدا بىر ماۋزۇر ئېسىقلىق تۇراتتى.

— ماۋۇنىڭ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى قارا، ئاناڭنى، — دېدى قاسىم جودا قورالىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

— ئاتما! — دېدى سىدىق كۆك كۆز.



— نېمە ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدۇ ماۋۇ، قارا ئولتۇرۇشىنى.

— سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار، — دېدى ئوفىتسېر بۇلارغا تىكىلىپ قاراپ.

— شۇنداق، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ تۇر ئورنۇڭدىن، — دېدى سىدىق كۆك كۆز.

ئوفىتسېر ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىكى تاپانچىسىنى ئېلىشقا، سىرتتىن كىرگەن بارات پالۋان ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلىدى.

سىدىق كۆك كۆز بىلەن قاسىم جودا تەڭلا كەينىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— باشقىلار قەيەردە؟ — دېدى بارات پالۋان.

— بىر قىسمىنى بازاردا كۆردۇق، قالغانلىرىنى بىلمەيمىز، جېلىل ئۇ... — سىدىق كۆك كۆز قاسىم جودانىڭ ئالىيىشىدىن ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتالمىدى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە، ئۇ...

— ئىنجىقلىماي ئېيتمامسەن؟ — بارات پالۋاننىڭ ئاچچىقى تۇتتى.

سىدىق كۆك كۆز ئۇنىڭ سۈرلۈك ئەلپازىدىن قورقۇپ، ھەممىنى ئېيتتى. قاسىم جودا ئۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى.

— بولدى، ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنچىلىك ئىشلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىدىغان، يۈرۈڭلار گۇمباغقا بېرىپ باقايلى.

قاسىم جودا بارات پالۋاننىڭ سۆزىدىن رازى بولۇپ، سىدىق كۆك كۆزگە ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، بارات پالۋاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. سىدىق كۆك كۆز دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلدى.

ئۇلار گومباغنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىنىدا، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ياش بالا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. بەزىلىرىنىڭ قول - پۇتلىرىغا كويزا، كىشەن سېلىنغانىدى.

— سىلەرنى نېمە ئۈچۈن سولاپ قويىدى؟ — دەپ سورىدى بارات پالۋان ئۇلاردىن.

— بىز، — دېدى ئاقسېرىق، گەۋدىلىك كەلگەن بىرى، — گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىدۇق، بىز ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئارىمىزدىن بىر خائىن چىقىپ، بىزنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئاندىن ئۇلار بىزنى سولاپ قويۇشتى.

— ئىسمىڭىز؟

— مەخسۇت، ئەسلىدە تۇەنجاڭ ئىدىم.

— مەخسۇت تۇەنجاڭ دېگىنە، يۈرۈڭلار، سىلەرنى كوماندىرنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي، بۇلارنىڭ قولىدىكى كويزا - كىشەنلەرنى بوشىتىڭلار.

— بوشىتىپ بولدۇق، بىرلا مەخسۇت تۇەنجاڭنىڭ قالدى.

— مەن بوشىتىۋېتەي، — قاسىم جودا ئۇنىڭ قولىدىكى كويزىنى بوشاتتى.

— يۈرۈڭلار ئەمىسە.

بۇلار يېتىپ بارغاندا، لېسكىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇۋاتاتتى.

— دوكلات كوماندىر، بۇلار گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامالغانلاركەن.

— نېمە سەۋەبتىن قامىلىپتۇ؟ — دېدى لېسكىن ئۇلارغا قارىغىنىچە.

— ئۆزلىرىدىن سوراپ كۆرۈڭ، — بارات پالۋان شۇنداق دەپ مەخسۇت تۇەنجاڭنى لېسكىنغا تونۇشتۇرۇپ قويىدى. مەخسۇت تۇەنجاڭ ئەھۋالنى لېسكىنغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.



— مۇنداق دەڭ، ناھايىتى ياخشى قىلىپسىلەر، ئادەم دېگەندە ئاشۇنداق ئادالەتنى ياقلايدىغان ساپ ۋىجدان بولۇشى كېرەك. سىلەر ھازىرچە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى لېسكىن سەمىمىي ھالدا، ئاندىن بارات پالۋان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — بارات، سىلەر ھەرقايسى جايلارنى تازىلاشنى كۈچەيتىڭلار. تازىلاش جەريانىدا دىققەت قىلىڭلار، — دېدى.

— ئۆزىمىزنىڭ ئاتقان مىنامىيوت ئوقى خېلى كۆپ ئادىمىمىزنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى، — دېدى بارات پالۋان سەل ئاچچىقلىنىپ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

— بىز جەڭچىلەرنى ناھىيە ئىچىگە ئۇنداق تېز كىرىپ بولار، دەپ ئويلىماپتۇق، سىلەر بەكمۇ قەھرىمان، باتۇر ئىكەنسىلەر، قالتىس! — لېسكىن باشقىچە گەپ قىلماي، مەخسۇت تۇەنجاڭنى باشلاپ شتابقا كىرىپ كەتتى.

بارات پالۋان ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، كەينىگە ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئېغىر دەسسەپ تازىلاش ئېلىپ بېرىشقا يۈرۈپ كەتتى. سىدىق كۆك كۆز بىلەن قاسىم جودا بىر - بىرىگە ئالىيىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

گومىنداڭچىلار كەينى - كەينىدىن يېگەن زەربىدىن ئۈركۈپ، ئىمىل دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە قاچقان بولسىمۇ، قوغلاپ يوقىتىش قىسىملىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئېغىر - يېنىك قوراللىرى غەنىيمەت ئېلىندى. ئالتاي تەرەپتىن كەلگەن قىرىق ماشىنا يۈك - تاقلىرى بىلەن قولغا چۈشتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ زور غەلىبە بىلەن ناھىيە ئىچىگە كىرىشى ئازادلىققا تەشنا خەلقنىڭ دىللىرىنى سۆيۈندۈرەتتى...

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، زېمىن قۇياش نۇرلىرىنى ئېمىشكە باشلىغاندا، قۇربان بولغان قىرىق ئۈچ نەپەر جەڭچىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، دەپنە قىلىندى. قىسىم ئىمامىنىڭ مۇڭلۇق

قىرائىتى مۇسىبەت ئىلكىدە ياش تۆكۈپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىپ ئۆتەتتى. قۇربان ئېغىر ھەسرەتلىنىپ: «بۇلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، بۇلار ئازادلىق يولىدا قۇربان بولغانلار، ئېھ خۇدا، بۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەيسەن. . .» دېگەنلەرنى پىچىرلىدى. بۇنى ھەممىلا جەڭچى خۇدادىن تىلەۋاتاتتى. بۇ 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشلەردىكى جەڭچىلەرمۇ زور قۇربانلارنى بېرىپ، غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

بارات پالۋان ۋەيرانچىلىق، غېرىبلىق، شادلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ناھىيە ئىچىگە قارىغىنىچە ئائىلىسىنى، يۇرتىنى، شامالخاننى خىيال قىلدى، كېيىن خەلقنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئاسايىشلىق كۈنلىرىنى خىيال قىلىۋىدى، تېنىگە ئاجايىپ بىر خىل ھاياجان ياماشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شېرىن ئارمانلار ئىلكىدە تېپىرلىدى. بۇلار ئەمدى چۆچەككە تېگىش قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. . .

## 3

چۆچەكنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىرلا كېلەتتى. بۇ يەرنىڭ ئائىلىسى تارقاق، قۇرۇلۇشلىرى رەتسىز، ئەتراپى دۆڭلۈك ۋە تاغلىق بولۇپ، بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئۈچ مىڭ ئەسكىرى تولۇق قوراللىنىپ ياتاتتى.

دۆربىلجىندىن ئاڭلانغان ئوق ئاۋازى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ تەرەپكە ئاتلانغانلىق خەۋىرى ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز غېمىدىلا يۈرۈشەتتى. ئۇلار جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي



مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بارات پالۋان تۇرۇۋاتقان قىسىم دۆربىلجىننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئېمىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چۆچەك - دۆربىلجىن تاشيولىنى كېسىپ تاشلاپ بۇ ئىككى شەھەردىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. شۇڭا، چۆچەكتىكى گومىنداڭچىلار قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە يۈرۈشەتتى. ئۆزلىرىدىن ئۆزلىرى ئۈركۈپ، پاتىپاراق بولۇشاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئەۋەتكەن دۆربىلجىن ھاكىمى ماشىنا بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئەمەلدارلارغا مەلۇم قىلدى.

— سىلەر تەسلىم بولساڭلار، قورال تاپشۇرساڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى. قېنى ئويلىشىپ كۆرۈڭلار.

ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋىرى ئۇلارنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتى. كۆپىنچىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۆزلىرىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتسىمۇ، لېكىن مۇھىم ھوقۇقلۇق دائىرىلەر جاھىللىق قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشتە چىڭ تۇردى. بۇ ئەھۋالنى دۆربىلجىن ھاكىمى قوماندانلىق شتابىغا خەۋەر قىلىشقا ئالدىراپ قايتتى.

چۆچەكتىكى باش ھەربىي قوماندان جىن تۇەنجاڭ چۆچەك شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنى توپقا تۇتۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا تۇرغىنىدا، دۆربىلجىن ھاكىمىنىڭ ۋە باشق ئەمەلدارلارنىڭ سوۋېت تەرەپكە قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى - دە، چىرايى ئۆڭۈپ ئۆزىمۇ قېچىشقا ئالدىرىدى. ئۇ ۋالىيىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، سوۋېت تەرەپكە قاراپ قۇيرۇقىنى خا قىلدى. . .

دۆربىلجىن ھاكىمىنىڭ چىقمىغانلىقىدىن بىر

ئەنسىزچىلىكنى سەزگەن لىبىسكىن بارات پالۋانغا ئادەم ئەۋەتىپ، سىپىلنى پارتلىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. گۈگۈم چۈشۈپ، ئەتراپقا بارا - بارا قاراڭغۇلۇق يېيىلىۋاتاتتى. ئېغىر قەدەم بىلەن يېتىپ كەلگەن بارات پالۋان جەڭچىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئەھۋالنى ئېيتتى - دە:

— بۇنىڭغا سىدىق بىلەن قاسىم بارسۇن! — دېدى كەسكىن قىلىپ.

— مەنمۇ بارىمەن! — دېدى قۇربان تىك تۇرغان ھالدا.

— بولمايدۇ، بۇيرۇق بۇيرۇق بولسۇن، ئارتۇق سۆزلەشكە ۋاقىت يوق، قاسىم، سىلەر ئاۋۋال تۈگمەنگە بېرىۋېلىڭلار، ئاندىن سىپىلغا يېقىنلىشىپ ئىشنى باشلاڭلار.

— خوپ باشلىق! — دېدى سىدىق كۆك كۆز خۇشال ھالدا.

ئۇلار تۈگمەنگە بېرىپ پارتلىتىش ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپنى بىر قۇر كۆزەتتى.

— ئىشنى باشلامدۇق كۆك كۆز، — دېدى قاسىم جودا. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېلىقى غۇم بولغاچقا، ئۇنىڭغا سەل توك تەگدى.

— باشلايلى، ئالىمادىس ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىپ قويارسەن.

— خۇدا ئۇلۇغ ئىشلارغا تۇتۇش قىلغان ئادەمنىڭ يولىنى ئاق قىلىدۇ. يۈر، ئىشنى باشلايلى، — قاسىم جودا ئۇنىڭ سۆزىدىن ئېرىپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق نەزىرى بىلەن قارىدى.

ئۇلار ئېگىز ئۆسكەن لويىلىقلار ئارىسىدىن مېڭىپ سىپىلغا يېقىنلاشتى - دە، سىپىلنىڭ ئاستىنى كولاپ مىنا كۆمدى.

— ئەمدى پىلىككە ئوتنى ياقايلى، — دېدى سىدىق پىچىرلاپ.



قاسىم جودا چاقماقنى چېقىپ پىلىككە ئوتنى ياقتى - دە، سىدىق بىلەن تۈگمەنگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇلار ئەمدىلا تۈگمەن ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشىغا مىنا دەھشەتلىك پارتلاپ، سىپىلنىڭ كېسەكلىرىنى ھاۋاغا لەيلىتىۋەتتى، شۇنداقتىمۇ قارشى تەرەپتىن ئوق ئېتىلمىدى. ئۇلار ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، مەغرۇر ھالدا قايتىشتى.

— يارايسىلەر، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭلار، — دېدى بارات پالۋان قاسىم جودانىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ.

جەڭچىلەر ئۇلاردىن بەكمۇ رازى بولۇشتى.

— يامانكەنسىلەر جۇمۇ؟ بارات پالۋاننىڭ ماختىشىغا ئېرىشىۋالدىڭلار، — دېدى ياسىن دوختۇر.

— قانچىلىك ئىشتى ئۇ، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— ئۇلار مېنىڭ پارتلاتقانلىقىمنى بىلىپ قالدى. مىناغا ئىسمىمنى يېزىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى قاسىم جودا.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى! قۇربانغا بۇ گەپلەر خۇشياقماي غەمكىن ئولتۇراتتى. باشقىلار ئۇنىڭ غەمكىن ھالىغا قارىسىلا، يۈرەكلىرى تارتىشىپ ئاغرىغاندەك بولۇشاتتى. ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپمۇ قىلىشمايتتى.

قاراڭغۇلۇق زېمىنغا تىقىلىپ تۇراتتى، ھەممە يەردە بىر مۈڭلۈك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى. جەڭچىلەر غەمكىن ھالدا خىياللارغا پېتىپ، كەلگۈسى بەختىيار تۇرمۇشنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشەتتى. قۇربان چىمەنگۈلنىڭ گۈزەل جامالىنى، ئۇنىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ، چايان چاققاندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت ئالدى. «ئاناڭنى! ھەممىنى قىلغان مۇشۇلار، بۇلار بىزگە نېمىشقا ئارام بەرمەيدۇ، زادى نېمىشقا؟... خەپ سەنلەرنى، بىرىڭنى قويماي قىرىپ تاشلىمايدىغان بولسام...» ئۇ

چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. «مەن سىزنىڭ ھەربىيچە كىيىم كىيگەن چاغلىرىڭىزنى كۆرەرمەنمۇ؟ ئۇنداق كۈنلەر كەلگەن كۈنى يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەمدۇ جۇمۇ؟»، «ئۇنداق بولسا مەن ھەربىيچە كىيىم كىيمەي»، «ياق، ئۇنداق دېمەڭ، بىر كۈنى چوقۇم ئالدىمغا ھەربىيچە كىيىم كىيىپ كېلىسىز، كېيىن بىلىسىز: دادام ھەربىي بولۇپ، ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، خەلقنى، يۇرتنى ئازاد قىلغان، دەپ ماختىنىپ يۈرەمدۇ تېخى، سىزنى ھۆكۈمەت ئۇرۇشقا قاتناشقان دەپ ئالاھىدە. . .» ئۇنىڭ خىياللىرى ئاشۇ يەرگە كەلگەندە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «ئىپلاسلار، قانخور جاللاتلار، مەن سەنلەردىن قىساس ئالمايدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي. . .» دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان جەڭچىلەر ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تۇز سېپىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ جىم يېتىشتى. ئۇلار پەقەت قوربانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھېسداشلىق قىلاتتى.

سەھەر. سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئاق بايراق لەپىلدىدى. ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسمان تۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىدى.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن بۇلارغا شەھەرگە ئاتلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى بۇلارغا قاراپ كەلكۈندەك ئاقتى. بۇلارنىڭ قوللىرىدا تۈرلۈك يېمەكلىكلەر، ئۇسسۇلۇقلار، دەستە - دەستە گۈللەر بار ئىدى. خەلق ئاممىسى ئازادلىق ئۈچۈن جەڭ قىلغان، ئۇستۇۋاشلىرىنى توپا - چاڭ باسقان، لېكىن روھى كۆتۈرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شەھەر ھاياجان ئىلكىدە دولقۇنلايتتى.



لېكىن شەھەر ئىچىگە كىرىپلا گومىنداڭچىلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، كۆكتومۇر، باختۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئاندىن ئۇ ئوفىتسېرلارغا شەھەرنى ئوبدان تازىلاشنى بۇيرۇدى.

— بۇلار ئەجەبمۇ قېچىشقا ئامراق نېمىلەركەن، جېنى چىقىپ كەتسىمۇ بىز بىلەن ئېتىشىپ كۆرسە بولمامدىغاندۇ؟ — دېدى قارا قۇۋان.

— گومىنداڭ قېچىشقا ئۇستا، مىللىي ئارمىيە ئېتىشقا دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنسەن - دە، — دېدى ياسىن دوختۇر.

— ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكەن، يۈرىكى يوق نېمىلەركەن بۇ.

تۈرمىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇلغانلار تۈرمە دەرۋازىلىرىنى چېقىپ بىرنەچچە يۈزلىگەن مەھبۇسلارنى يورۇقلۇققا چىقاردى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇلار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. تۈرمىدە يوقلىرىنى ئازگال ۋە قۇدۇقلاردىن ئىزدەشتى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، يامۇلنىڭ شەھەر تەرەپكە قارىتىلغان دەرۋازىسىدىن چۆچەك ئىنقىلابچىلىرىنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان بىر ماشىنا چىقىپ كەلدى. ماشىنىغا پاتمىغانلار پىيادە كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالغانىدى.

شەھەرگە كىرگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گىمنازىيە مەكتىپى ۋە ئىدارە، جەمئىيەت بىنالىرىغا ئورۇنلاشتى. بۇلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقارمىسىمۇ، نۇرغۇن ئوغۇل - قىزلار ھەربىي سەپكە ئۆزلۈكىدىن قاتناشتى.

شەھەر بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، ھەممىلا جايدا خۇشال كۈلكە سادالىرى جاراڭلايتتى. . .

مىللىي ئارمىيە قىسمىنى رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى. تۈركۈم -

تۈركۈملەپ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلار مەشىق قىلدۇرۇلدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر برگادىسىنى تەشكىللىدى. ئېپنۇر كۆلى — مايلى پارتىزانلار ئەترىتى، يېڭىدىن قۇرۇلغان چۆچەك ئاتلىق ئەسكەرلەر ئالتىنچى تۇەنى ۋە موڭغۇل دىۋىزىيىسى شىخو تەرەپكە، كەڭساي ئاتلىق ئۈچىنچى تۇەنى، دۆربىلجىن تۆتىنچى ئاتلىق تۇەنى ۋە مۇستەقىل تۇەنلەر قۇبۇقسار ئارقىلىق شىمال تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، ئالتاينى ئازاد قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى. چۆچەك خەلقى كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنىچە ئۇلارغا ئاقىۋول تىلەپ قالدى...

## 4

قۇبۇقسار ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى بەش يۈز كىلومېتىر، قۇبۇقسار ناھىيە بازىرى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئىككى يۈز كىلومېتىر شەرقىدە، يەنى ئالتايغا قاتنايدىغان تاشيول ئۈستىدە بولۇپ، تاشيول قۇبۇقسار ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى موڭغۇل چارۋىچىلىرى. قۇبۇقسار ناھىيىسى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى تۈزلەڭلىك ئىدى. بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 11 - شىسىنىڭ 31 - تۇەنى بار ئىدى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈزلەپ مۇداپىئە ئىستىھكام قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا كېسەكلەردىن كۆپلەپ پوتەي ۋە خەندەكلەرنى ياسىغانىدى. بۇ جايغا ئورۇنلاشقان گومىنداڭ 31 - ئاتلىق تۇەنىنىڭ جەڭ قىلىش تەجرىبىسى مول، قورال - ياراغلىرى خىل بولۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە



خېلى داڭلىق ئىدى. يۇقىرىدىكىلەر بۇ يەرگە تېلېگرامما يوللاپ قۇبۇقسارنى قەتئىي ساقلاش لازىملىقى، ئەگەر قۇبۇقسار قولدىن كەتسە ھەربىي قانۇن بويىچە بۇلارنى جازالايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. شۇڭا، قۇبۇقسارغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن جىمىنەي پارتىزانلىرى بىلەن كەڭسايىنىڭ ئۈچىنچى ئاتلىق تۇەنىنىڭ بىر لىيەنى بۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن غەلىبىلىك ئۇچرىشىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇبۇقساردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا گومىنداڭچىلار بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇلارغا قارشى تۇردى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پارتىزانلار ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. بۇلار بۇ ئارىلىقتا ھەرخىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە ۋەھىمە سالدى: گاھىدا ئىككى دانە يېنىك پىلىموتنى نەچچە يەرگە يۆتكەپ ئوت ئېچىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلسا، گاھىدا ھۇجۇم قىلغاندەك چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ساراسىمىگە سالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا مىللىي ئارمىيىنىڭ قالغان قىسىملىرى يېتىپ كەلدى. كوماندىرلار ئەتراپىنى كۆزىتىپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە كېڭەش ئېلىپ باردى.

— بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش ئەپسىز ئىكەن، ئوبدانراق ئويلانمىساق بولمىغۇدەك، — دېدى لېسكىن كېڭەش ئەزالىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ.

— ھۇجۇمنى باشلايلى، نېمىگە ساقلايمىز؟ — دېدى مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سوۋېت گىراژدانى دوسكونوف، — بىز ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىساق، ئۇلار تەسلىم بولۇشى مۇمكىن...

— ئالدىرىمايلى، — دېدى لېسكىن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ھەر قەدەمدە بىر خەندەك، يىگىرمىدىن كۆپ ئۈچ مېتىر

ئېگىزلىكتىكى پوتېيى تۇرسا، تۇپتۇز دالىدا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماق تەس، بۇ يەرگە گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ خىل ئەھۋالدا ھۇجۇم قىلساق...

— بىز ھامان ھۇجۇم قىلىمىزغۇ؟ ئۇنىڭدىن... — دوسكونوف ھەرخىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. لېكىن ئاخىر:

— بوپتۇ، سىنىڭمۇ ئويلىغىنىڭ باردۇ، — دېدى.

نامازدېگەردىن كېيىن ھۇجۇم باشلاندى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ دۈشمەن پوتەيلىرىگە يېقىنلىششقا ئاز قالغاندا ئۇلار ئالدىنئالا قېزىپ قويغان خەندەكلەرگە چۈشۈپ كېتىشتى. لېكىن دەرھال خەندەكلەرنىڭ ئۈستىگە ياغاچلارنى قويۇپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

جەڭچىلەر خەندەكلەرنىڭ ئۈستىگە ياغاچلارنى قويۇپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىۋاتقان ئوقلىرى جەڭچىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن دومىلاتماقتا. بارات پالۋان بىردە گرانات تاشلاپ، بىردە پىلىموتتىن ئوق ئۈزۈپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. دۈشمەن كۈچلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن بارا - بارا ئۈستۈن كەلمەكتە ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەن لېكىن دەرھال چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. جەڭچىلەر ئۆز پىغانلىرى چىقمىغان بۇ ئۇرۇشتىن نارازى بولۇشقاندەك چېكىنىشتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە ئەللىك جەڭچى قۇربان بولدى.

— بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، — دېدى بارات پالۋان كەچلىك غىزادىن كېيىن.

— ئۇلار نېمىشقا چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئۆلسەك مەيلى ئەمەسمۇ؟ — دېدى قارا قوۋان خاپا بولغاندەك قىياپەتتە.



— ئامال يوق، جەڭچىلەر تولا قىرىلىپ كەتتى.

— ئۇرۇش دېگەندە قىرىلىش بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بارات پالۋان ئۈن چىقارماي ئولتۇردى.

— بىھۇدە قان تۆككەننىڭ نېمە پايدىسى؟ چېكىنىپ تۇرۇپ يەنە ھۇجۇم قىلساقمۇ بولىدىغۇ؟ — دېدى ناسىراخۇن غەمكىن ھالدا، — ھېلىمۇ چىقىم ئاز ئەمەس، ھەر قېتىملىق ھۇجۇمدا ئادەملىرىمىز... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي سۆزدىن توختاپ قالدى.

— بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى تۇردىئاخۇن.

— بۇلار قانچىلىك نېمىتتى؟ ئاناڭنى! — دېدى قاسىم جودا ئېسىلىپ.

قوماندانلىق شتابىدىن يەنە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپ، جەڭچىلەر «ھۇررا» سادالىرى بىلەن دۈشمەنلەرگە قاراپ ئاتلاندى.

دۈشمەن پوتەيلىرىدىكى پىلىموتلاردىن تاتاتلاپ ئوقلار ياغاتتى. جەڭچىلەر قەيسەرلىك بىلەن ئۆزلىرىنى ئوق ئاغزىلىرىغا ئېتىشاتتى. ئوق تەگكەن جەڭچىلەر ئەلەملىك ۋايساپ بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتاتتى. بارات پالۋان گرانات ئېتىپ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ يەر بېغىرلاپ بېرىپ، قۇربان بولغان بىر جەڭچىنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پىلىموتتىن ئوت ئاچقىنىچە ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ياغدۇرىۋاتقان ئوقلىرىدا يەنە ئامالسىز يەر بېغىرلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. قارا قوۋان، ياسىن دوختۇر، ناسىراخۇن، قۇربانلار ئاپتوماتلىرىدىن توختىماي ئوق ئۈزۈپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇلار شۇنداق قەيسەرلىك بىلەن ئۈچىنچى خەندەككە بارغاندا قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. جەڭچىلەر جان ئاچچىقىدا دۈشمەننىڭ

كەلگەنلا يېرىگە زەربە بىلەن ئۇراتتى. دۈشمەنلەر مۇشۇ ۋاقىتتا نەگە ئۇق ئېتىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئۇلار سەللا پۇرسەت تاپسا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قىرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. پوتەيدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى پىلىموتلىرىنى ھەر تەرەپلەرگە قارىتىپ، پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى...

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

قۇربان، قاسىم جودالار چېكىنمەستىن دۈشمەن بىلەن داۋاملىق ئېلىشىۋاتاتتى.

— چېكىنىڭلار! — بارات پالۋان قەھر بىلەن ۋارقىرىدى، — بۇ دېگەن بۇيرۇق!

بۇيرۇق بولمىغان بولسا ئۇنىڭمۇ چېكىنگۈسى يوق ئىدى. ئامال قانچە؟ جەڭچىلەر دۈشمەنلەردىن «مېھرى» نى ئۈزەلمەي، ئۇلارغا زەربە بەرگەچ ئاستا - ئاستا چېكىنىۋاتاتتى. پوتەيدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئەتراپنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، قورallىرىنى ھە دەپ ئىشقا سېلىۋاتاتتى. مۇشۇ چېكىنىش پەيتلىرىدە دۈشمەن بىلەن قەتئىي ھالدا ئېلىشىۋاتقان سېستىرا گۈلخان بىلەن ئايگۈل دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى...

پوتەيلەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بولۇشىغا ئېتىۋاتقان ئوقلىرى بىرنەچچە جەڭچىنى كەينى - كەينىدىن دومىلىتىۋەتتى. جەڭچىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يەنىلا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەلەمدىن لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىۋېتىشتى. يۈرەكلىرى زەردە گۆش بولۇپ ئېچىشتى. جەڭگاھتىن چېكىنىپ چىققان جەڭچىلەرنى ھارغىنلىق، ئېغىر ھەسرەت، ئاچچىق ئازابلار چىرمىۋالدى. ھېچ كىشىنىڭ ھېچ كىشىگە گەپ قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى. ئۇلار ئامالسىز غەزەپلىرىنى ئىچىگە



يۇتۇشاتتى.

بۇ كۈنى كېچە بارات پالۋان كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا دۈشمەن ئۇۋىسىغا يالغۇز ئاتلانغۇسى كېلىپ كېتەتتى.

ئەتىسى سەھەر جەڭچىلەر دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى. ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى پوتەيگە دۈشمەنلەر ئايگۈل بىلەن گۈلخاننى يالىڭاچ قىلىپ مىخلاپ ئېسىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىتىلغان، كۆكسى كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، تورقىدىن ناھايىتى ۋەھشىي ھالدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئىپلاس تۇڭگۇزلار! — دېدى قۇربان ئۈنلۈك ۋارقىراپ. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ قىزلار چىمەنگۈل بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ جانىجان يۈرەك پارىسىنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ قانخور قاتىللار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالدى. باشقا جەڭچىلەرمۇ مۇشۇ خىل ھېسسىياتتا ئىدى. بەزى جەڭچىلەر بۇ قىزلارغا غايىۋى ئاشىق بولۇشقانمۇ ئىدى. ئەپسۇسكى...

— ھۇجۇم قىلايلى، — دېدى قاسىم جودا رەڭگى ئۆچكەن ھالدا، — ئەمدى جاننى ئاياشنىڭ لازىمى قالمىدى. ئوغۇل بالا تۇرۇپ بىز ئاشۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق، بىزنىڭ نەرىمىز ئوغۇل بالا؟ ... — ئۇ چىڭقىلىپ سۆزلىگەچكە بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇ قىزلارغا قارىغاندا، يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى.

— ھۇجۇم قىلساق بولمامدۇ، بىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ — دەپ غوۋغا قىلىشتى باشقا جەڭچىلەرمۇ.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى قورال كۈچى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئوزۇق - تۈلۈكى بىر تۈەن

ئەسكەرنى ھەم ئات - ئۇلاغلارنى ئۇزۇن مۇددەت بېقىشقا يەتمەيتتى. مىللىي ئارمىيىدە ئېغىر قوراللار بولمىغانلىقتىن، مۇھاسىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىر مەزگىل خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇشى ۋە ئىككى قېتىملىق قاقشاتقۇچ زەربىسى گومىنداڭ قوماندانىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. نائىلاج قالغان گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى مىللىي ئارمىيە تەرەپكە تەسلىم بولۇش توغرۇلۇق ئىككى قېتىم ۋەكىل چىقاردى. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان: تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى ئۆزلىرىگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش تەمىنات كاپالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۇلارغا قورال تاپشۇرسىلا ھاياتىغا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئېيتىپ، قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ئۈچىنچى قېتىم چىقىپ: تەسلىم بولغاندىن كېيىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدىغان - سېلىنمايدىغانلىقىنى، كۈنىگە قانچىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا دوسكۇنوف ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ: «سىلەر ئەمەلىيەتتە ئەسىرگە چۈشۈپ تۇرۇپ يەنە نېمە بىلجىرلايسىلەر، قورال تاپشۇرساڭلار تېز تاپشۇرمامسىلەر؟» دەپ ئاچچىقلاپ قاتتىق ۋارقىرىدى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى تەسلىم بولۇشنىڭ ئورنىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

دوسكۇنوف ئۇلارغا قاراملارچە قارشى تۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ



قويۇشنى خىيال قىلىپ: «قۇبۇقسارنىڭ غەربىدىكى پوتەي بىزنىڭ قولىمىزدا، شۇ يەردىن ناھىيە بازىرىغا باستۇرۇپ كىرىش كېرەك» دەپ قوماندانلىق شتابىدىكىلەرگە مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كەڭساي ئاتلىق ئۈچىنچى تۇەننىڭ بىر پەي ئەسكىرىگە گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قولىدىكى پوتەيلەرنى پارتلىتىپ بازارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ پەي ئىچىدە ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن بار ئىدى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا باشقا جەڭچىلەرگە قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. بارات پالۋان ئۇلارغا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ئۇمتەلدى، بىراق گېپىنى دېيەلمەي، ئۇلار بىلەن باش ئىشارىتى ئارقىلىقلا خوشلاشتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننىڭمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى. ئەپسۇس ۋاقىت يار بەرمىدى... ئۇلار بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى.

بارات پالۋاننىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

پەي كوماندىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەڭچىلەر دۈشمەن پوتەيلىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. جەڭچىلەر بىر تەرەپتىن گرانات ئاتسا، بىر تەرەپتىن ئاپتوماتلىرىدىن ئوق ئۈزگىنىچە يۈگۈرەيتتى. ئۇلار بارا - بارا دۈشمەن پوتەيىگە يېقىنلىشىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر بۇلارنى ۋەھشىيانە ھالدا ئوققا تۇتتى. بەش نەپەر جەڭچى ئارقا - ئارقىدىن يىقىلدى.

— ناسىراخۇن، سەن ئالدىغا ئۆتۈپ پوتەيگە يېقىنلاش، مەن سېنى ھىمايە قىلىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردىئاخۇن.

— ماقۇل! — ناسىراخۇن شۇنداق دەپ يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرەتتىن ئوت ئالغان كۆزلىرى دۈشمەن پوتەيلىرىگە قادالغانىدى. دۈشمەن ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىۋاتاتتى. تۇردىئاخۇن ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن گرانات تاشلاپ يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى. كېيىن ئۇمۇ

ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈپ ناسىراخۇنغا ئەگەشتى. ئۇلار پوتەيگە بارا- بارا يېقىنلىشىۋاتاتتى. دۈشمەن ئوقلىرىدا جەڭچىلەر ئەلەم بىلەن ۋارقىراپ بىر - بىرلەپ يىقىلماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن پەي كوماندىرى ئاچچىق يۇتۇپ، ئىچىگە چوغ چۈشكەندەك تولغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قالغان جەڭچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ دۈشمەن بىلەن بولغان كەسكىن جەڭنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ دۈشمەن پوتىيىگە قاراملارچە يېقىنلىشىپ بېرىۋاتقان ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇننىڭ هاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى. دەقىقە ۋاقىت شۇنچە قىممەتلىك ئىدى.

— ناسىراخۇن پوتەينى پارتلىتىۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردىئاخۇن دۈشمەن تەرەپكە بىر گرانات ئېتىۋېتىپ. ئاندىن ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ناسىراخۇننىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ بارغاندا، ئوق تېگىپ يىقىلدى.

— تۇردىئاخۇن، دوستۇم! — دېدى ناسىراخۇن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ.

— ماڭا قارىما، پوتەينى پارتلىتىۋەت. . . تېز بول! ساڭىمۇ ئوق تەگمىسۇن. . . — دېدى تۇردىئاخۇن ئۇنى يېنىك ئىتتىرىپ، — بول، نېمىگە تۇرىسەن. . . باللىرىمغا قاراپ قويارسەن. . . ماڭ. . .

ناسىراخۇن زەردە بولغان هالدا، ئىككى دومىلاپلا پوتەي يېنىغا كەلدى - دە، يېنىدىكى گراناتنىڭ يىپىنى تارتىپ، پوتەي ئىچىگە ئاتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ يىقىلدى. دەهشەتلىك گۈمبۈرلەشلەردىن كېيىن، ناسىراخۇن بىلەن تۇردىئاخۇن خاتىرجەم كۆز يۇمدى. . .

ئوق تېگىپ يارىلانغان پەي كوماندىرى بىلەن بىر جەڭچى بىر - بىرىنى يۆلىشىپ ئاران جەڭگاھتىن چېكىنىپ چىقىۋالدى. باشقا جەڭچىلەرنىڭ هەممىسى قۇربان بولغانىدى. بۇ ئىش پۈتۈن جەڭچىلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.



— قانداق دېگەن مەسلىھەتچى ئۇ، ئاناڭنى! — دەپ ئۆزىنى باسالمايلا قالدى بارات پالۋان. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق ياش تامچىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدا تۇردىئاخۇننىڭ خۇش پېئىل چىرايى، ناسىراخۇننىڭ تەمكىن هالىتى گەۋدىلىنىپ، بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا مۇدهىش كۆرۈندى. ئۇ ناسىراخۇن ۋە تۇردىئاخۇن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن چاغلىرىنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمايتتى. تۇردىئاخۇن بىلەن ناسىراخۇننى ئەسلىگەنسېرى، يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك بولۇپ، تولغىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ باللىرى، ئائىلىسى خىيالىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى. . .

شتاب قوماندانلىرى بۇ يەرنى تېزرەك ئېلىپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئالدىراۋاتاتتى. تۈەننىڭ ئىمامى بامدات نامىزىدىن كېيىن جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ جەڭگە كىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن تۈەن ئىمامىنىڭ بۇ پىكرى قىسىم قوماندانلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئۈچىنچى قېتىملىق ئومۇمىي هۇجۇمنى قوزغىدى.

ئوقلار تۆكۈلۈپ جاهاننى قارا تۇمان قاپلاپ، دەهشەتلىك ئېتىشىش، گۈمبۈرلەشلەر ئەتراپنى زىلزىلىگە سالدى. جەڭچىلەر باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىدى.

قېنى قىزىپ كۆزلىرىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان يىگىرمە جەڭچى ئۆزلىرىنى تۇتالماي، شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ دۈشمەن ئارىسىغا باستۇرۇپلا كىرىپ كەتتى. قۇربان بىلەن قاسىم جودا ئاپتوماتلىرىدىن تىنىمسىز ئوق ئۈزۈپ، دۈشمەنلەرنى جان - جەهلى بىلەن قىرماقتا ئىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىمۇ پىلىموتلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ بىرنەچچە جەڭچىنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى - دە، بۇلارغا قاراپ كەلدى.

— قۇربان، قورالىمدا ئوق تۈگىدى، — دېدى قاسىم جودا

ئەلەم بىلەن.

— مېنىڭمۇ، قانداق قىلىمىز؟

— ئۆيلىنىشقا ۋاقىت يوق، ئۆزىمىزنى دۈشمەنلەرگە ئاتايلى...

بۇلار دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلىۋاتقاندا، دۈشمەنلەر بۇلارنىڭ پۇتلىرىغا ئوق ئېتىپ يىقىتتى. ھەممە جەڭچىنىڭ قوراللىرىدا ئوخشاشلا ئوق تۈگىگەنىدى.

— بۇلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى تاپانچا ئاسقان، ياپما قاپاق، تەلەتى يامان بىرى غەزەپ بىلەن.

دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇلارنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ سولىدى-دە، جەڭچىلەرگە بېنزىن چېچىشقا باشلىدى. قاسىم جودا چاققانلىق بىلەن بېنزىن چېچىۋاتقان بىر ئەسكەرنىڭ پۇتىدىن تارتىپلا يىقىتتى-دە، يېنىدىكى تاپانچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پاي ئوق ئېتىشىغا، يەنە بىر ئەسكەر قاسىم جودانى ئېتىپ تاشلىدى.

— قاسىم! — دەپ ۋارقىرىدى قۇربان تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ھارام تاماقلار، ئېتىش، مېنى ئاتامسەن! — قۇربان شۇنداق دەپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، چاپانلىرىنى يىرتىپ مەيدىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەچكە ئورنىدىن تۇرالمايتتى.

— ئوت يېقىڭلار!

— ئاناڭنى، مېنى ئاتامسەن؟ نوچى بولساڭ كەلمەمسەن؟! — قۇربان جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.

ئوت يېقىلدى. جەڭچىلەرنىڭ نالە-پەريادى پەلەككە ئۆرلىدى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى. جەڭچىلەر دومىلايتتى، ئېچىنىشلىق ۋارقىرايتتى. قۇرباننىڭ ئاۋازى ھەممىدىن بەك ياڭراق ئىدى.

— ياشىسۇن ئازادلىق!



— ياشىسۇن خەلقىم!

دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى يۇتۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپتىن كەلتۈرۈلگەن مىناميوت، زەمبىرەكلىرىدىن ئېتىلغان ئوق دۈشمەنلەرنى ساراسىمىگە سالدى. دۈشمەننىڭ باش قوماندانى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. باشلىقسىز قالغان ئەسكەرلەر پىتىراپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەنلا قالدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھەيۋەتلىك «ھۇررا» سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ناھىيە ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە تېنەپ يۈرگەن دۈشمەنلەر قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى.

— بارات، سەن قوشتۇرغايغا بېرىپ، قارىمايغا چىقىدىغان يولنى توسۇپ، قاچقان دۈشمەنلەرگە زەربە بەر! — دېدى لېسكىن.

قوشتۇرغايغا ماڭىدىغان يول ئەتراپى پۈتۈنلەي چىغلىق ئىدى. جەڭچىلەر چىغ ئارىلىرىغا مۆكۈنۈپ ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئات-كالىلارغا ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان تۆت يۈز ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالدى.

— بۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ قىساسىنى ئالايلى! — دېدى سىدىق كۆك كۆز كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياش تۆكۈپ.

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!

— قىرىپ تاشلايلى!

جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى شاۋقۇن كۆتۈردى.

— ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ دېگەن ھەربىي بۇيرۇق! — دېدى بارات پالۋان ئەلەم ۋە ھەسرەت ئارىلاشقان ئاۋازدا.

جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئىغىر تىنىشتى.

— سىدىق، ياسىن، سىلەر ئەتراپنى كۆزىتىپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى ئازىلاپ شتابقا قايتىڭلار!

— باراتكا، — دېدى سىدىق كۆك كۆز يىغىدىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ، — مەن قۇربان بولغان سەپداشلىرىمنىڭ قىساسىنى ئالماي قويمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئېتىغا قامچا سالدى. ياسىن دوختۇر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى، بارات پالۋاننىڭ كۆزىدىمۇ ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

سىدىق كۆك كۆز بىلەن ياسىن دوختۇرغا تۇيۇقسىز ئوق ئېتىلىپ، يەنە جىمىپ قالدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ ئاستا ماڭدى. شۇ ئارىدا «كورۇڭ، كورۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ؟ ئاناڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى سىدىق كۆك كۆز چىغ ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قارشى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ دولىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— دىققەت قىلايلى، ئۇلار چىغ ئارىسىدىكەن، — دېدى ياسىن دوختۇر.

بۇلار پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ قارشى تەرەپكە زەن سالدى.

— ئاۋۇ چىغ لىڭشىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىتىپ پەسرەك ئاتايلى، — دېدى سىدىق كۆك كۆز.

— بولىدۇ، قېنى ئەمسە.

ئۇلار مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈشىگە ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ يەنە جىمىپ قالدى. بىرنەچچە ئەسكەر ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى.

ئۇلار چەنلەپ تۇرۇپ، ئىككى دۈشمەننى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى.

— يۈر، قوغلايلى!

ئۇلار دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، جىمجىتلىق باسقان



بىر جاڭزىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تامنى ياقىلاپ مېڭىۋاتقاندا، نام يېنىدىكى ئۆيدىن پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— بۇلار مۇشۇ يەردىكەن، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ياسىن دوختۇر.

— بۇلارنى مۇنداق قىلىمىز، — سىدىق كۆك كۆز شۇنداق دەپ، ئىككى گراناتنىڭ پىلىكىنى ئۈزدى - دە، ئۆي ئىچىگە دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى. گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار قىيا - چىيالار بىلەن قوشۇلۇپ، ئەتراپنى بىر پەس لەرزىگە سالغاندىن كېيىن، يەنە جىمىپ قالدى.

— يۈر، ئۆيگە كىرىپ باقايلى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگىنىدە، ئون نەچچە ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى تۇراتتى.

— يۈر قايتايلى، ئەمدى دەردىڭ چىققاندۇ؟

— دەرد دېگەن غەلىبىدىن كېيىن چىقىدۇ، — دېدى سىدىق كۆك كۆز.

ئۇلار قايتىپ بارغاندا، جەڭچىلەر ئۆي ئىچىدە ئوتتا كۆيۈپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئاچچىقىۋاتاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. بارات پالۋان جەسەت ئارىسىدىن تونۇش گەۋدىلەرنى ئىزدەيتتى. . . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق جەڭچى قۇربان بولدى.

قۇربان بولغانلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، يەرلىكتە قويۇلغاندىن كېيىن، جەڭچىلەر بىردەك ۋارقىراشتى.

— قىساس ئالىمىز!

— قىساس ئالىمىز!

— جانغا جان، قانغا قان ئالايلى!

بۇ سادالار تاغلارغا ئۇرۇلۇپ، ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بارات پالۋاننىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدى غەزەپتىن

چايقالدى. كۆزلىرىدىن بىرخىل نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى...

## 5

كەڭساي ئۇچىنچى ئاتلىق تۇەنى جىمنەي پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇرچىننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بۇرچىن ئەتراپىغا يېتىپ باردى. بۇرچىن يولغۇن، سۆكسۆكلەر بىلەن ئورالغان يار ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى قۇم دۆۋىسى، دۆڭلۈك ئىدى. ناھىيە ئېگىزلىككە جايلاشقان بولغاچقا، دۈشمەنلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئىدى.

جىمنەي پارتىزانلىرى ناھىيىنىڭ باش تەرىپى ۋە تۆۋەن تەرىپىدىن ئېرتىش دەرياسىغا ئات سېلىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن شەگەتەي قوۋۇقىدىن ئوت ئېچىپ دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ھۇجۇم ۋاقتىنى كۈتۈپ ياتاتتى.

مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى ئېرتىش دەرياسى بويىغا بېرىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. دەريا تىپتىنچ ھالەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىر تال يوپۇرماق چۈشسىمۇ ئاقىدىغاندەك ئەمەس. دەريادىكى كېمىلەرنى دۈشمەنلەر چىقىرىۋالغانىدى.

قاراڭغۇلۇق بارا - بارا زېمىنغا يېيىشىپ چۈشۈۋاتاتتى. جەڭچىلەر ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشىدىغاندەك جىددىي ھالەتتە ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە گەپمۇ قىلماي سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشاتتى. قوبۇقساردا بولغان ئون بىر كۈنلۈك دەھشەتلىك جەڭ ۋە ئۇرۇشتا قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ پاجىئەلىك ھالەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.



يۈرىكىدە قىساس ئوتلىرى يالقۇنجايتتى...

— باراتكا، — دېدى پوستتا تۇرۇۋاتقان سىدىق كۆك كۆز جىددىي ھالەتتە كېلىپ، — دەريادىن ئۆتۈپ بۇ تەرەپكە چىقىۋاتقان ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋالدۇق.

— قېنى ئۇلار؟ تېز باشلاپ كەل.

بەستلىك كەلگەن، مەڭزى قىزىل ئىككى قازاق كىشى قورقۇمسىراپ بارات پالۋاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىز سىلەرگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز. بىزگە پەقەت دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلار بولدى.

— سىلەر گومىنداڭنى يوقىتىدىغان بولساڭلار، بىز ھەممە ئىشنى قىلىشقا تەييار.

— دەريادىن قانداق ئۆتىمىز؟

— دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئوغرى يول، دەپ بىر يول بار، شۇ يەردىكى تاشلارنى، ياقلاپ ماڭساق، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىمالال چىقالايمىز.

— ياخشى، بۇنى مەن ھازىرلا باش شتابقا يەتكۈزەي.

قوماندانلىق شتابىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى - دە، دەرھال شۇ يول بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلىنىشنى بۇيرۇدى.

جەڭچىلەر دەريادىن سەپ بويىچە ئۆتۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئىككى قازاق كىشى يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. قالغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىشتى. شۇ ئارىدا بىر جەڭچى ئېھتىياتسىزلىقتىن تاشقا تېيىلىپ كېتىپ ئېقىپ كەتتى. قارا قوۋان ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، ئۇنى مىڭ تەسلىكتە دەريانىڭ قېتىغا ئېلىپ چىقتى. دەريانىڭ تېگى ناھايىتى تېز ئاقاتتى.

جەڭچىلەر دەريادىن ئۆتۈپ بولۇشىغا جىمنەي

پارتىزانلىرىغا قارىتىپ بەلگە ئوقى ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن پوتەيلىرىدىن ئوق يېغىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر قەلبىدە يالقۇنجاۋاتقان قىساس ئوتلىرىدىن غەيرەتكە كېلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بارات پالۋان قولىنى پۇلاڭلىتىپ ياڭراق ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

— هۇررا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! — ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇردىئاخۇن، ناسىراخۇن، قۇربان، قاسىم جودا. . . لار بىر - بىرلەپ گەۋدىلىنىپ، ئۇنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋېتىپ باراتتى.

قاراڭغۇ كېچە قوينىدا ئوقلارنىڭ ئاۋازى، گراناتلارنىڭ پارتلاشلىرى، يارىدار بولغان جەڭچىلەرنىڭ ۋايساش، ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ، شەھەرگە قاراپ ئاستا - ئاستا ئىچكىرىلەپ بارماقتا ئىدى.

سەھەر، ئۇپۇقتىن سىنتەبىرنىڭ ئۈچىنچى قۇياشى ئاستا - ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى دەرەخ شاخلىرىدىكى يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. دەرەخ شاخلىرىدىن ئۈزۈلگەن ياپراقلار ئانا تۇپراق قوينىغا تۆكۈلمەكتە ئىدى.

دۈشمەننىڭ ئېتىۋاتقان ئوقلىرى تۇيۇقسىز توختاپ بۇرچىن ئاسمىنىدا شەرمەندىلىكنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق بايراق ئۆز هالاكىتىنى بىلدۈرۈپ لەپىلدىدى. بۇ بىر كۈن داۋام قىلغان غەرب ۋە شەرقتىن تەڭ هۇجۇم قىلىنغان شىددەتلىك جەڭدە ئون يەتتە جەڭچى ئۆزىنىڭ قەهرىمانلىق شەجەرىسىنى تارىخ بېتىگە پۈتۈپ قويۇپ شەرەپ بىلەن ئازادلىق يولىدا قۇربان بولدى. دۈشمەننىڭ ئىككى مىڭ ئادىمى ئەسىرگە ئېلىندى.

بارات پالۋان پەرىشان هالدا ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى. جەڭ مەيدانلىرىدىن ئېغىر كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكلەر



هاۋاغا ئاستا ـ ئاستا تارقاۋاتاتتى. بۇ يەردىن بىر خىل غېرىبلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بارات پالۋان نېمىدىندۇر بىئارام بولاتتى، نېمىدىندۇر ئەنسىرەيتتى. ئۇ بالىلىرىنى، ئايالىنى سېغىندى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا شامالخاننىڭ ناخشىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. «يۇرتقا بارغاندا، شامالخان ئەمدى ناخشاڭنى ئېيت، تولۇق ئازاد بولدۇق. جاهان ئەمدى بىزنىڭ بولدى، دېسەم ئۇ قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر، ئۇ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغىنىدا، قارىداپ جۇدەپ كەتكەن يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس سۇس كۈلكە جىلۋە قىلدى. ئارقىدىنلا قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى ئەسلەپ، چىرايى تۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئوتلىرى كۆيدۈردى. «خەپ، سەنلەرنىڭمۇ كۈنۈڭ ئاز قالدى» دەپ پىچىرلىدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇ غەزەپ بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، ئاندىن ئاتنى بېقىنداپ بولۇشقا قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە تېپىرلاپ تۇرغان بىرخىل ئارمان ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. . . كۆز ئالدىدا مامان. . .

# ئون توققۇزىنچى باب
# نىدالىق ئارمانلار

*تىلەك - ئارزۇلارغا ئىنتىلىش بەكمۇ شېرىندۇر. لېكىن، شېرىنلىكنىڭ ئەتە ئاچچىق سورىقىمۇ بار...*

*— يۈسۈپ خاس ھاجىپ*

1

مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسمى سارسۇمبىگە ئون سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان داچمۇچۇققا يۈرۈش قىلىپ، سارسۇمبىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچراشتى - دە، بىرلىكتە سارسۇمبىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇلار ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى.

بۇ چاغلاردا شەھەردىكى گومىنداڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرخىل ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولۇۋاتاتتى. بەزى ئەمەلدارلار قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزى ھەربىي قوماندانلار بىرمۇ ئادەم قالمىغۇچە كۈرەش قىلىشنى تەكىتلەيتتى. گاۋ فامىلىلىك بىر ئەمەلدار بۇ ئىككى خىل پىكىرگە قارشى چىقىپ، شەھەرنى تاشلاپ، موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كېتىش پىكرىنى قويدى.



— بىز دۆلەت ئاتىسىغا ئۆز ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، بىرمۇ ئەسكەر قالمىغۇچە ئۇرۇش قىلىپ، ئاندىن ئۆزىمىزنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىشىمىز لازىم، — دېدى باش قوماندان چېچىلىپ سۆزلەپ.

— ياق، بىز موڭغۇلىيىگە قاچماي، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۈرۈمچىگە كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى ساقچى باشلىقى.

— بۇ پىكىرىڭلارغا مەن پۈتۈنلەي قارشى، بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭدىن كۆرە موڭغۇلىيىگە قاچقىنىمىز تۈزۈك. ئوغرىلار كۈنسېرى غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. يېڭىلمەس قورغان — نۇبۇقساردىكى ئەسكەرلىرىمىزمۇ ھالاك بولدى. بۇرچىنمۇ قولدىن كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يەنە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىزمۇ؟ — گاۋ فامىلىلىك ئاخىر ئۇلارنى قايىل قىلىپ، ئۈچ مىڭ ئادىمىنى باشلاپ، شەھەرنى تاشلاپ، شىمالغا يۈرۈش قىلدى.

ئالتىنچى سىنتەبىر ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن كەڭساي ئاتلىق تۈەنى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا شەھەرگە كىردى.

— بۇلار ھەقىقەتەن بىزدىن قورقۇپتۇ، — دېدى لېكىن ھەيرانلىق ئىچىدە، — ئۇلارنى توسۇپ زەربە بېرەيلى، ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن بىزنىڭ بىر بۆلەك ئادىمىمىز بارسۇن.

دەلىلقان باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى دەرھال ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە خۇش خەۋەر تارقالدى.

دەل مۇشۇ چاغلاردا جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى ئاقسۇ شەھىرىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسمى شىخو، مايتاغ،

قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، يەنىسەيگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىسھاقبەگ باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ جىڭ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى.

مۇشۇنداق زور غەلىبىلەر گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى - دە، ئۇلار مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش خىيالىغا كېلىپ قالدى ھەم بىر ھىيلىنىمۇ ئويلىشىپ قويدى. . .

## 2

ئالتاي تاغلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يالىڭاچلىنىۋاتقان ياۋا مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرى، مەزمۇت قارىغايلار ئېغىر خىياللارغا پېتىپ، يىراقلاردىن ياڭراۋاتقان ئارمانلىق سادالارنى ئاڭلاۋاتقاندەك مۇڭلۇق ھەم ھاياجانلىق سۈكۈتلەرگە غەرق بولغانىدى. نەلەردىندۇر ئۈمىد، ئىنچىكە تولغان ناخشا، ياڭراق كۈلكە سادالىرى، يەنە قەيەرلەردىندۇر ئېغىر «ئۇھ» تارتىشلار، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى ئوتلۇق نەپەسلەر زېمىندىن ھور كەبى كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئاچچىق كۈز شامىلى ئۆزىنىڭ پەرىشانلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ چىقىۋاتاتتى. بۇ يىل ئۇششۇك بالدۇر كىرىدىغاندەك قىلاتتى. پەسىل شۇملۇقىنى سېزىۋاتقان ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنى تۈزىشى زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، «كۈز، ئۆزۈڭنى تۈز» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! . . .

بارات پالۋان چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ، ئېگىز تاغلارغا قارىغىنىچە كەچمىشلىرىنى ئەسلەۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى تاغنىڭ ئاشۇ مەزمۇت ھالىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، تاغ ئۆز قەددى بىلەن زېمىننىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسە، بارات پالۋان ئۆز جىسمى، يېڭىلمەس



روھى بىلەن بۇ زېمىن كىشىلىرىنىڭ باتۇرانە روھىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. زېمىن ھەر ئىككىسىدىن پەخىرلەنگەندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، زېمىن ساخاۋەتلىك ئانا ئەمەسمۇ؟ كۈزنىڭ سوغۇق شامىللىرى بارات پالۋاننىڭ يۈز - كۆزلىرىنى يىرىك قوللىرى بىلەن سىلاپ ئۆتۈۋاتاتتى. تەنھا بىر ۋۇجۇد تاغقا مەستانىلەرچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇربان، ناسىراخۇنلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئازاب دولقۇنلىرىدا مۇھەممەت گاڭگوڭ، ياسىنجان، قاسىم جودا، تۇردىئاخۇن. . . لارنى ئەسلىدى. كۆزلىرى تورلىشىپ، كۆز ئالدىدا شامالخان غۇۋا پەيدا بولدى. . .

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاخىر ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى. بۇ خۇشاللىق يېشىمۇ ياكى ئازابنىڭ قالدۇق ياشلىرىمۇ، بۇنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ياش يەنىلا تۇزلۇق ئىدى. . . قان بوراپ تۇرغان جەڭگاھ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئىگىسىز ئاتلارنىڭ ھەريان چېپىشلىرى، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېتىۋاتقان جەڭچىلەر، ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئىڭراشلىرى، ئۆزلىرىنى يۆلەپ تۇرغان سەپداشلىرىنى ئالغا ئىنتىلىشكە بۇيرۇشلىرى. . . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي، يۈرىكىدە ئاچچىق ھەسرەت داغلىرىنى قالدۇردى. بىراق - يىراقلاردىن ياڭراۋاتقان ئارمانلىق سادالار قۇلىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆيىدە نېنى تۇرۇپ قورقۇپ يېيەلمەيۋاتقان بىچارە خەلقنىڭ گۈزەل ئارمانلارغا تولغان سادالىرى ئىدى. . .

بارات پالۋان خەلقنىڭ بەختىيار كۈنلىرىنى، شادلىققا تولغان كۆزلىرىنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۈرىكى بەختتىن نۇر ئەمگەندەك بولدى، بۇ شېرىن گۈزەل خىياللار ئۇنى ئارامسىزلاندۇردى. باللار ئازادلىق ئاتا قىلغان باھار قوينىدا ئەركىن يايرىشاتتى. جاپا - مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان ئانىلار

ئۇلارغا ئىللىق مېھرىنى ئاتا قىلاتتى. گۈزەل تەسەۋۋۇرلار بارات پالۋاننى يېنىك كۈلۈمسىرەشكە قىستىدى. ئۇ سۈسقىنا كۈلدى. كۈلكە ئۇنىڭ قارىدىغان، مەڭزلىرى پولتىيىپ چىققان چىرايىدا، قەھر - غەزەپ ئوتلىرى يانغان كۆزلىرىدە دەقىقە جىلۋە قىلدى - دە، يەنە غايىب بولدى. ئۇ: «ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن، مەن بۇ تەسەۋۋۇرنى رېئاللىقتا كۆرگەندە ئاندىن كۈلەي» دېگەننى ئويلاپ قالدى.

ئۇيۇق سۇزۇلۇپ، قۇياش جامالىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ نۇرانە جامالىنى ئېچىپ چىقىشىغا ھەممە كىشى تەشنا ئىدى.

بارات پالۋان ئېخمۇ يىراقلارغا نەزەر سالدى. قۇلىقىغا توختىماي ئارمانلىق سادالار ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. . .



# خاتىمە

*پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ياشىمىغان ئادەملا ياشىيالايدۇ.*

*— مېناندىر*

قۇياش قان رەڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىش ئالدىدىكى قىزغۇچ نۇرلارغا بۆلىنىپ ياتقان زېمىن ئېغىر ھەم مۇڭلۇق سۈكۈتلەرگە غەرق بولغاندەك قىلاتتى.

شەرق تەرەپتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئەنسىز تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ، بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋازلار شۈنچىلىك جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئەتراپقا سۈرلۈك ھالدا بىرخىل ئەنسىزچىلىك ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئائىلەڭنى، يۇرتنى سېغىنغانسەن بارات؟ — دېدى ئابلىز قارىي غەمكىن ھالدا.

— سېغىنمايدۇ دەمسەن؟ لېكىن، بەخت شۇلاردىن كېچىش، جەڭ قىلىش بەدىلىگە كېلىدۇ، — دېدى بارات پالۋان ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ قويۇپ. قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى «باھادىر» لىق مېدالى پارقىراپ تۇراتتى.

— قان تۆككەنگە لايىق غەلىبە قىلدۇق، ئەمدى ئەركىن ياشايمىز، ئاللا ھەممە ئادەمگە ئۆز ئەجرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى ئابلىز قارىي.

— ئۇرۇش رەھىمسىز، — دېدى بارات پالۋان، — ئۇ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى يەپ كەتتى. . .

— مۇشۇ ئىشلار، باسقان يوللىرىمىز، قۇربان بولغان

جەڭچىلەر ئۆنتۇلۇپ كەتمىسە بولاتتىغۇ؟ — دېدى ياسىن دوختۇر چوڭقۇر تىنىپ، — بىزنىڭ قىسمىدىكى باللار لېسكىننى تالڭ قالدۇرغان ئاجايىپ قەھرىمان باللار ئىدى. . .

— كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلارنى ئەسلەش ئازابلىق ھەم شېرىن. ئۇلارنى ئۇنتۇش خەلق، ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان بىلەن باراۋەر، — دېدى بارات پالۋان كۆزلىرىنى چەكسىز بوشلۇققا تىكىپ تۇرۇپ.

— ئۇلارنى ئەسلىسەملا كۆزلىرىمىزگە يىغا يامىشىدۇ. كۆڭلۈم بىئارام بولىدۇ. . .

— سىدىق كۆك كۆزلەر. . . ماناس دەرياسى بويىدا ياتامدىكىن؟

— بىتىم تۈزۈلمىگەن بولسا ئۇلارمۇ ياتمايتتى. . . بىزنىڭمۇ قىسمىدىن چېكىنىپ يېنىپ كەلگىنىمىز ياخشى بولدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم غەشلا تۇرىدۇ. . . — دېدى قارا قوۋۋان.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن يول ئاچىلىغا كېلىپ قالدى.

— مېنىڭ يۇرتىقا بارغۇم يوق، شۇڭا غۇلجا تەرەپنى ئايلىنىپ، غاپپار بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيمىكىن دەيمەن، — دېدى قارا قوۋۋان ئېتىنى توختىتىپ.

— نېمىشقا، ئائىلەڭنى سېغىنمىدىڭما؟ — ئەنسىز ھالدا سورىدى بارات پالۋان.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئائىلىنى، باللارنى، يۇرتنى سېغىندىم، غۇلجىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن قايتىمەن. . .

ئۇ قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا، بالا - چاقىلىرىغا نېمە دېيىشىنى، ئۇلارنىڭ چىرايىغا قانداق قاراشنى ھېچ بىلەلمەيۋاتاتتى.

— بوپتۇ، خەير ئەمىسە خۇداغا ئامانەت، بىز ئائىلەڭدىكىلەرگە سالام ئېيتىپ قويايلى.



قارا قوۋۋاننىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى - دە، ئاتنى قامچىلاپ، بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئات قويۇندەك چېپىپ كەتتى. بارات پالۋانلار يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۆزلىرىنى غېرىبسىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى ياسىن دوختۇر كۆڭلى يېرىم ھالدا.

— بىلمىدىم.

ئۇلار يۈرۈشنى يەنە داۋام قىلدى. بارات پالۋان: «شامالخان ئالدىمغا ناخشا ئېيتىپ چىقسا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار بەلكىم. . .» دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۇ قۇربان بولغان سەپداشلىرىنى ئەسلەپ، ۋۇجۇدىغا ئازاب ئوتلىرى تۇتاشقاندەك بولدى - دە، ئاتقا زەردە بىلەن قامچا سېلىپ، شەھەر تەرەپكە قارىتىپ قويۇۋەتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سېلىشتى.

بارات پالۋان شەھەر يولىغا كىرىپ ئۇيان - بۇيان قاراپ شامالخاننى ئۇچرىتالمىدى. «ئۇ بەلكىم بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن بىخەۋەر ھالدا، بىر ياقلارغا كېتىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى بارات پالۋان.

كوچىدا ئۇلارنى كۆرگەن بىرەيلەن قاتتىق ۋارقىرىدى.

— بارات پالۋانلار كەلدى!

ئۆي - ئۆيدىن قارشى ئالغىلى چىققان ئادەملەر بۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

— پالۋانلارنى قارشى ئالايلى!

— بىزلەرنى مۇشۇنداق بەختلىك كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەن پالۋانلارغا رەھمەت!

— ياشىسۇن باتۇر ئوغلانلار!

ئۇلار ئۆز ئوغلانلىرىنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. ھەجەرخان بۇلار ئارىسىدىن قۇرباننى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ

چولپان كەبى كۆزلىرى ئۈمىد نۇرلىرىغا تولغاندى.

كېيىن. . .

بارات پالۋان بۇ يۇرت خەلقىدىن شامالخان ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت ئاڭلىدى: زىڭغاقلىرى كىرىشكەن، ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ قورۇق باسقان، كىشىلەر بىلەن تۈزۈك پاراڭلاشمايدىغان غەلىتە ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان شامالخان كېيىنكى كۈنلەردە ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قېلىپ، دائىم ئېرىقلاردىن كۆچەپ سەكرەپ، ۋارقىراپ كۈلۈپ كېتىدىغان، گاھىدا شۈكلەپ مۆڭلىنىپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز غايىب بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنى جىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئۇ خىلۋەت بىر تاغلىق ماكاندا ياۋايى ھايۋان، قۇش، جانىۋارلار بىللە ياشاپ كۈن كەچۈرۈۋاتقۇدەك. گۈزەل بىر پەرىزات ئۇنى يامان جىنلاردىن قوغداپ يۈرۈۋاتقىدەك. . . ئۇ كېسەللى ساقايغان ھامان يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلگۈدەكمىش. . .

بارات پالۋان بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ ئاچچىق يۇتتى. كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئاللىقانداق خىياللارغا چۆكۈپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى ۋە مەيدىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان مېدالنى چىڭ سىقىمدىدى. . .

2003 - يىلى سىنتەبىر، بورتالا

# قانلىق ئىز

ئاپتورى: مۇھەممەتئىبلى ھېلىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئەنسار مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 12.75؛ قىستۇرما ۋارىقى: 6
2005 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 4000
ISBN7—228—09323—2
باھاسى: 21.00 يۈەن